# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

6

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى
تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىغى ... جۇدۇڭجياۋ ... 1

(خ. تومۇر تەرجىمىسى)

شىنجاڭ چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەمەل-

دىن قالدۇرۇلۇشى .................. لى گوچىڭ ... 129

(ئەبەيدۇللا باستى تەرجىمىسى)

يولداش دۇچۇڭيۇەنني ئەسلەيمىز ...... گاۋ چۇڭمىن ... 154

(ئادىل ئەخمەت تەرجىمىسى)

جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە

قارشى تۇرۇش ۋە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئۇتمۇشى

................................. چىڭ فىڭ ... 187

(ئەبەيدۇللا باستى تەرجىمىسى)

شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ سوھبىتى توغرىسىدا

................................ ۋۇئەيچىن ... 205

(خ. تومۇر تەرجىمىسى)

يولۋاسنىڭ قومۇل گارنىزون سىلىڭلىغىنى قولغا كەلتۇرۇش

جەرياني ..................... ليۇ يۇڭلىڭ ... 227

(رىسالەت تەرجىمىسى)

تارىخي پاكىتلار ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بىر نەزەر

........................ خېۋىر تومۇر ... 239

قورچاق ئاتلىق 5 - دىۋىزىيىنىڭ ھەققەتكە قايتىش جەر-
يانى توغرىسىدا ئازغىنە ئەسلىمە ... خەن يۈۋېن ... 256
(رىسالەت تەرجىمىسى)
شىنجاڭ ھەققەتكە ئوتتۇشتىن ئاۋالقى «شىنجاڭ گې-
زىتى» .............................. چىڭ چۈەنچۈ ... 266
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)
شىنجاڭ كان ئىشلىرىغا ئائىت ئىككى ئىش توغرىسىدا
ئەسلىمە ........................... پەن زوخۇەن ... 282
شىنجاڭدا قۇرۇلغان فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ جەريانى
..................................... پەن زوخۇەن ... 292

# شىڭشىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىقى

جۇدۇڭجياۋ يېزىپ قالدۇرغان ماقالا

**تەھرىردىن:** بۇ ماقالا جۇدۇڭجياۋ تەرىپىدىن يېزىلغان «شىنجاڭدىكى ئون يىل» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمى بولۇپ، 1947 - يىلى يازدا يېزىلىپ 1948 - يىلى قىشتا تاماملانغان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى نەشىر قىلىنغان بولسىمۇ، ئېلان قىلىنمىغان ئىدى. بىز بۇ ماقالىدا قىسمەن مۇھاكىمىلەرنى قىسقارتىپ ھەقىقى بايانلارنى قالدۇردۇق. ماقالىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشقا مۇۋاپىق بولمىغانلىرىدىن باشقا قىسىملىرى ئومۇمەن ئېيتقاندا ھەقىقى پاكىتلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن شىڭشىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇستەبىتلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ماقالىدىكى ماۋزۇلار تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتورنىڭ ئەسلى ئىسمى، جۇچۇنخۇي، شىڭشىسەي ھوكۇمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭغا كېلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە تەھرىر، ئالتاي گېزىت ئىدارىسىغا مۇدىر بولغان. كېيىن شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، تۈرمىدىن چىقىپ شىنجاڭ ساقچى باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغان

پۇرسەتتە، كۆپلىگەن ماتىرىياللارغا ئىگە بولۇپ، لەنجۇغا قايتـ
قاندىن كېيىن رەتلەپ يېزىشقا باشلىدى. «شىنجاڭدىكى ئون
يىل» سەرلەۋھىلىك ماقالا ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ماقالىلىـ
رىدىن بىرسى. كېيىنكى قىسمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا
دائىر ماتىرىياللار بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ جەھەتتىكى ماتىـ
رىياللارنى داۋاملىق نەشر قىلماقچىمىز.

# قالايمىقان يىللاردا

(مىنگونىڭ 22 -) 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى 12 - ئاپ-
رېل ئۆزگىرىشى، پۈرسەتپەرەست شىڭشىسەيگە پۈتۈن شىنجاڭ-
نىڭ ھوكۈمرانلىقىنى قولغا كىرگۈزىدىغان ئوبدان پۈرسەت
يارىتىپ بەردى.

شىڭشىسەي لياۋنىڭ ئۆلكىسى، كەييۈەن ناھىيىسىدە
دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئار-
مىيە ئالى مەكتىۋىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن
كېيىن، جياڭ جيېشى قىسىملىرىدا ھەربى مەسلىھەتچى (سەنمۇ)
ۋە ئۇرۇش قىلىش بولۇمىدە كىچىككىلىق خىزمەتلەردە بولدى.
بۇ ئىشلاردا ئانچە چوڭ ئىستىقبال يوق دەپ چېگرا رايونلارغا
بېرىپ چوڭراق ئىش قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن پەيتتە، يەنى
1930 - يىلى پىڭ شياۋشەن دىگەن كىشى نەنجىڭدىكى شىنجاڭ ۋەكىلى
لۇشياۋزۇغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن. شۇيىلى كۈزدە شىڭ شىسەي
سىبىرىيە يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلدى. جىن شۇرېن ئۇنى
مۇھىم ئىشلارغا قويمىغاچقا، ئۇ، شىنجاڭغا كەلگەن-
لىكىگە پۇشايمان قىلدى. 1931 - يىلى قۇمۇلدا ۋەقە چىقتى.
شىڭشىسەي شۇ پۈرسەتتە شىنجاڭ بويىچە كاتتا ھەربى باشلىق
بولۇپ قالدى. سەنمۇلۇقتىن سەنمۇجاڭ بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا
زۇڭ زىخۇي (باش قوماندان) بولۇپ ھەر قايسى جايلاردىكى

ئۇرۇشلاردا نەتىجە كۆرسىتىشكە باشلىدى. شىڭشىسەي قول ئاس-
تىدىكى ئەسكەرلەرگە كەڭ بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولدى.
"12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى" بولغاندا ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تۇرغان
شىڭشىسەي ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا دىققەت قىلدى.

"12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى" بولغاندا شىمالىي شىنجاڭدا
ئەمەلىي ھەربىي كۈچكە ئىگە سەردارلار: غۇلجىدىكى جاڭ
پېييۈەن، ئالتايدىكى ۋېي جىڭگو، سانجىدىكى چىڭ پىڭشيۇ، ئۈرۈم-
چى ئەتراپىدىكى شىڭشىسەي قاتارلىقلار ئىدى. "12 - ئاپرېل"
ئۆزگىرىشىنى قوزغىغانلار جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇس
ئەسكەرلىرىگە تايانغان ئىدى. شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ئەس-
كەرلەر ئۈرۈمچىدە مېھمان سۈپىتىدە تۇراتتى. ئۆزگىرىش قوز-
غىغانلار قورال - ياراق جەھەتتە ناچار بولغانلىقتىن، ئەمە-
لىي كۈچى بار قىسىملارنىڭ ھىمداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە
توغرا كەلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆزگىرىش قىلغان كېچىسى ئامان-
لىقنى قوغداش كومىتېتى نامىدىن جەنۇپ ۋە شىمالىي شىن-
جاڭدىكى قىسىملارغا تېلېگىرامما يوللاپ ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن
تاشقىرى، 13 - كۈنى چىڭ جۇڭ ۋە باپېڭگورتلار بېرىپ شىڭ
شىسەينى شەھەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. شىڭ شىسەي پۇر-
سەتنى قولدىن بەرمەي، ئالدى بىلەن باپېڭگورتنى قولغا كەل-
تۈرۈپ، 14 - كۈنى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ
ئۆلكىلىك پىرقىدە ئېچىلغان ئامانلىق قوغداش كومىتېتىنىڭ
يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا باپېڭگورت قاتارلىق ئاق ئورۇس
باشلىقلار: "شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇقىم ئەمەس، زۇڭ زىخۇي

شىڭشىسەي ھەربىي جەھەتتە بىر قانچە يىل باشقۇرسۇن، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ ۋاقىتلىق دۇبەنلىككە سايلايلى. قوزغىلاڭ كېچىسى قۇرۇلغان ھەربىي كومىتېت ئەمەلدىن قالسۇن» دەپ تەكلىپ بەردى. شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرى ئىچىدە خېلى باتۇر پىدائىلار بار بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتلىق ھەربىي كومىتېت باشلىقى جىڭ رۇكچىڭنىڭ سىياسىي قارا نىيىتى بولمىغانلىقتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بالدۇرراق قايتىپ كېتىشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا، ئورۇننى ئۆزلۈكىدىن شىڭشىسەيگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىپادىسىنى بىلدۈردى ھەمدە شىڭشىسەينى يۇرتداش ئىكەنمىز، بىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىپ كېتىشىمىزگە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز دېدى. ئامانلىق قوغداش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن مەسىلەن، چىڭ جۇڭ قاتارلىقلار مەزكۇر ئورۇنغا قىزىققان بولسىمۇ، ئەمما ئىناۋىتى شىڭ شىسەيچىلىك بولمىغاچقا ۋاقىتىنچە بېسىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ۋاقىتلىق دۇبەن بولدى. لىيۇۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق رەئىس (جۇشى) لىككە تەيىنلەندى. ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى نامىدىن مەركەزگە تېلېگراممىلار يوللاندى.

شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان كۈنى ماجۇڭيىڭنىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن كۈنگە توغرا كەلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسلى ئىسمى مابۇيىڭ، مابۇفاڭ بىلەن بىر نەۋرە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماجۇڭيىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا شوخ ۋە يۈرىكى چوڭ، شۇنىڭدەك سىياسىي كۆز قاراش ۋە ھەربىي

لاياقەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ تولىسى جۇڭگو گۇڭچەندانىڭ تەرەپتىن كېلىپ قالغان كىشىلەر ئىدى. قۇمۇلدىكى مىللىي قىرغىنچىلىقنى توساپ، يەرلىك ئەمەلدارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار قۇمۇلدىكى ۋاقتىدىلا، ئۇرۇمچىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ يەتتە قۇدۇق تەرەپكە جىددىي ئىلگىرىلىدى. يول بويى توسقۇنلۇققا ئانچە ئۇچرىماستىن چىتەيگە يېتىپ كەلدى. چىتەينى ساقلاۋاتقان لى خەيرۇ قىسىملىرىدا قورال - ياراق خىل بولۇپ، بىر باتالىيون ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. ئەمما ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ 2 - كۈنى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ جەڭدە ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجې ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تەرتىپ - ئىنتىزامغا رىئايە قىلدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسى تىنچ بولدى. جەمسار ناھىيىسىدىكى قىسىملارمۇ تەسلىم بولدى.

ماجۇڭيىڭنىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى ئۈلكە تەرەپ خەۋەر تاپمىغان ئىدى. ئۇلار موري ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، بۇ خەۋەر ئۇرۇمچىگە ئاڭلاندى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى چۈشەنگەن شىڭ شىسەي، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شەرقىي شىمال ئارمىيىسى، ئۈلكە قىسىملىرى ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بولۇپ 5 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چىتەي بىلەن موري ئارىلىقىدىكى سەنتەيگە كەلدى. چىتەينىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزى

ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. ئەسكەرلەرمۇ ئارقىمۇ-ئارقا چېكىنىدى، شۇ ۋاقىتتا ئالدىنقى سەپنىڭ غەلىبىسىنى مەركىزي شەھەرگە يېتىدىغان خەۋپكە سېلىشتۇرغاندا، ئانچە مۇھىم ھېساپلانمايتتى. شىڭ شىسەي ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جاۋگولياڭ (خۇيزۇ)، خۇسەيىن باي (تاتار)، مەنسۇر (ئۇيغۇر)، تۇڭباۋ (شىۋە)، ۋۇئەيجىن (خەنزۇ) قاتارلىقلارنى مىللەتلەر بىرلەشمىسى نامىدىن ۋەكىل قىلىپ ماجوڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چىتەيگە ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللەتلەر بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى ۋە شەرقىي شىمال ئارمىيىسى باشلىقلىرى نامىدىن ماجوڭيىڭغا خەت يېزىپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى، ئۇلكە تەرەپ ۋەكىل كەتكەنلىكىنى تېلېگىرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرغاندا، ماجوڭيىڭ قارشى ئالىمەن دەپ جاۋاپ قايتۇردى ھەمدە ۋەكىل تەيىنلەپ جىمسادا كۈتۈۋالماقچى بولدى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋەكىللەر چىتەيگە يېتىپ باردى. بۇ ۋەكىللەرنىڭ تېچلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىن باشقا قارار ماقۇللاش ھوقۇقى يوق ئىدى. ماجوڭيىڭ سىياسى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مابوچىڭنى ۋەكىل قىلىپ 7 - كۈنى ئۇلكە ۋەكىللىرىگە قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. 8 - كۈنى ئۇلار شىڭ شىسەي بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزدى. ماجوڭيىڭ، شىڭ شىسەي رەئىس بولسۇن، ماجوڭيىڭ دۇبەن بولسۇن دېگەن پىكىرنى تەشەببۇس قىلدى. شىڭ شىسەي ماجوڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا زۇڭ سىلىڭ (باش قوماندان) بولسۇن دېگەن شەرتنى قويدى.

ماجۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى. شىڭ شىسەي تەڭ باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسىدا ئارىلىق يىراق بولغاچقا مابوچىڭ چىتەيگە قايتىپ يولىيورۇق سوراپ ئاندىن سوھبەتلەشمەكچى بولۇپ 10 - چېسلا يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقاندا، مەركەزنىڭ ھال سوراش ئەلچىسى خۇاڭ مۇسۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. خۇاڭ، چىتەي ھاۋا بوشلۇغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئىلگىرىلەشتىن توساپ بۇيرۇق چۈشۈردى. خۇاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى ماجۇڭيىڭنىڭ سىياسى جەھەتتە قارار چىقىرىشىغا پايدىسىز ئىدى. شۇڭا ئۇ، قوشۇنلىرىنى فۇكاڭ تەرەپكە ماڭدۇردى، شىڭ شىسەي بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بۇ ھەم فۇكاڭغا ئەسكەر ماڭدۇردى، 6 - ئاينىڭ 14-كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى زىمىچۇەنزىدە ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىلدى. دەسلەپتە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈستۈن كېلىپ كېچىسى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگاھىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بىراق يامغۇر يېغىپ فاتتىق جۇدۇن بولغانلىقتىن يالاڭ كىيىنگەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، قوشۇنلار ئارا ئالاقە ئۈزۈلدى. بۇ پەيتتە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ جىمىسارنى قايتۇرۇۋالدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇرپانغا چېكىندى، ئۆلكە ئەسكەرلىرى چىتەي ناھىيىسىنىمۇ ئىشغال قىلدى.

12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى

ئىنتايىن مۇرەككەپلەشتى: (1) سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغۇچىلاردىن چىڭ جۇڭ، لى تيەنشاۋلار، شىڭ شىسەيدىن ئەسكەر تارتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئالدىنقىسى ئۆزىنى مەزكۇر باتالىيونىنىڭ سەنجاڭى دەپ ھېساپلىسا، كېيىنكىسى ئۆزىنى ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دەپ ھېساپلايتتى. تاۋمىڭيۈي گەرچە قەلەم ئەھلى بولسىمۇ، ئەمەلىي ھوقۇق تۇتۇشنى ئويلايتتى، نەتىجىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى بولالىدى. بۇ ئۈچ كىشى ئومۇمەن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ جۇڭ موسكۋاغا كەتتى. تاۋمىڭيۈي نەنجىڭگە باردى. بۇ ئىككى كىشى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىمىز دەپ داۋراڭ سالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەركەزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن لىيۇ ۋېنلۇڭنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، دېمەك بۇلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەركەت قىلىشقا كەلگەن ئىدى. خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ قايتىپ كېلىپ خۇاڭنى ئوراۋېلىشتى؛ (2) سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن تارباغاتاي ئارقىلىق كەلگەن شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ تەركىۋىدە مۇنتىزىم ئەسكەرلەر، پىدائىي قوشۇنلار بولۇپ، فەنخاۋسى مۇرەككەپ، ئادەملىرى تەكشى ئەمەس، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بولغانلىقتىن، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش قىيىن ئىدى؛ (3) يەرلىك كىشىلەرنىڭ گۇرۇھى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ جىن شۇرېن دەۋرىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى

ئۇنىڭغا ئىلمۇۋالغانلىقىغا تەن بەرمەي، شىڭ شىسەي مەغلۇپ بولىدۇ،
دەپ بىر مەۋقەگە كەلگەن ئىدى. شۇڭا بىرقانچىسى ئىلىدىكى
جاڭ پېيۈەن بىلەن بىر نەپەستە بولدى، بەزىلىرى خۇاڭ مۇ-
سۇڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىشتى؛ (4) ئاق ئورۇسلار
بالدۇرراق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئۆزگى-
رىشكە قاتناشقان ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار چەتئەل كۈچ-
لىرى بىلەن بىرلىشىپ سوۋېتكە قارشى ئارقا سەپ تەشكىل
قىلىشقا ئۇرۇناتتى. دېمەك ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن
ئىدى؛ (5) جىن شۇرېن دەۋرىدىكى سىياسىي مەيدان ئىنتايىن
چىرىكلەشكەن ئىدى. شۇڭا سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىر
قىسىم باشلىقلارنى يوتكەپ تاشلىدى. مەمۇرىيەت جەھەتتە بىر
مەزگىل ئۆز ئىزىغا چۈشەلمىدى. 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي ۋالىيسى
ۋېي جىڭگو خىزمىتىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىپ پۈتۈن
ۋىلايەتنىڭ قالايمىقان بولۇشىغا سەۋەپ بولدى. 6 - ئايدا ما-
جۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ماخىيىڭ ئالتايدىن چۆچەككە ھۇجۇم
قىلدى. دېمەك شىمالىي شىنجاڭمۇ خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوخ-
شاشلا 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى يېڭى قۇرۇلغان ھا-
كىمىيەتتىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

زىمچۈەنزىدىكى بىر ئۇرۇشتا شىڭ شىسەينىڭ ئاب-
رويى تىكلەندى. ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ تەنتەنە ساداسى بىلەن
6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ 26 - كۈنى
دۇخۇا يۈەندە ۋاقىتلىق جىددى يىغىن چاقىردى. بۇ يىغىندا
چېڭ جۇڭ، تاۋمىڭيۈي، لى شياۋتەنلەرنى قولغا ئېلىپ ھويلا ئى-

چىدىلا ئېتىپ تاشلاپ ئاندىن ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى ئېلان قىلـ
دى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزى خىزمەتتىن ئىستىپا بېـ
رىپ، ئەسكەر تارتىپ چوچەككە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
بۇخىل قورقۇنۇچلۇق شارائىتتا قانداق قىلىشنى بىلمىگەن
ليۇۋېنلۇڭمۇ جۇشىلىقتىن ئىستىپا بەرمەكچى بولدى. يىغىنغا
قاتناشقۇچىلار ئۇلارغا يېلىنىدى ھەمدە خۇاڭ مۇسۇڭدىن مەر-
كەزگە دەرھال تېلېگىراممىا يوللاپ دۇبەنلىك تۇزۇمنى ئۆزگەرت-
مەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى خۇاڭ مۇسۇڭ كېلىپ دۇبەنلىك
تۇزۇمنى ھەربى ھەيئەت تۇزۇمىگە ئۆزگەرتكەن ئىدى. بۇ ئىشقا
شىڭ شىسەي نارازى ئىدى. دۇبەنلىك تۇزۇم قايتا ئەسلىگە كەلـ
تۇرۇلگەندىن كېيىن، شىڭ، ليۇلار ئوز خىزمىتىگە چۇشۇپ،
چىڭ، لى، تاۋ قاتارلىق 3 كىشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھـ
ۋالىنى مەركەزگە مەلۇم قىلدى ھەمدە مەركەزدىن چېڭ لىفۇ،
پېڭ شياۋشەن، ليۇگۇاڭ، جاڭ فىڭجۇ قاتارلىق 4 كىشىدىن
بىرسى كېلىپ تەكشۇرۇش يۇرگۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.

ياڭ، جىن دەۋرلىرىدە، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ئولكىـ
لىرىدە مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىشى داۋامىدا
تاكى 1929 - يىلى پۇتۇن مەملىكەت بىرلىككە كەلگەنلىكىنى
ئېلان قىلغانغا قەدەر مەركەزنىڭ ئەمىلىي كۇچى شىنجاڭغا يېـ
تىپ كەلمىگەن ئىدى. 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى ياخشى پۇرسەت
بولدى دەپ چۇشەنگەن مەركەز، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنـ
جاڭنى قولغا كىرگۇزۇش ئۇچۇن ھال سوراش ئەلچىسى نامى
بىلەن خۇاڭ مۇسۇڭنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. خۇاڭ ئۇرۇمچىگە

كەلگەن ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى دەل ئۇرۇشۇۋاتقان پەيت بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇيرۇغى ۋە نەسىھەتلىرى كارغا كەلمىدى. ئۇرۇمچىدە هال سوراش مەھكىمىسى قۇرغان خۇاڭ مۇسۇڭ، سىياسى جەھەتتە پىلان تۈزۈپ يەرلىك مەمۇرى، ھەربى كىشىلەر بىلەن كورۇشتى، جاڭ پېيۈەن بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. 6 كىشىلىك ۋەكىل ئۇيۇشتۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى. خۇاڭنىڭ بۇ ئىشلىرى شىڭ شىسەيگە قارىتا قورقۇنچ سېلىش ئىدى. شىڭ شىسەي شىنجاڭغا مەركەز- نىڭ تەسىرى كىرىشىنى خالىمايتتى، خۇاڭ مۇسۇڭ يەنە دۆبەنلىك تۈزۈمىنى ھەربى ھەيئەت تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش ۋە شىنجاڭنى قانداق كونتۇرۇل قىلىش توغرىسىدا مەخپى تېلىگىراممىلار ئەۋەت- تى، بۇ ئەھۋاللارنى شىڭ شىسەي بىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلاش چارىسىنى كورۇپ، زىمىچۇەنزىدىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەيۋىسى بىلەن كېلىپ ئۈچ كىشىگە ئولۇم جازاسى بەردى. بۇ خۇاڭ مۇسۇڭغا بېرىلگەن سىگنال، شۇنداقلا ئىككىلىنىپ تۇرغانلارغا بېرىل- گەن بىشارەت ئىدى. خۇاڭ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالماي 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1933 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغا قەدەر شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ شەكلەن تىنچلىق سوھبىتى يۈرگۈزۈپ ئەمەلىيەت- تە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن ھەممە مىللەت ھوقوقتا باراۋەر، دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكى قاتارلىق شوئارلارنى جار سېلىپ ئۇرۇمچى-

دىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنى ئۆزىگە تارتتى ۋە بۇ كىشىلەر ئارقىلىق نەنسەندە تۇرۇۋالغان ماشىمىڭ قىسىملىرىنى پارچىلاپ، ئىچكى جەھەتتە ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇش-تالاش قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى. مەسىلەن، مادىشيانىڭ ماچۇەنلونى زەخمىلەندۈرۈپ يېڭى ھوكۇمەت تەرەپكە ئۆتكەنلىگى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجانى-ياز ھاجىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. نەتىجىدە خوجا-نىياز ھاجى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ يېڭى ھوكۇمەت (شىڭ شىسەي ھوكۇمىتى) بىلەن بىرلەشتى. ماجۇڭيىڭ زىمچۇەن-زىدە يېڭىلگەندىن كېيىن خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى ئارقايولىنى توساپ قويامدىكىن دەيدىغان ئەندىشە بىلەن چىتەيىنى تاشلاپ تۇرپانغا قاچتى، تۇرپان، پىچان، توخسۇن 3 ناھىيىنى ئىگەللەپ ئەسكەر تەربىيىلىدى ۋە ماددى ئەشيا تەييارلىدى ھەمدە غۇل-جىدىكى جاڭ پېيۋەن بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قى-لىش توغرىسىدا توختام قىلىشتى. 8 - ئايدا ماجۇڭيىڭ ئۇ-رۇمچىگە ئۈچ نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىپ يەنە تېچلىق سوھبىتى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. شىڭ شىسەي ۋۇجاۋشۇن، لەنيەنتاۋ (خۇيزۇ) لارنى ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ۋەكىللەرگە قوشۇپ، تۇر-پانغا ئەۋەتىپ، ماجۇڭيىڭ ئالدى بىلەن قومۇل، باركۆل تەرەپكە چېكىنىشىنى تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ تەكلىپكە ماقۇل كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاشلىق تەمىناتلىرىنى ئۆلكە تەرەپ تەمىنلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى ليۇبىڭنى قومۇلغا ئەۋەتىپ ماجۇڭ-

يىنىڭ تەرەپىنىڭ ۋەكىلى جياڭ ياشاۋ، ياۋ جىۋپىڭلارنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ سوھبەت ئۆتكۈزدى. شىڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن 10 ماددىلىق تېچلىق توختامى يېزىپ ماجۇڭيىڭنى شەرقىي يولىنىڭ گارنىزون زۇڭسىلىڭى نامى بىلەن قۇمۇل، بارىكول، پىچان ناھىيىلىرىنى مۇداپىئە قىلىدۇ دەپ كۆرسەتتى، جياڭ ياشاۋ بۇ ماددىلارنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتىپ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ماجۇڭيىڭدا باشقىچە پىكىر يوقلۇغىنى ئېيتتى، شىڭ شىسەي ئۆلكە تەرەپتىن ۋۇجاۋشۇننى تۇرپانغا، لىيەنشۇنى پىچانغا شەنجاڭ قىلىپ ئەۋەتتى، بۇ ۋاقىتتا خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە مېڭىپ قاراشەھەردىكى ماشىمىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، كۇچار تەرەپكە كەتتى، بۇ ئەھۋالغا قاراپ ماجۇڭيىڭ قۇمۇلغا بېرىشتىن ياتىيىپ تۇرپاندا تۇرۇۋەردى. دەل بۇچاغدا لوۋېنگەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدى.

لوۋېنگەن 2 - سىنتەبىردە ئۈرۈمچىگە كېلىپ 7 - سىنتەبىردە شىڭ شىسەي، ليۇۋېنلۇڭ ئىككىسىنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 9 - سىنتەبىر كۈنى ئۇ، ليۇبىڭ، شىڭشىچېلەرنى ئېلىپ ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى جياڭ ياشاۋ بىلەن بىرلىكتە تۇرپانغا كەلدى. مېڭىش ۋاقتىدا شىڭ شىسەي لوۋېنگەنگە ماجۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. لوۋېنگەن تۇرپاندا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ 12 - سىنتەبىر كۈنى قايتىپ كەلدى. ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشنى خالىمىدى. ئۆلكە تەرەپ ئاشلىق ۋە مائاش بىلەن تەمىنلىسۇن، ئۇنداق

بولمىسا ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دېدى. 15 - سېنتەبىردە شىڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلىنى قاماپ قويدى. 17 - كۈنى لوۋېنگەن چۆچەككە باردى. ئۇ يەردىكى ھەربىلەر شىڭ شىسەينىڭ كونتروللۇقىدا بولغانلىقتىن لوۋېنگەن ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمىدى. ئاندىن غۇلجىغا كېلىپ جاڭپېيۈەننىڭ 5 - دىۋىزىيە سىجاڭى بولغان مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق نەنجىڭگە كەتتى.

لوۋېنگەن شىنجاڭغا كېلىپ خۇاڭ مۇسۇڭدىن كۆپرەك رول ئوينىدى. ئۇ، گەرچە ھەرتەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئىشلەپ كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمىدى. چۈنكى ئۇ، شىنجاڭنىڭ 20 نەچچە يىللىق تارىخىدىن، كىمكى شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالسا مەركەز بىلەن ئاتاقتىلا مۇناسىۋەت باغلاپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزئالدىغا بولۇۋالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشۈنەتتى، شىڭ شىسەي ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەچكە ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلىنى قاماققا ئېلىپ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىنى تونۇتۇپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لوۋېنگەن ئۈرۈمچىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن يەنىلا كۆڭلى ئۇنىماي ئىلىغا بېرىپ سىياسى بىردىكلىك ئويۇنىنى ئويناپ كۆردى. ئۇنىڭ بۇ ئويۇنى شىڭ شىسەينى چەتئەلنىڭ ياردىمىنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئىككى تەرەپ بولۇپ

شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىشتا بىر مۇنچە ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىر بىرسىنى بويسۇندۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ چەتنىڭ ياردىمىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى، ماجۇڭيىڭ چەتئەينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، خوجىداشەن ئىسىملىك بىر ئادىمىنى ئالتايغا ئەۋەتىپ ئۇيەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئالاقە باغلىدى. بىراق زىمىچۈەن- زىدە مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن نەتىجە چىقمىدى، شىڭشىسەي ماجۇڭيىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئالدىرايت- تى. بۇرۇن تاشكەنتتە باش كونسۇل بولغان چېن دېلى ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ بىر يەرگە كېلىشىۋالدى. 1933 - يىلى 9 - ئايدا شىڭشىسەي داۋانچىڭدا ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆز ئىچىنى رەتلەپ تازىلاشقا باشلىدى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن جىڭ رۇكچىڭ باشلىق 20 نەچچە كىشىنى قول- غا ئالدى، ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى نەزەربەنت قىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا جاڭ پېيۈەننىڭ ئالدىنقى قىسمى ياڭ جىڭجۇڭ ئەسكەرلىرى شەرققە يۈرۈش قىلىپ شىخوغا يېتىپ كەلدى ۋە ماناسقا خەۋپ سالدى. بۇ چاغدا قورغاس چېگ- رىسىدىن زور ئۈركۈمدە رۇس ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرىپ ئىلىنى ئىشغال قىلدى. جاڭ پېيۈەن بۇ ئەھۋالدا نەگە بېرىشى- نى بىلەلمەي بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى. ياڭ جىڭجۇڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىلى

تەرەپكە قايتىپ ئىلىنى ئوز ئالدىغا سوراپ شىڭشىسەيگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئوتمەي رۇس ئەسكەرلىرى يەنە بېسىپ كىردى، ياڭجىڭجۇڭ مۇزات ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ ئوتوپ ماجوڭيىڭ بىلەن بىرلەشۋالدى.

1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ماجوڭيىڭ قىسىملىرى ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىپ 3 كۈن ئىچىدە كونا ئايرۇدۇرۇم بىلەن رادىيو ئىستانسىسىنى بېسىۋېلىپ ئۇرۇمچى شەھرىنى قامال قىلدى. شىڭشىسەيگە چەتتىن كېلىدىغان ياردەم يوق دەپ ئويلىغان ماجوڭيىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زايا قىلماي قامالدا قالغان شەھەرنىڭ تەسلىم بولۇشىنى كۈتتى، ئەسىر ئالغان ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇرۇمچى شەھرىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تاشلىدى، ئۇرۇمچى شەھرى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئىچىدە بىر ئايدىن ئارتۇق جان تالاشتى. 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا زور تۇركۇمدىكى رۇس ئەسكەرلىرى ئون نەچچە ئايروپىلان ۋە تومۇر كوككا (برونېۋىك) لار بىلەن ماسلىشىپ تارباغاتاي ئارقىلىق كېلىپ تۇدۇڭخابادا ماجوڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇشتى، تۇنجى ئۇرۇشتا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بىر پولكى تەلپاتقا ئۇچرىدى. كېيىن ئۇلار تومۇر كوككا ۋە ئايروپىلان ياردىمى بىلەن قايتا ئۇرۇش باشلىدى، ماجوڭيىڭ قىسىملىرى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى داۋانچىڭغا چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

1934 - يىلى 3 - ئايدا شىڭ شىسەي قوغلاپ زەربە بېرىش قىسىملىرىنى تەشكىللەپ داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قوغلاپ ماڭدى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ھىچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن قاراشەردىن قەشقەرگىچە چېكىندى. ماجۇڭيىڭنىڭ چېكىنىشى شىڭ شىسەي ئۈچۈن ئورۇن بوشۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتتى، چۈنكى ئۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بار ئىدى. ماجۇڭيىڭ چېكىنىش يولىدا ئۇلارنى بىر بىرلەپ يوقىتىپ شىڭ شىسەي ئۈچۈن بولىدىغان سىياسى، ھەربى جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارنى تازىلاپ بەردى.

1934 - يىلى 4 - ئايدا ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەرنى تايانچ قىلغان ھالدا شىڭ شىسەي بىلەن يەنە ئېلىشماقچى بولدى ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيىگە قارشى ھەركەت قوزغىدى. يەرلىك مىللەتلەر ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىشنى رەت قىلىپ يەركەن، يېڭىسار تەرەپتىن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ئولكە تەرەپنىڭ قوغلىغۇچى قىسىملىرى مارالۋېشى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، ماجۇڭيىڭ ئەھۋالنىڭ جىددىلىكىنى چۈشىنىپ، قالدۇق قىسىملىرىنى ماخۇسەنگە تاپشۇرۇپ 36 - دىۋىزىيە نامى بىلەن خوتەنگە ماڭدۇردى. گوما ناھىيىسىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ خوتەننى مۇداپىئە قىلىشنى تاپشۇردى.

ئۇزى بولسا بىر قىسىم يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي ۋە ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىر باسقۇچ ئاخىرلاشتى.

شىمالىي شىنجاڭ تەرەپتە، ياڭجىڭجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتكەندىن كېيىن شىڭشىسەي ليۇبىڭنى ئەۋەتىپ ئىلىنى ئوتكۇزۇۋالدى. ئۇ يەردىكى ھەرقايسى ئىدارىلار ئۆز ئەس- لىگە كەلدى. ئالتاي تەرەپتە 1934 - يىلى قىشتا ئۇلكە تەرەپ شەرىپخاننى ئالتاي گارنىزون سىلىڭى قوشۇمچە ئالتاي ۋالى- لىقىغا تەيىنلىدى. شۇ يىلى كۈزدە، ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ مالىكوۋ (سوۋېت گىراژدانى) نى ئالتايغا ئەۋەتتى. زويە نىسىڭ قاتارلىقلار ئالتايغا بېرىپ موڭغۇل - قازاق ئەسكەرلىرىنى ئۆز- گەرتىپ چېگرا مۇداپىئە ئەترىدى قۇردى. شەرقىي شىنجاڭ تە- رەپتە قۇمۇل ۋەقەسىنى قوزغىغۇچىلاردىن يولۋاس ئۆز ئەسكەر- لىرى بىلەن 1934 - يىلى يېڭى ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلى- قىنى ئۇقتۇرۇپ تىلېگىرام يوللىدى. شۇ يىلى يازدا خۇددى ئالتايغا ئەۋەتكەندەك سوۋېتلىك ھەربىي مەسلىھەتچى بىلەن لويىفۇنى ئەۋەتىپ ئەسكەرلەرنى ئوزگەرتىپ تەشكىللىمەكچى بولدى. شۇنىڭدەك شەرقىي شىمال قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن شۇي يۇشىڭنى قۇمۇل، بارىكول گارنىزونىنىڭ سىلىڭى قىلىپ ئەۋەتتى، يولۋاس قۇمۇلنى قولدىن بەرگىسى كەلمەي سوۋېتلىك مۇشاۋىرنى قاماققا ئالدى؛ نوغۇچى (سەنباۋ) ئەتراپىغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ شۇي يۇشىڭ قىسىملىرىنى توستى، شىڭشىسەي

ئىشىنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ۋە سوۋېتلىك مۇشاۋىردىن ئەنسىرەپ يولۋاسنى قومۇل گارنىزون سىلىڭلىغىغا، لىيۇيىڭلىنىنى قومۇل ۋالىيلىغىغا بەلگىلەپ، شۇي يۇشىڭنى چىتەيگە قايتۇردى. يولۋاس سوۋېتلىك مۇشاۋىرنى قويۇپ بەردى. گەرچە ئۇزى سىلىڭ بولغان ھالەتتىمۇ خاتىرجەم بولالماي گومىنداڭ مەركىزى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى.

## تېچلىقنىڭ باشلىنىشى

شىڭ شىسەي، 1934 - يىلى 6 - ئايدا ماجۇڭيىڭنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە خوتەندىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلدى، شۇڭا 1 - ئاۋغۇست كۈننى شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى.

ئۇ، ۋەزىيەتنى تېخىمۇ تۇراقلاندۇرۇپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن خوجانىياز ھاجىنى مەركەزگە مەلۇم قىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەستىقلاتتى. شىڭ شىسەي دۇبەنلىك نامى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى قىلىپ قەشقەردە تۇرغۇزدى، يۇنۇس بەگنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە دىخانچىلىق - كانچىلىق نازارىتىگە نازىر قىلدى. خوجانىياز ھاجىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئابدۇراخماننى مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر قىلدى. مەخسۇتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا،

نىيازنى ئاقسۇ ۋالى (نىيازدوتەي) لىقىغا، ئاق موللىنى ئولكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدەك تورغۇت جەنۇبىي ئايماقنىڭ باشلىقى، مانچوكجاپنى ئولكىلىك ھوكۇمەت ئەزالىقىغا، قازاق زىيالىلىرىدىن بايەننى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، شەرىپخاننى ھوكۇمەت ئەزاسى ۋە ئالتاي ۋالىلىقىغا، تاتار زىيالىلىرىدىن بۇرھان شەھىدىنى تۇسەن گوڭسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەنجاڭلارنىڭ ئومۇمەن مىللىي توپىلاڭ مەزگىلىدە چىڭ تۇرغانلارغا يەنىلا خىزمەت بەردى. ئۇلارنى ئانچە يوتكەپ تاشلىمىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىناۋىتى ۋە تەسىرى بولغانلارنى ھوكۇمەت ئورگانلىرىغا جەلپ قىلىپ ئۇزىگە يارىشا خىزمەت بەردى.

شىڭ شىسەي يەنە مىللەتلەرنىڭ مەدىنى - مائارىپىنى ئوستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قازاق - قىرغىز مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، موڭغۇل مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شىۋە، سولون، مانجۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇردى. تەسىرى بار مىللىي زاتلارنى ۋە دىنىي ئەرباپلارنى ئۇيۇشمىلارغا رەئىس قىلدى. جايلاردا شوبە ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇپ ھوكۇمەتتىن بىر قىسىم خىراجەت ئاجراتتى. 1935 - يىلدىن باشلاپ ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل سىنىپلىرى قۇردى ھەمدە تەرجىمان ھەيئىتى تەسىس قىلىپ ھەرمىللەت تىلىغا دەرس-

لىكلەرنى تەرجىمە قىلدۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئوتتۇرا ئا-
سىيادىن ئۇيغۇرتىلىدا نەشر قىلىنغان تەبىئىي پەن دەرس-
لىكلىرىنى ۋە باشقا ئوقۇتۇش ئەسۋاپلىرىنى سېتىۋالدى.
1936 - يىلى ئىلى، ئارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە
مائارىپ ئىدارىلىرى قۇرۇپ، مائارىپقا بىۋاستە رەھبەرلىك
قىلدى. شۇنىڭدەك ناھىيەلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېچىپ
ھەرقايسى مىللەت بالىلىرىغا ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.
ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە يەنە ئاددىي ۋە باشلانغۇچ دارىلمۇ-
ئەللىمىن مەكتەپلىرىنى ئاچتى، يەنە تەتىل ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى
تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىپ ھەرمىللەت مائارىپىنىڭ تەرەق-
قىيات ئېھتىياجىنى تەمىنلىدى. 1935 - يىلى قىشتا ئۈرۈمچى،
ئىلى، چۆچەك، قەشقەردە ئۇيغۇرچە گېزىت نەشرقىلىندى. ئالتاي-
دا قازاقچە گېزىت چىقتى، بۇ گېزىتلەر مىخ مەتبەدە بېسىلغان
ئىدى.

شىڭشىسەي كورۇنۇشتە 14 مىللەت باراۋەر دېمىسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە مىللىي بولگۇنچىلىك قىلاتتى. شىنجاڭ مىللەتلىرىنى:
ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، تارانچى، تاتار،
تاجىك، مانجۇ، شىۋە، سولۇن، رۇس، ئۆزبېكتىن ئىبارەت
14 مىللەتكە ئايرىپ ھەرقايسى مىللەتنى ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن
كۈرەش قىلىدىغان مەدىنىيەت، ئىقتىسات جەھەتتە ئارقىدا
قالغان رايوندا تارمىللەتچىلىك چۈشەنچىسىنى ئۇلغايتىپ، ئۇلارنى
ئۆز ئارا چېقىشالمايدىغان، بىر بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، ئۆز
ئارا ئىتتىپاقلىشالمايدىغان قىلىۋەتتى.

شىڭ شىسەي ئۆزھاكىمىيەتىنى ئىشپىيونلار ئارقىلىق مۇستەھـ
كـەملىدى. 1934 - يىلى 3 - ئايدا دۇبەن مەھكىمىسىدە مەخپى
تـەكشۈرۈش ئـەتردى قـۇرۇپ ھـەربى مەكـتەپتىن 1 - قارار
ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاڭ يۈيشۈنى دۇيجاڭلىققا تەيىنلىدى. شۇيىلى
10 - ئـايدا ئـولكە بـويىچە سـىياسى تـەكـشۈرۈش مەھكىمىسى
قۇرۇپ، شىڭ شىسەي ئوزى جۇيجاڭ بولدى. بوگونىن (سوۋېتلىك)
ئورۇنباسار جـۇيـجاڭ بولدى. سىڭ يـۇفۇ (يەنەبىر ئىسمى ۋاڭ
لىشيـاڭ تاشقى موڭغۇلىيىدە باشتىن - ئـايـاق ئـىشپىيونلۇق
خىزمىتى ئىشلىگەن) باش كاتىپ بولدى. بۇئىدارىنىڭ تەشكىلـ
دە، تـەكـشـۈرۈش، سـوراق قـىـلـىـش، خـارجـى ئـىـشـلار،
سـىـيـاسـى ئـىـشـلار بـولـۇمـلـىـرى بـار ئـىـدى.
بـۇ ئىدارىنىڭ نـامى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئوڭاي قـوزغـاپ
قويغانلىقى ئۈچۈن 1935 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئـولكىلـىك
ئـامـانلىق قوغداش ئىدارىسى دەپ ئـوزگـەرتـتى. بوگونىنى
كەتكۈزۈۋېتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئـاتـقۇ
چىلار مەكتىۋىدە ئـوقـۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭغا سۈر
گۈن قىلىنغان جاڭ بىۋۇنى مۇئاۋىن جۇيجاڭلىققا بەلگىلىدى. ئىچكى
تەشكىلى ئـاۋالقىدەك تـۇرۇۋەردى. ئامانلىق قوغداش ئىدارىـ
سى سـوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلغان ياكـى جۇڭگو
گۇڭچەنداڭى پارتىيىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ھـەرقـايـسى
جايلاردا ئېقىپ يۈرگەن نۇرغۇن ياشلارنى ئـوز قـويىنىغا ئالدى.
ۋ ئىدارىدىكى نوۋەن دەرىجىلىك خـىزمـەتچىلـەرمۇ ژاندارمـا
ەكتىۋىدىن تاللىۋالغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. بۇ ئىدارىدا يەنـە

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن، قادىرھاجى، ياسىن دىگەنلەر، يەرلىكتىن تاللىۋېلىنغانلاردىن ئاباۋ قاتارلىقلار بار ئىدى. 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە لىيۇشەنچىڭنى ئورۇنباسار باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى.

ئامانلىق قوغداش ئىدارىسىنىڭ تەشكىلى چىڭ ھەم مەخپى ئىدى. كادىرلىرى ئىشلارنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلاتتى. شىنجاڭدا بولغان نەچچە قېتىملىق چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ھەربى ۋە مەمۇرى ساھەدىكى كادىرلارنىڭ تولىسى تۇۋەندىن ئۆسۈپ چىققانلار بولۇپ، ئوڭايلىقچە باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇغىنى قوزغىمايتتى. بۇ ئىدارە كەڭ كۆلەمدە ئىشپىيون ۋە قۇلاقلار (ئىشپىيونلار ئۈچۈن تىڭ - تىڭلاش خىز- مىتىنى قىلىدىغان غالچىلار)دىن پايدىلىنىپ ھەرساھە خەلق- لىرىنىڭ سوز - ھەركەتلىرىنى تەكشۈردى. 1934 - يىلى قىشتىن ئېتىۋارەن قاتمۇ - قات تۇرمە بىنالىرىنى ياساتتى. كوچا - دوخ- مۇشلار ئىشپىيون - قۇلاقلار بىلەن تولدى. بۇ ئىدارە ھەر جەھەتتىن ئوزىنىڭ ئۇستۇنلۇگىنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى. مەن - مەن دىگەن يۇقۇرى دەرىجىلىكلەرمۇ ئامانلىق قوغداش ئىدارىسىغا خىزمەت قىلىشنى ئوزىگە شەرەپلىك ھىس قىلىپ مەخپى مەلۇماتلار بېرىپ تۇردى. ئىدارىنىڭ داڭئەنلىرىگە ھەر كۇنى دىگۇدەك يېڭى ماتىرىياللار قوشۇلۇپ تۇردى. تۇرمىلەر- دىمۇ ئايمۇ - ئاي يېڭى گوناكارلار كوپەيدى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر شىڭشىسەينىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلى- دىغان سوز - ھەركەتلەرنى قىلمايدىغان بولدى.

1936 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىدارىنىڭ نامىنى جاما-
ئەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ۋىلايەت،
ناھىيىلەردە جخ ئىدارىلىرى قۇرۇپ تەشكىلنى كۇنساناپ
كېڭەيتتى. يالغۇز جخ باشقارمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باش-
قارمىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقلىرى ئىچىدە يۇقۇرى دەرىجىلىك
4 كىشى بولاتتى، تەپتىش باشقارمىسى، ئىشخانا، ئىشپىيونلار
ئېتىردى، جخ ئەترىدى بولغاندىن تاشقىرى يەنە 5 بولۇم بار
ئىدى، 2 - بولۇم مەخسۇس ئىشپىيونلار خىزمىتىنى باشقۇرات-
تى، 1936 - يىلى جخ باشقارمىسىدا 260 كادىر، 292 ساقچى
بارئىدى، ئولكە بويىچە گوڭئەن خادىملىرى 992 نەپەر، ساقچى-
لار 2333 نەپەر ئىدى.

شىڭشىسەي بىر تەرەپتىن چوڭ ھەجىمدىكى جخ ئورگان-
لىرى ئارقىلىق ئوز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. ئەمما
جخ ئورگانلىرى ئاشكارا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
بىر ئىشپىيونلۇق تەشكىلىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىرخىلىغا
شىڭ ئوزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. بۇنىڭدا ئىشلىگەنلەر
شىڭ بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلايتتى، تەشكىلدىكى خادىملار-
نىڭ چوڭى ئولكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلىرى، تۇۋەندىكىسى
ھارۋىكەش، ئەسكەرلەرگىچە بولۇپ ھەممىسى ئېغىزچە ياكى
يېزىق بىلەن شىڭشىسەيگە دوكلات بېرەتتى. شىڭشىسەي ھەر
قانداق ئادەمنى ئىدارىلارغا باشلىق ياكى ئورۇنباسارلىققا
تەيىنلىگەندە ئۇلار بىلەن ئايرىم سوھبەت ئوتكۇزۇپ خىزمەت
تاپشۇراتتى. مەسىلەن: ئىلغار ئىددىيىلىك كىشىلەرنى خىزمەتكە

قويغاندا شىڭشىسەي ئۇنىڭغا: «بۇۋاقىتتىم سىنى خىزمەتكە قو-
يۇشتا سەن بارغان ئىدارىنىڭ ئورۇنباسارى ياكى پالانچى -
پالانچىلار بولسا جاھىل ئۇنسۇرلار، سەن بېرىپ ئۇلارغا
رەھبەرلىك قىل، شۇنداقلا ئۇلارغا دىققەت قىل، ئۇلارنىڭ
يەرلىك فېئوداللار بىلەن قانداق ئالاقىسى بار، بۇ توغرىدا
ماڭا مەلۇمات بېرىپ تۇرغىن» دەيدۇ. ئەگەر جاھىللاردىن
بىرسىنى خىزمەتكە تەيىن قىلسا، ئۇنىڭغا: «پالانچى - پالان-
چىلارنىڭ بىلىمى يۇقۇرى بولسىمۇ، بىلىملىك ئۇنسۇرلارغا
ئىشەنگىلى بولمايدۇ، سەن ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلغاچ دىققەت
قىلغىن، ئۇلارنىڭ قانداق تەشكىلاتى بار، چەت كىشىلەر
بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار. بۇ ھەقتە دائىم مە-
لۇمات بېرىپ تۇرغىن» دەيدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۇيىدىن چىقماي
تۇرۇپ ئىدارىلاردىكى ھەممە ئىشلارنى ئىگەللىۋالاتتى،
ئۇ يەنە كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بىر خىل ئادەملەرنى
تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى يۈرگۈزەتتى،
مەسىلەن، 1937 - يىلى كۈزدە دۇبەن مەھكىمىسىدىن بوشىتىلغان
زوشاۋشيەن ئىسىملىك بىر ئەسكەرنى ئالتايغا تەكشۈرۈش
ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، ئالتاي جىخ ئىدارىسى بۇ ئادەمنى تۇتۇۋې-
لىپ قىيىن - قىستاققا ئېلىپ سورىغاندا، ئۇ راستىنى ئېيتىپ
قويىدۇ. ئالتاي جىخ ئىدارىسى بۇ ئىقرارنى ئۈرۈمچى جىخ باش-
قارمىسىغا خەۋەر قىلغاندا شىڭشىسەي مەزكۇر ئەسكەرنى ئۈ-
رۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ 1940 - يىلى كۈزدە ئۆلتۈرۈۋەتتى.
بۇ خىلدىكى مىساللار ناھايىتى كوپ. يەنە بىر مەخپى تەشكىلا-

گىمۇ شىڭشىسەي ئۆزى رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار ھېچقانداق سىياسى - ئىدىيىۋى غايىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما قولىغىنى دىڭ تۇتىدىغان بىرخىل ئادەملەر بولۇپ سولچىل ئىدىيىدىكى ئۇنسۇرلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ۋە سوۋېتلىكلەرنىڭ سوز - ھەركەتلىرىنى تەكشۈرەتتى، شىڭ شىسەي ئىشپىيون قىلىپ ئىشلەتكەن ئادەملەرنى بىرمەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن قاماققا ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى، بۇندىن باشقا ھەر بىلەر ئىچىدىمۇ ئىشپىيون قوياتتى. دۇبەن مەھكىمىسى سىياسى باشقارمىنىڭ بىرىنچى بولۇمى مەخسۇس مۇشۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلاتتى، بىرىگادا، پولك، روتا، ھەتتا بەنلەرگىچە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇراتتى، سىياسى باشقارما 1935 - يىلى قۇرۇلۇپ 1937 - يىلىدىن باشلاپ ئىشپىيونلۇق ئىشىنى يۈرگۈزدى.

شىڭ شىسەي ھەرقانداق كىشىگە ئىشەنمەيتتى، سىڭلىسىنىڭ ئېرى پىڭ جىيۇەن، قېيىنى ئاتىسى چۇزۇگجۇن، باجىسى ۋاڭ خۇگساۋلارغىمۇ ئىشەنمەستىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئادەم قويغان ئىدى.

شىڭشىسەي ئىشپىيون ئىشلىتىش خىزمىتىگە ئايانماستىن پۇل سەرپ قىلىپ قوللايتتى ۋە راۋاجلاندۇراتتى. خىزمەتچى خادىملار ۋەھەربى - ساقچىلار مۇبۇ ئىشپىيونلاردىن قورقاتتى. 1937-يىلدىن كېيىن ھەممىسى دىگۇدەك قورقۇنچ ئىچىدە قىمىر قىلالماستىن جان ساقلاشقا باشلىدى.

شىڭشىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىشپىيونلۇق ۋاستىسى بىلەن قۇرۇپ شىنجاڭدىكى كوپلىگەن ئىشلارنى بىسىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇسۇل بىلەن ھەممىلا ئىشلارنى ھەزىم قىلىپ كەتكىلى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىدارە ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش، تازىلاش، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، ھەربىلەرنى رەتلەش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، قاتناش يوللىرىنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بولدى.

## 1 - ئىدارە ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش ۋە تازىلاش

شىنجاڭنىڭ ئىدارە ئىشلىرى پارىخورلۇق بىلەن مەشھۇر ئىدى. ياڭ، جىن دەۋرىدە ئۆلكە تەرەپتىن ئامبال قىلىپ ئەۋەتىلىشىنىڭ ئۆزى، ناھىيىلەرگە بېرىپ گويا بىر قەۋەت يەرنى سويۇپ يەپ باي بولۇش چۈشەنچىسىدە ئىدى. شۇڭا ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ خىيانەت بىلەن ئادەتلەنگەن. شىڭشىسەي پۈتۈن شىنجاڭنى قىسمەن مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن پارىخورلۇقنى جازالاشقا كىرىشتى، ئالدى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۇەنجاڭنى بىر نەچچە نەپەر يوق ئەسكەرنىڭ ئايلىقىنى يىگەن گۇناسى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھوكۇم قىلدى. قۇتۇبى ئامبىلى شۇي ۋېنبىڭگىمۇ پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى ھوكۇم قىلدى.

1934 - يىلى قىشتا مالىيە تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىل

قىلدى. بۇ ھەيئەتمۇ ئاماندىق قوغداش ئىدارىسىغا ئوخشاش
شۇ چاغدىكى ھوكۇمەت خادىملىرىغا ۋەھىمە سالدى. بۇ ھەيئەت
ئىدارە، مەكتەپلەرنىڭ ھىساۋات دەپتەرلىرىنى، ئىدارە باشلىق-
لىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى تەكشۇرەتتى. شۇنىڭدەك يەنە
پەۋقۇلئاددە سوت مەھكىمىسى قۇرۇپ 1935 - يىلى 1 - مايدا ئېلان
قىلىنغان پارىخور - خىيانەتچىلەرنى جازالاش ماددىلىرى بويىچە
پارىخورلۇق ئەنزىلىرىگە ئىشلىدى. بۇ ماددىلار
توۋەندىكىچە 12 ماددىدىن ئىبارەت ئىدى:

1 - ئومۇمەن ئولكىمىزدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت-
چىلىك ھەركەتلىرى كورۇلسە بۇ ماددىلار بويىچە جازاغا
تارتىلىدۇ.

2 - بۇ ماددىدا كورسىتىلگەن ئەمەلدارلار بارلىق خىز-
مەتچى خادىملارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 - خىيانەت سوممىسى 500 دوللاردىن يۇقۇرى بولغان-
لارغا ئولۇم ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

4 - خىيانەت سوممىسى 400 دوللاردىن يۇقۇرى 500 دول-
لارغا يەتمىسە 10 يىلدىن يۇقۇرى 15 يىلدىن توۋەن مۇددەت-
لىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

5 - خىيانەت سوممىسى 300 دوللاردىن يۇقۇرى 400 دول-
لارغا يەتمىسە، 5 يىلدىن يۇقۇرى 10 يىلدىن توۋەن مۇددەت-
لىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

6 - خىيانەت سوممىسى 100 دوللاردىن يۇقۇرى 300 دول-
لارغا يەتمىسە، 1 يىلدىن يۇقۇرى 5 يىلدىن توۋەن قاماق جا-

زاسى بېرىلىدۇ.

7 - بۇ ماددىدا بەلگىلەنمىگەنلەر جۇڭخۇا مىنگونىڭ جازا قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

8 - ئولكە پۇل تۈزۈمى قىممىتى بەلگىلەنمەستىن ئىلـ گىرى، ئولكىلىك بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن سىندۇرۇپ ھىساپلىنىدۇ.

9 - ئەمەلدارلار ئۈستىدىن خىيانەت قىلدى دەپ قىلىنـ غان ئەرزلەر تەكشۈرۈش ئارقىلىق پاكىتقا ئۇيغۇن چىقمىسا، جۇڭخۇا مىنگونىڭ يالغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

10 - بۇ ماددىلار ئولكىمىزدىكى ھەربى ئەمەلدارلارغىمۇ ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

11 - بۇ ماددىلارنىڭ ئەگەر تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايـ لىرى كورۇلسە ئولكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاـ كىرە قىلىنىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ. .

12 - بۇ ماددىلار ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىۋارەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇ ماددىلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلاردىن خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلـ لەن ئولۇم جازاسى بېرىلگەنلەر قانچە ئون كىشىگە يېتىدۇ. 1936 - يىلى چىتەي باج ئىدارىسىنىڭ جويجاڭى، ۋاڭ ×× خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئوتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن سازايى قىلىنىپ ئولۇم جازاسىغا ھوكۇم قىلىندى. شىنجاڭ ھوكۇمىتى بۇ تەدبىر-

لەرنى قولىنىپ، گەرچە خىيانەتچىلىكنى پۈتۈنلەي تازىلاپ كې-
تەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇۋاقىتتىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېلىش-
تۇرغاندا بىرقەدەر پاك ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇشىغا
غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن 1935 - يىلىدىن باشلاپ
تەمىنلەش كوپېراتىۋى تەسىس قىلىنىپ ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنى ئاشلىق ۋە تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق
نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىدى، ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى مەيلى كوپ ياكى ئاز بولسۇن
ھەممىسىلا كوپېراتىپتىن بەھرىمەن بولدى. ئۇچاغلاردا شىنجاڭ
ئۆلكە پۇلى تەرتىپكە سېلىنمىغان بولسىمۇ، خىزمەتچى خادىملار-
غا ئاشۇنداق غەمخورلۇق قىلىنغانلىقتىن تۇرمۇشتا خاتىرجەم
بولدى. شۇنىڭدەك تۇسەنگۈكسى (يەرلىك ماللار شىركىتى)-
مۇ خىزمەتچى خادىملارغا ئەرزان باھادا نەرسە - كېرەكلەر سېتىپ
بېرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن 1936 -، 1937- يىللىرى خىزمەتچىلەرنىڭ
ماددى تۇرمۇشى خېلى ياخشى ئىدى.

## 2 - مالىيە ئىشلىرى

شىنجاڭ، 3 يىللىق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بولغان ۋاقىت-
تا ھوكۇمەت، پەقەتلا، قەغەزپۇل تارقىتىش ئارقىلىقلا جان
بېقىپ كەلدى. 1934 - يىلىغا كەلگەندە 500 سەرلىك قەغەز
پۇل تارقاتتى، مالىيە خاراپ بولۇش ھالىتىگە يەتكەن ئىدى. شىڭ شى-
سەي ۋەزىيەتنى تۇنجى قەدەمدە مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن
ئالدى بىلەن ئۇشۇقچە خادىملارنى قىسقارتىش، ھەربىلەرنى

تەرتىپكە سېلىش، ھاجەتسىز ئىدارىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق چىقىمىنى تېجىمەك بولدى. ئىلگىرىكىدەك باجنى كۆتىرەبېرىش تۈزۈمىنى ئېلىپ تاشلاپ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە باج ئىدارىسى قۇرۇپ، تاموژنا ئىدارىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئالتۇن كان ئىدارىسى تەسىس قىلدى. تۇسەنگۈكسى ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇردى. 1936 - يىلدىن كېيىن ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا سىياسى ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن ھوكۇمەت تەرەپتىن ئالاھىدە باقىدىغان ئادەملەردىن باشقا بىكارنان يەپ ياتىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى. ھەتتا بىرلا ئورۇندىن مائاش ئالىدىغان بىر كىشى بىرقانچە كىشىلىك ئىش قىلاتتى.

## 3 - ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش

1934 - يىلى قىشلىغى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شىنجاڭ دىخانلىرىغا زور مىقداردا قەرز پۇل ۋە ئۇرۇغلۇق تارقاتتى. 1936 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى رايونلار دىخانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى قۇردى. كورلىغا دىخانچىلىق مەيدانى، سانجىغا دىخانچىلىق تەجرىبە مەيدانى تەسىس قىلىندى، دىخانچىلىق شوبە مەيدانلىرى ئۈرۈمچى، چىتەي، ماناس، پىچان، چۆچەك، شىخۇ، ئېمىل، ئىلى، سۈيدۇڭ، قورغاس، تېكەس، قۇمۇل، بارىكۆل، سارسۇمبە، جىمۇنەي، قابا، قاراشەر، توخسۇن، ئاقسۇ، كۇچار، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلدى. ھاۋا رايى ئولچەش پونكىتلىرى: ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، ئىلى، چۆچەك،

ئالتاي، قاراشەھەر، كورلا، كۇچار قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلدى. تۇرپان، كورلىغا ئۈزۈمە كوچىتى يېتىشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. تۇرپانغا نەمۇنىلىك پىلە بېقىش پونكىتى قۇرۇلدى. يەنە تۇرپان، ئىلى، چوچەكلەرگە مېۋىلىك كوچەت يېتىشتۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

(1) چارۋىچىلىق جەھەتتە: ھەرقايسى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۆلكە بويىچە 506 دانە نەسىللىك ئايغىر، 50 تۇياق نەسىللىك بۇقا، 2348 نەسىللىك قوشقار، 230 نەسىللىك توخۇ بار ئىدى. 1937 - يىلى 70 نەپەر نەسىللەندۈرۈش خادىملىرى يېتىشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچىدە مال دوختۇرلۇق مەكتىۋى قۇرۇلۇپ، يۈزدىن ئارتۇق موڭغۇل - قازاق بالىلىرى ئوقۇيتتى.

(2) كانچىلىق ئىشلىرى جەھەتتە: مايتاغدىكى نېفىت زاۋۇدى 1936 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ قۇدۇق قېزىش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىپ، 5 دانە قۇدۇق قازدى ۋە 4 يۈرۈش نېفىت ئايرىش قازانلىرى ئورناتتى. نېفىتنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلاتى يۇقۇرى بولمىسىمۇ، كۆلىمى خېلى بار ئىدى. ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسى 1935 - يىلى قۇرۇلدى. 1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن 200 دەك ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىش باشلىدى.

(3) سانائەت جەھەتتە: ئۈرۈمچىدە ”يېڭى نۇر“ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. بۇنى ھۆكۈمەت بىلەن تىجارەتچىلەر شىركەت-

لىشىپ 250 كىلوۋاتلىق ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى 400 مىڭ دوللارغا سېتىۋالغان ئىدى. ئىلى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى تىجارەتچىلەر بىرلىشىپ قۇرۇپ 1936 - يىلى 5 - ئايدا ئىش باشلىدى. چىراق يورۇغىدىن ئاشقانلىرىنى ساناەت ئېنېرگىيىسىگە ئىشلەتتى. چوچەك ئېلېكتىر ئىستانسىسى 150 كىلوۋاتلىق بولۇپ 210 مىڭ دوللارغا سېتىۋېلىنغان، 1937- يىلى نۇر بېرىشكە باشلىدى؛ شىخۇدىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى تاشيول ئىدارىسى قۇرغان، بۇ ھەم 1937 - يىلى نۇر بېرىشكە كىرىشتى. ماناستىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى تىجارەتچىلەر شىركىتى تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ 1937 - يىلى يورۇتۇشقا كىرىشتى. كون - خۇرۇم زاۋۇدى جەھەتتە، ئىلىدا خۇرۇم زاۋۇدى بار ئىدى. ئۈرۈمچى، چوچەك، ئالتاي شەھەرلىرىدىمۇ شەخسلەرنىڭ كون زاۋۇتلىرى بار ئىدى. يەنە ياغاچ كېسىش شىركىتى قۇرۇلۇپ ھوكۈمەت ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. تىجارەتچىلەر ئۆز ئالدىغا ئوقەت قىلاتتى. ئىلىدا ئۇن زاۋۇدى، توك ھەرىسى، ھاراق زاۋۇدى، قىسماق (ياغ زاۋۇدى) ئاپتو - رېمونت زاۋۇتلىرى بار ئىدى.

سودا تىجارەت جەھەتتە: شەھەر نوپۇسىنىڭ ئۆسۈشى، سودا - تىجارەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كورسەتتى. ھەر قايسى جايلاردا ئاز سانلىق مىللەت تىجارەتچىلىرى راۋاج تاپقان ئىدى. 1937 - يىلىغا يەتكەندە شىنجاڭ بويىچە 500 دىن ئارتۇق يېڭى تىجارەت دۇكانلىرى قۇرۇلدى. بۇ سانىنى ئەسلىدە بار بولغان چوڭ دۇكانلارغا قوشقاندا 1600 دىن ئېشىپ كېتەتتى.

(4) ھەربى جەھەتتە: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قالايمىقانچى-

لىق بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆلكە بويىچە ھەربى قىسىملار تەرتىپكە سېلىندى. ھوكۇمەت بىرمۇنچە يېڭى ئورگانلارنى قۇرۇپ، بۇ ئورگانلارغا تولاراق ھەربى قىسىملار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ھەربى ئەمەلدارلارنى ئورۇنلاشتۇردى. كوپلىگەن يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلار يۇقۇرى دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلىققا قويۇلدى، 1934 - يىلى قىشتا دۇبەن مەھكىمىسى ئەۋەتكەن قورۇقلۇق ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلىش ھەيئىتى يوقلىما قىلىپ قايتا رەتلەش نەتىجىسىدە ئۆلكىدىكى ھەربى قىسىملار تۆۋەندىكىچە بولدى:

ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربى ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، شىڭشىسەي ئۈرۈمچىدە ھەربى ئوفىتسېرلار مەكتىۋى تەسىس قىلدى. بۇ مەكتەپ پىيادە، ئاتلىق ۋە زەمبىرەك قىسىملىرىدىن ئىبارەت 3 تۈرگە بولۇنەتتى، 1934 - يىلى ئوقۇشقا كىرگەن 300 دەك ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا 3 - قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ھەربى مەكتەپتە يەنە ياشلار ئەترىدى ۋە مىللى ئەترەتلەر بار ئىدى. ئالدىنقىسى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگىدە يېتىم قالغان باللارنى ئوبېكتى قىلغان بولسا، كېيىنكىسى ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلەرنى تەربىيلەشنى ئاساس قىلغان ئىدى. ساقچى ئوفىتسېرلەر مەكتىۋى 1934 - يىلى قىشتا قۇرۇلۇپ 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ ئاۋىياتسىيە مەكتىۋى 1933 - يىلى قۇرۇلۇپ 1 -، 2 - قارارلىرىدا كوپلىگەن ئۇچقۇچىلار تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈلدى،

شىڭ زوبەن (ئالىي ئوقۇش كۇرسى) 1937 - يىلى قۇرۇلدى. بۇ كۇرستا يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلار تەربىيە ئالاتتى. ۋاقتى ئالتە ئاي، سەنمۇ (مەسلىھەتچىلەر) سىنىپىنىڭ ۋاقتى 3 ئاي ئىدى. بۇ كۇرستا تەربىيە كۆرگەنلەر 2 مىڭدىن ئاشاتتى.

شىڭشىسەي دەۋرىدىكى ھەربى قوشۇنلارنىڭ سانى ۋە ئورۇنلاشقان جايلىرى توۋەندىكىچە:

دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى پولكى، ئادەم سانى 1500، شىڭنىڭ 4 - ئىنىسى شىڭشىچى پولكوۋنىك ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھەر مۇداپىئە دادۇيى، ئادەم سانى 800، ئۈرۈمچى داۋانچىڭ، گومۇدى (ھازىرقى مىچۈەن - شال بۇلاق) تا تۇراتتى، پولكوۋنىك يۇدېشىڭ.

جياۋداۋتۇەن، ئادەم سانى 1000، ئۈرۈمچىدە تۇراتتى، پولكوۋنىك ليۇجىڭشىن، بۇ پولك خىل قوراللانغان ئىدى.

چىتەي مۇداپىئە گارنىزونى، ئادەم سانى 800، چىتەي، مىچۈەن، فۇكاڭ، مورىلاردا تۇراتتى، پولكوۋنىك لياڭجىۋېن.

ئىلى بوز يەر ئوزلەشتۈرۈش مەھكىمىسى، ئوفىتسىرلىرى 75، ئەسكەر سانى 150 نەپەر، چۈزۈكجۇن (چۇسىلىڭ) باشقۇراتتى.

ئىلى گارنىزونى، ئوفىتسېرلىرى 63، ئەسكەر سانى 221 نەپەر، چۇسىلىڭ باشقۇراتتى.

قۇمۇل - باركول گارنىزونى، ئوفىتسېرلىرى 70، ئەسكەر سانى 359 نەپەر، 90 پىرسەنتى ئۇيغۇرلار بولۇپ گارنىزون سىلىڭى يولۋاس ئىدى.

تۇرپان، پىچان، توخسۇن گارنىزونى، ئوفىتسېرلىرى 60، ئەسكەرسانى 88 نەپەر بولۇپ مەزكۇر 3 ناھىيىدە تۇراتتى. سۇك چىگلىك گارنىزون قوماندانى (سىلىك) ئىدى.

چوچەك گارنىزونى، ئەسكەر سانى 400 نەپەر، چوچەك، شىخۇدا تۇراتتى، ياۋشۇن سىلىك ئىدى.

ئالتاي گارنىزونى، ئوفىتسېرلىرى 120 ، ئەسكەرسانى 400نەپەر بولۇپ، سارسۇمبە، بۇرچىندە تۇراتتى. 80 پىرسەنت قازاق، قالغانلىرى موڭغۇللاردىن بولۇپ گارنىزون قوماندانى شەرىپخان ئىدى.

قاراشەر گارنىزونى ، ئوفىتسېرى 61، ئەسكەرسانى 325 نەپەر، 90 پىرسەنتى موڭغۇل ئەسكەرلىرى بولۇپ گارنىزون قوماندانى مانچۇكجاپ ئىدى.

قەشقەر گارنىزونى، ئوفىتسېرلىرى 65، ئەسكەرسانى 243نەپەر، گارنىزون قوماندانى ليۇبىك.

پىيادە ئەسكەرلەر 12 - پولكى، ئوفىتسېرلىرى 101، ئەسكەرسانى602، مىلتىق 900 تال، زەمبىرەك ئىككى، پىلىموت 6، تۇرپان، پىچاندا تۇراتتى، جاك فىڭيى پولكوۋنىك ئىدى.

ئاتلىق4 - پولك، ئوفىتسېرلىرى 45، ئەسكەرسانى 542، مىلتىق 604 تال، پىلىموت 7، قەشقەردە تۇراتتى، يىپچىڭبو پولكوۋنىك ئىدى.

ئاتلىق 5 - پولك، ئوفىتسېرلىرى 45، ئەسكەر سانى 365، مىلتىق 382 تال، پىلىموت 2، قەشقەردە تۇراتتى. ئەسكەرلىرى يەرلىك خەنزۇلاردىن ئىدى.

ئاتلىق 6 - پولك، ئوفىتسېرلىرى 45، ئەسكەرسانى 502، مىلتىق 512 تال، مارالۋېشىدا تۇراتتى. ھەممىسى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بولۇپ پولكوۋنىك چېرنوپ قوماندانلىق قىلاتتى.

ئاتلىق 7 - پولك، ئوفىتسېرلىرى 45، ئەسكەرسانى 585، مىلتىق 603 تال، ئىلىدا تۇراتتى. 95 پىرسەنتى خەنزۇ ئەسكەرلىرى ئىدى.

ئاتلىق 8 - پولك ئوفىتسېرلىرى 42، ئەسكەرسانى 243، مىلتىق 250 تال، پىچاندا تۇراتتى. دۇڭبېيلىق خەنزۇلار ئىدى.

ئاتلىق 9 - پولك، ئوفىتسېرلىرى 40، ئەسكەرسانى 632، مىلتىق 287 تال، پىلىموت 3، قەشقەردە تۇرىدىغان يەرلىك قىسىم ئىدى.

پىيادە ئەسكەرلەر 7 - دىۋىزىيىسى، ئەسكەرسانى 1500، قەشقەر، يەركەندە تۇراتتى، ئۇيغۇرلار 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. قالغان قىسمى قىرغىزلاردىن بولۇپ مەھمۇت مۇھىتى سىجاڭ ئىدى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ ئەسكەرلىرى خوجانىياز-ھاجى، تۆمۈرئېلى، ئوسمان ئېلىلاردىن قالغان قىسىملار ئىدى.

(5) قاتناش - ترانسپورت جەھەتتە: 1935 - يىلى ئەتىيازدا تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى - ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول ياسالدى. بۇ تاشيول، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخۇ، جىڭ، ئىلى ئارقىلىق قورغاسقىچە بېرىپ

سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشاتتى. بۇ يول يەنە شىخۇدىن چوچەككە شاخ ئايرىيتتى. ئۈرۈمچى - قەشقەر، ئۈرۈمچى - قۇمۇل، ئۈرۈمچى - ئالتاي تاشيوللىرىمۇ ياسالدى، ئۇ ۋاقىتتا گەرچە رەسمىي ياسالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىشچىلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ئىلگىرىكى چوڭ يوللارنى بىرقۇر ئىسلاھ قىلىپ ماشىنا قاتنايدىغان قىلىپ ياساپ چىققان ئىدى، قاتناش- ترانسپورت باشقارمىسى قۇرۇلۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 400 دانە ئاپتوموبىل سېتىۋالدى، ئۈرۈمچى، ئىلى، چوچەك، شىخۇ، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەردە ئاپتو - رېمونت كارخانىلىرى قۇرۇلدى.

شىڭ شىسەي يەنە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدىغان «6 بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

1934 - يىلى شىڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تېچلىقنى ساقلاش، شورالار ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى) بىلەن دوست بولۇشتىن ئىبارەت 3 سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى ئىچكى سىياسەت بولۇپ، مەركەزگە تاقابىل تۇرىدىغان سىياسەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ياپون جاھانگىرلىكى دولىتىمىزگە غالجىرانە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى نومۇسسىزلارچە يول قويۇپ چېكىنىۋاتقان بىر پەيت بولغاچقا، بۇ سىياسەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىر نۇقتىغا توپلاپ مەركەزگە قارشى كەيپىياتنى قوزغاتقىلى بولاتتى، تېچلىق سىياسىتىمۇ ئىچكى سىياسەت بولۇپ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىدىن

كېيىن خەلق تېچلىقىغا مۇھتاج ئىدى. شۇڭا بۇ سىياسەتنى خەلقلەر ئۇڭاي قوبۇل قىلدى ۋە ھىمايە قىلدى. شورالار بىلەن دوست بولۇش سىياسىتى ھەم ئىچكى، ھەم تاشقى سىياسەت ئىدى.

ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا شىڭ شىسەي يەنە خىيانەتچى- لىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت 2 سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن بەش بۇيۇك سىيا- سەت بولدى. 1935 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى قوشۇپ 6 بۇيۇك سىياسەت تولۇقلاندى.

1934 - يىلى قىشتا شىڭ شىسەي ئۆزى يازغان، «ھۆكۈ- مەتنىڭ نوۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرى» ناملىق بىروشوراسىدە 5 بۇيۇك سىياسەتنى شەرھىلىگەندىن تاشقىرى، ھەر مىللەت خەل- قىنى ھەركەتلەندۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ 6 بۇيۇك سىياسەتنى ئىجرا قىلدىغان ئورگان قىلدى. بۇ ئۇيۇشما 8 يىل داۋاملاشتى. ھەر- كەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولدى. ئۇنىڭ نىزامنامىسىنى تۆۋەندىكىچە قىسقارتىپ بايان قىلماقچىمەن.

### 1 - باپ. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ۋەزىپىسى

1-ماددا: شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن قۇرغان سىياسى تەشكىلات بولۇپ سۇن زۇڭلىنىڭ (سۇن جۇڭشەننىڭ) مىللى مەسىلىگە ئە- مەل قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ مەڭگۈ ئايرىلماس ئولكىسى قىلىپ،

مىللەتلەر ئـوتتۇرىسىدىكى ئىچلىقنى بـۇزۇپ، مـۇستـەملىكـە قىلىشقا قەست قىلغان جاھانگىرلارغا قارشى تۇرىدۇ.

2 ـ مـاددا: بۇ ئۇيۇشما ھازىرقى شىنجاڭ ھوكۇمىتىنى پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ ھەممە بىرلىكتە دۇنيادىكى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدۇ.

3 ـ ماددا: بۇ ئۇيۇشـما جۇڭگونىڭ دولەت ئـەھۋالـى ۋە شىنجاڭ خـەلقىنىڭ تـەلىۋىگـە ئـاسـاسـەن، توۋەنـدىـكـى تـەشەببۇسلاردا بولـىدۇ: (1) شىنجـاڭـدىكـى مىللەتلەرنـىـڭ باراۋەرلىكـىنى ئىشقا ئـاشۇرۇپ مىلـلەتـلەر ئوتـتـۇرىسىدىكـى ئارازلىقلارنى تۈگىتىش؛ (2) مەركەزنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئاساسەن ئولكىنىڭ مەمۇرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قـىلىش، ئولكـە ۋە ناھىيلـەرنىڭ يەرلىك مۇختارىيىتىنـى ئىلگىرى سـۈرۈش؛ (3) قانۇنسىز زومىگەر ئۇنسۇرلارنى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى، تۇخاۋ ـ لىپىشىنلارنى يوقىتىـش؛ (4) قانـۇننى ئىسلاھ قـىلىش يەنى قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ مۇستەقىل تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەردەرىجىلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىـش، ئـەدلىيـە خادىملىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش؛ (5) خەلقـىنىڭ سىياسى بىلىمىنى ئوستۈرۈش، سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىنـى قۇرۇش، قـاتـنـاش ـ تـىرانسپورت ئىشلىرىنى يولغا قويـۇش، كـان سانائىتىنـى ئېچىـش، مـالىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش؛ (6) ھەربى ۋە خەلقنى ئـايـرىپ ئىدارە قىلىش، ھـەربى قىسىملارنـى يـاخشىـلاش، جـەڭگىۋار كـۈچـنى

كۆچەيتىش، ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش؛ (7) ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەركىن تەرەققى قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بويىچە خەلق مەكتەپلىرىنى ئېچىش، بارلىق مەدەنىي خىزمەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، مەسىلەن، مەتبەچىلىكنى يولغا قويۇپ، كىتاپ، گېزىت ۋە ھەرخىل ژورناللار نەشر قىلىش؛ (8) خەلقنىڭ سۆز ئەركىنلىگى، مەتبۇئات ئەركىنلىگى، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ (9) بارلىق ناچار ئادەتلەرنى يوقىتىش، قۇللۇق، كوپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى تازىلاش، ئادەم سېتىش ئىشلىرىنى قەتئىي چەكلەش، ئەپيۇن ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئىي قىلىش؛ (10) ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىش، پاھىشە ئىشلىرىنى چەكلەش، خوتۇن - قىزلار مائارىپىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، نىكا ئەركىنلىگىنى تەشەببۇس قىلىش؛ (11) ياشلارنىڭ بىلىمىنى ئوستۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، تەدرىجى يوسۇندا مەدەنىي - مائارىپ ۋە تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇش.

## 2 - باپ. ئويۇشمىنىڭ خىزمىتى

4 - ماددا: ئويۇشمىمىز نورمال خىزمەتنى داۋاملاشتۇرغاندىن تاشقىرى كونفېرېنسىيە يىغىنلىرى ئويۇشتۇرۇش، ژورنال نەشر قىلىش بىلەن مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ توغرا پىكىرلىرىگە ۋاقتىدا رەھبەرلىك قىلىش.

## 3 - باپ. ئويۇشما ئەزالىرى

(بۇ باپ قىسقارتىلدى)

## 4 - باپ. ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلى

6 - ماددا: ئۇيۇشما ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سايلانغان 29 نەپەر ئىجرائىي ھەيئەتلەردىن ئىجرائىي ھەيئەت تەشكىل قىلىدۇ. 5 نەپەر تەپتىش ئەزالىرىدىن تەپتىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيۇشمىدا ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئەڭ ئالى ئورگان بولىدۇ. قۇرۇلتايدىن كېيىن ئىجرائىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئەڭ ئالى ئورگان ھېساپلىنىدۇ (قىسقارتىلدى). بۇ نىزامنامىدا بەلگىلەنگەن ئىجرائىيە ھەيئەتلەر يىغىنىدا كاتىۋات باشقارمىسى، ئومۇمى ئىشلار، تەشكىلات، مائارىپ، تەشۋىقات، ياشلار، خوتۇن - قىزلار ۋە جەمىيەت بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىدۇ.

شىڭشىسەي دەسلەپتە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا زور ئۈمىت باغلىغان ئىدى. ئۇز قولىدا مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى ئولكىلەردىن تەكلىپ قىلىپ چىققان ئاغىنىلىرىنى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويدى، مەسىلەن، ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى خېيۇيجۇ، باش كاتىپ لاڭ داۋخىڭ، تەشكىلات باشلىغى ۋاڭ لىشى، تەشۋىقات باشلىغى شۈي لەن، ياشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىغى چىڭدۇڭبەي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياش ۋاقتىدىكى يۇرتداشلىرى ۋە ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ئىدى.

جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن،

دەھال كادىر تەربىيىلەش ئۈچۈن كىرىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش تەلىم - تەربىيە كۇرسى تەشكىل قىلىپ خىزمەتچىلەردىن ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن يوتكەپ كېلىپ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى، ھەر ئايدا بىر قېتىم ماركسىزىم - لېنىنىزىمنى ئاساس قىلغان نەزىرىيە دوكلادى بېرىلدى. ئۇچاغدا شىنجاڭ يېڭىدىن كوزى ئېچىلغان بولغاچقا، كىشىلەر جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇش ۋە تەلىم - تەربىيە كورۇش بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئىدارىلاردىكى ھەربى قوشۇنلاردىكى خادىملار بەس - بەس بىلەن ئۆزىنى تىزىملىتىپ تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا كىرەتتى. 1935 - يىلى قىشتا ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىنى شىڭشىسەي ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ئولكە رەئىسى لىرۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس خوجانىياز ھاجىلار بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. فېودال كۈچلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئادەملەر ھەر قايسى بولۇملەرگە باشلىق ۋە ئورۇنباسار باشلىق بولۇپ ئۇيۇشمىنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرى كۈچەيتۈرۈلدى. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلاردا مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ كورسەتكەن تەسىرى ھەقىقەتەن زور ئىدى، بولۇپمۇ ئۇرۇمچىدە ياچېيكا ۋە گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرى ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەر شۇ قەدەر ئاناتىيايدۇرۇلدىكى، كوپلىگەن كىشىلەرنىڭ سىياسى قىزغىنلىغى قوزغىلىپ 6 بۇيۇك سىياسەت ئۈچۈن ئاكتىپ كورەش قىلدى. 1934 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيۇشما تەربىيىدىن نەشىر

قىلىنغان «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ژورنىلى بىلەن
ھەرقايسى ياچېيكا ۋە شوبە ئۇيۇشمىلار چىقارغان مەجمۇئە ۋە
تام گېزىتلەرمۇ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا غايەت زور
تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ سانى گەرچە
قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، دەسلەپتىكى 500 كىشىدىن
كۆپىيىپ 2 مىڭغا يەتتى.

شىڭ شىسەينىڭ سىياسى مەقسىدى قانداق بولۇشىدىن
قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ 6 بۈيۈك سىياسىتى ھەقىقەتەن خېلى
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار
ياشلارنى ۋە كۆپ ساندىكى بىلىملىك زىيالىلارنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىكى ئەڭ ئىنقىلاۋىي ئۆلكە
دەيدىغان تونۇشقا كەلتۈرگەن ئىدى. 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا
قىلىش ئورگىنى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا ماسلاشقان
ھالدا يەنە شىنجاڭدا خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بار
ئىدى. بۇ ئۇيۇشمىلار 1934 - يىلى 4 - ئايدا ھەر مىللەت باش-
لىقلىرى قاتنىشىپ تەشكىل قىلىنغان بولۇپ ۋىلايەت، ناھىيە-
لەردە شوبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ
ئىجتىمائى مائارىپ خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈردى. مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلدى. ئۇرۇش قالاي-
مىقانچىلىقىدىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلىشقا ئەپلەش-
مەيدىغان نۇرغۇن مىللى مەسىلىلەرنى بۇ ئۇيۇشما بىر تەرەپ
قىلدى. 6 بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشتىمۇ غايەت زور
كۈچ قوشتى.

شىڭشىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن گومىنداڭ تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى چەتكە قاقتى. گومىنداڭ بولسا شىنجاڭنى كونتىرول قىلىش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ كۆردى. 1933 - يىلى بەيچۈڭشى شىنجاڭغا كەلگۈدەك دەيدىغان گەپ پەيدا بولدى. 1934 - يىلى خۇاڭشاۋشۇن شىنجاڭغا كېلىشكە تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ دېگەن گەپ پەيدا بولدى. نەتىجىدە ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. 1934 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەركەز ئەۋەتكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازىرى پىڭشاۋ-شيەن بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە تەمىرات نازىرى گاۋشىبىڭلارنى مەجبۇرەن خىزمەتتىن بوشىتىپ ئىچكى ئۆلكىگە قايتۇردى. 1933 - يىلى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقەسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە مەركەز ئەۋەتكەن پىرقە ھەيئىتى گوڭبىچىڭ، ساۋجىۋېنلەرنى شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. 1934 - يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك بانكا باشلىقى سۈشياڭدا بىلەن تەمىرات نازارىتىدىكى بۆلۈم باشلىقى جىن شىۋېنلەرنى گاۋشىبىڭ بىلەن باردى - كەلدىسى بار دەپ قولغا ئالدى. شۇ يىلى كۈزدە قاراشەرگە ۋالى بولغان گومىنداڭ ئەزاسى ياڭمىڭجۈنى ئۆلتۈرۈشكە پىلان قىلدى. 1933 - يىلى ياۋرو - ئازىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرى شىنجاڭ ھاۋابوشلۇقىدىن ئۆتۈپ ئۇچۇشنى چەكلىدى. مەزكۇر شىركەتنىڭ ئۈرۈمچى، تارباغاتاي پونكىتلىرىنى قامال قىلدى. 1934 - يىلى سۈيۈەن - شىنجاڭ ئاپتو - ترانسپورت شىركىتى

ئاپتوموبىللىرىنىڭ قومۇلدىن غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى
توستى ھەمدە مەزكۇر شىركەت شىنجاڭغا كېلىدىغان پاساژىر-
لارغا ساتىدىغان بېلەتنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە ئالدىن مەلۇم
قىلىپ تەستىقلىتىش، ئۇنداق بولمىغاندا چېگرىدىن كىرگۈزۈل-
مەيدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. شۇيىلى قىشتا قومۇلغا
ئامانلىق ساقلاش شوبە ئىدارىسى قۇرۇپ، يولۇچىلارنى قاتتىق
تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە شىنجاڭدىن قايتىپ كېتىشكە
بېرىلىدىغان يول خېتىنى چەكلەپ قويدى. 1935 - يىلى 3 مىللى
مەسلەك روھى بىلەن يېزىلغان دەرسلىك كىتابلارنى مۇسادىرە
قىلدى. مەكتەپلەردە پىرقە مەسىلىلىرىدىن دەرس ئۆتۈشنى
چەكلەپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائى پەن كىرگۈزدى. ئىچكىرى-
دىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن خەت - چەك ۋە گېزىت - ژورناللارنى
تەكشۈردى، تۇتۇپ قالدى. بولۇپمۇ پوچتا خادىملىرىنى قاتتىق
تەقىپ قىلدى.

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مولچەرلەش ئۈچۈن گومىنداڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتى 1935 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى-
دا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ ھەربى ئەمەلدارى
دىڭۋېيىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، بۇ ئادەم 13 - چېسلا چۆ-
چەككە چۈشۈپ ئۈيەردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ دۇبەن مەھكى-
مىسىنىڭ شەرقىي باغچىسىغا ئورۇنلاشتى. شىڭشىسەي بۇ ئا-
دەمنى چەتئەل كىشىلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك قاتتىق نا-
زارەتكە ئالدى. ئۇنى كۈتكۈچىلەر مەھرەملەرنىڭ ھەممىسى
ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ دىڭنىڭ

سۆزلىرىنى ھەر كۈنى دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەر-
كەتلىنىشىگە يەرلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى چىڭ
دۈڭبەي بىلەن قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىغى كاڭ بىلىنى-
نى ھەمرا قىلىپ قويدى. دىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغان
ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە خەلقلىرى ئالدى بىلەن شىڭ شىسەيگە مەلۇم
قىلىپ تەستىقلىتىش زۆرۈر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن
ئەۋەتىلگەن ليۇشەنچىڭ، سىڭ يۇفۇلار ئالدىن ئۆزىنى تار-
تىپ چەت ناھىيە ۋە نەنسەنگە جايلاشقانلىقتىن دىڭ ۋېنىي
شەخسى سوھبەتلەر ئارقىلىق شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مەركەزدىن
ئايرىلمايدۇ. ئۈچ مىللى مەسلەككە قارشى تۇرمايدۇ، تۇرۇش
قالايمىقانچىلىقىدىن كېيىن، مالىيە قىيىنچىلىقى بار. ھۆكۈمەت
خادىملىرى جاپاغا چىداپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەركەزنىڭ ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ دىگەن سۆزلەرنىلا
ئىگەللىدى.

دىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغان جەريانىدا شىڭ شىسەي بىلەن
بىر قانچە قېتىم سوھبەتلەشتى، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى
بىرلىككە كەلتۈرگەن توھپىسىنى شەرھىلىگەندىن تاشقىرى، سو-
ۋېت ئىتتىپاقىغا ناقابىل تۇرۇشتىكى جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئىچ-
كى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ توغرىلىق پەيدا بولغان سۆزلەرنىڭ
ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ
تەرەققىياتىغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. دىڭ
ئۈرۈمچىدە ھەر قايسى ئىدارە، مەكتەپ، ھەربىي قوشۇنلارنى
كۆزدىن كەچۈردى ۋە ساماۋىي كۆل (بوغدا كۆلى) سەيلىسىگە

چىقتى، ئۇ بارغانلىكى ئورۇنلارغا، شىڭشىسەي ئالدىنئالا
سۈن جۇڭشەن ۋە جىياڭ جېيشىنىڭ سۈرەتلىرىنى ئاستۇر-
غان ۋە كۈتكۈچىلەرنى بەلگىلەپ قويغان ئىدى. دىڭ يەنە
1 - ئاۋغۇست شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بايرامدا ئوت-
كۈزۈلگەن ھەربىي پاراتقا قاتناشتى ۋە تۇرپانغا بېرىپ ھەربىي
قىسىملارنى كوزدىن كەچۈردى.

دىڭ ئۈرۈمچىدە بىرەر ئايغىچە تۇرۇپ غۇلجا ئارقىلىق
خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەتتى، ئۇنىڭ سەپىرى ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن مەركەزنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شىنجاڭنى كۈزەتكەنلىكى بولسىمۇ، ھېچقان-
داق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى.

ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىسى شىنجاڭنىڭ
سىياسى ۋەزىيىتىگە تەسىر قىلاتتى. 30 - يىللاردىكى چوڭ
قالايمىقانچىلىقلاردا ئەنگلىيىنىڭمۇ قولى بار ئىدى. 1934 -
يىلى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە
كونسۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ زەربە بەردى. شىڭشىسەي ھوكۇمىتى
ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان ماللىرىنىڭ كىرىشىگە، شىنجاڭ -
ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئەنگلىيىنىڭ خارجى
ترانسپورتىغا ۋە ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى مىسسيونېرلىق
ھەركەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلدى. 1935 - يىلىدىن
ئېتىۋارەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستانلىق-ئافغانىستان-
لىقلارنى قولغا ئالدى. ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەل-
چىخانىسى بۇ ئىشقا ئارىلىشىش ئۈچۈن جىق كۈچ چىقىرىپ،

ئاخىرى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن 1935 - يىلى باش ئەلچىخانىنىڭ مەسلىھەتچىسى دىكماننى شىنجاڭغا ئەۋەتتى ۋە ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتماقچى بولدى ھەمدە قەشقەردە ۋاقىتلىق كونسۇل تامسوننى ئۈرۈمچىگە كېلىپ كورۇشۇشكە بۇيرۇق قىلدى.

دىكمان 1935 - يىلى 14 - سېنتەبىردە بېيپىڭدىن يولغا چىقىپ، جاڭجياكۇ، سۇيىيۇەن ئارقىلىق سۇيىيۇەن - شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى ماڭغان يول بىلەن 29 - ئوكتەبىردە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. تامسون ھەم ئايىلى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدى. بۇلار خارجى مەھكىمىگە ئورۇنلاشتى. شىڭشى- سەي بۇلارغا بولغان نازارەتنى دىڭ ۋېيىيغا ئورۇنلاشتۇرغان- دىنمۇ قاتتىقراق ئورۇنلاشتۇردى. ئاشپەزلەرنىڭ ياردەمچىلىرىمۇ ئامانلىق قوغداش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئىدى. دىكمان قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە شىڭشىسەي شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇ- ھەررىرلەر باشلىقى ۋەن شەنتىڭنى ئالدىغا ئەۋەتتى. چۈنكى دىكمان خەنزۇ تىلىغا راۋان ئىدى. ۋەن شەنتىڭنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلار ۋە خەلقلەر ئاغزىدىن ھەرقانداق خەۋەر ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئىدى. دىكمان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن نازارەتنى كۈچەيتىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سىياسى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىدىكى بىيەن كوجاڭنى خارجى ئىشلار مەھكىمىسىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ كېچە - كۈندۈز ئايرىلمايدىغان قىلدى.

دىكمان ئۈرۈمچىدە يېرىم ئاي تۇرۇپ شىڭشىسەي بى-

لەن بىر قانچە قېتىم سوھبەتلەشكەندىن تاشقىرى خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى چىڭ دېلى بىلەن سوھبەتلەشتى، دېگەن ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش گۇۋانامىسى مەسىلى- سىنى، ئەنگلىيە پۇقرالىرى شىنجاڭغا كىرىپ سەييارە تىجارەت قىلىش، نەشە سېتىۋېلىش، ئەنگلىيە-ھىندىستان ماللىرىنى شىنجاڭغا توشۇپ كېلىش قىممىتىنى مولچەرلەش، شىنجاڭدىكى ئېنگلىز پۇقرالىرىنى قايتىدىن تىزىملاش، شىنجاڭ - ھىندىستان ئارىلىقىدىكى قاتناشنى ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىلەرگە مۇنداق جاۋاپ بەردى: ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كىر- گۈچىلەردە جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ گۇۋانامىسى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ پاسپورتى بولۇشى كېرەك، ئەگەر يول يىراق گۇۋانامە ئېلىش قىيىن دەيدىغان بولسا، شىنجاڭدىن كونسۇل تەيىنلەپ ھىندىستاندىكى چېگرىغا يېقىنراق بىر يېرىگە ئورۇن- لاشتۇرۇش؛ ئېنگلىز تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر شىنجاڭدا سەييارە تىجارەت قىلىدىغان بولسا، قايسى جايغا بارسا ئۆز پاسپورتىغا شۇ جاينىڭ يەرلىك ئورۇننىڭ رازىلىقىنى ئېلىش؛ نەشە توشۇش مەسىلىسىدە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى نەشىنى چەكلەپ ئېلان چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئېنگلىز پۇقرالىرى سېتىۋالغان نەشىلەرنى ئېزدىن توشۇپ كېتىش، ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن يەنە سېتىۋالغان بولسا ئۇلارنى چەتكە توشۇپ كېتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئەنگلىيە - ھىندىستان ماللىرىنى شىنجاڭغا توشۇپ كىرىشنى مولچەرلەش چارىسى مەركەزنىڭ بەل- گىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، شىنجاڭدىكى ئېنگلىز

پۇقرالىرىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇشى ئۆزى بىلەن چەكلىنىدۇ. كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى ئەۋلادتىن ئۆزۈپ كەتمەسلىك كېرەك، لېكىن تىزىملاتقۇچىلاردا جۇڭگو چېگرا قورغانلىرى ئىسپاتلىقتىن ئۆتكەن ئەنگلىيە، ھىندىستان پاسپورتلىرى بولۇشى شەرت، شۇنداق بولغاندىلا ئىناۋەتكە ئىگە، شىنجاڭ ـ ھىندىستان يولىنى ئېچىش مەسىلىسىدە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن بۇھەقتە كېيىنچە مەسلىھەت قىلىش ۋە باشقىلار.

سوھبەتتە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى دېكمانغا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھىندىستان ئامرتساردىكى قەشقەر يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ باشلىغى ئابدۇللا ئاخۇن، يېڭىدىن توكيودىن كەلمەكچى بولغان شۇجاينىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ئىسمايىل ئاخۇنلارنىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى يەنى ئۇلار پۈتۈن قەشقەر خەلقىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شىنجاڭ قىزىللاشتى، جۇڭگودىن ئايرىلىپ كەتمەكچى دەپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەرز ـ شىكايەت سۇنۇپ شىنجاڭ بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كورسەتتى؛ (2) ھىندىستان ھۆكۈمىتى خوتەننى ئۆزئالدىغا سوراش غەرىزىدە بولۇۋاتقان ماخوشەننىڭ ھىندىستاندىن قورال ـ ياراق سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چەكلەش؛ (3) ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ شىنجاڭدىكى كوچمەس مۈلۈكلىرىنى ئالىدىغانلار بولسا سېتىشقا بولىدۇ، ئەمما چەتئەل گىراژدانلىرىغا سېتىشقا بولمايدۇ، جۇڭگو خادىملىرىغا سېتىپ

بىردىشكە بولىدۇ. بۇندىن كېيىن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر
كوچمەس مۈلۈك سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ (4) قەشقەر-
دىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى قۇرغان سىمخانا (تېلېگراف
ئىستانسىسى) ۋە تاشقورغان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى پوچتا
بىر ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ - ھىندىستان ئوت-
تۇرىسىدىكى پوچتا ماتېرىياللىرىنى بىرلىكتە قوشۇپ چېگرىدا
ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ (5) ئەنگلىيە ھوكۇمىتى ياپونىيىنىڭ ھىندىس-
تان ۋە قەشقەردىكى ئاق تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكى-
تىگە دىققەت قىلىش ۋە باشقىلار. دېمەك بۇقېتىمقى سەپىردە
شىنجاڭ ھوكۇمىتىدىن ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ-
كېتىشىدە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى كەڭرەك قويۇۋېتىشىنى تەلەپ
قىلماقچى ئىدى. ئەمما ئۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدىكى
ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولماي-
دىغانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، لېكىن خېلى تىرىشىپ كورۇپ ئا-
خىرى ئۈمىتسىزلەندى. يۇقۇرقى سوھبەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ئارى-
لىقى بەك يىراق بولغىنى ئۈچۈن بىرەر مەسىلىنىمۇ ھەل قى-
لالمىغان دېمەك، مەيۇسلىنىپ تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستان-
غا كەتتى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئارىلاش-
مىغان ئىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە: شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارى-
تىدە 1935 - يىلدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشاۋىرى مىخارىمان
مالىيە خىزمىتى ئىشلىگەن ئىدى. مىخارىمان ئىلگىرى تاشقى

مۇھىملىقىدا خىزمەت قىلغان ئىدى. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مالىيە ئىشلىرى ۋە باج ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتا تۆھپىسى جىق، 1935-يىلى 1936-، 1937- يىللىرىدا ئولكە غەزىنىسى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشاۋىرىنىڭ تەستىقىسىز چىقىم قىلالمايتتى، ئۆلكىلىك بانكىدىمۇ سوۋېت مۇشاۋىرى بار ئىدى.(2) ساۋسىنتورگ شىركىتى ئۈرۈمچىدە ۋە باشقا جايلاردا شۆبىلىرى قۇرۇلغان بولۇپ جىن شۇرېن دەۋرىدە ئىمزالانغان شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق مال ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىدىكى بارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولدى. ھەتتا چېگرىدا ۋاقىتلىق يەرمەنكە ئېچىپ سودىگەرلەر ۋە چارۋىچىلار بىلەن بىۋاستە مال ئالماشتۇردى. (3) 1935 - يىلى شىنجاڭ-سوۋېت ئوتتۇرىسىدا 5 مىليون ئالتۇن سوملۇق قەرز كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بۇ پۇل پۈتۈنلەي تاۋارغا ئايلىنىپ چوچەكتىن كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان قاتارلىق ھەربى ئەسلىھەلەر، قۇرۇلۇش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى بار ئىدى. (4) شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلىرى، مەسىلەن، مايتاغدىكى نېفىتلىك، ئالتاي ئالتۇن كانى، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ دىخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرى، سانائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسىگە سوۋېتلىك ئىنژېنېر ۋە مۇشاۋىرلار تەكلىپ قىلىندى. ھەتتا شىنجاڭ تەمىرات نازارىتى، دىخانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىدىمۇ ئالتۇن كان ۋە سانائەت مۇشاۋىرلىرى بار ئىدى...... بارلىق قۇرۇلۇش پىلانلىرى شۇلار تەرىپىدىن لايىھەلىنەتتى ياكى ئۇلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتەتتى. ئۇلار ھەرقانداق يەرگە ئەركىن بېرىپ كۆزىتەتتى ۋە شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي

ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرەتتى. (5) مايتاغدىكى نېفىت كانى سوۋېت ئىنژېنېرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماشىنا بىلەن ئېچىلدى ۋە نېفىت پروكاتلاش (ئاجرىتىش) ئىشى باشلاندى. قېزىش ئۈسكۈنىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىگەن. نېفىت كانى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئېچىلدى دېيىشكە بولىدۇ.

سىياسى جەھەتتە: (1) ئامانلىق ساقلاش ئورگانلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم ئەۋەتىپ ھەمكارلىشىپ قۇرۇپ بەردى. پەۋقۇلئاددە خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە پەۋقۇلئاددە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بوگانىن بىلەن سېكيۇفۇ ئىككىسى ئورۇنلايتتى. (2) 1936 - يىلى يازدا شىنجاڭدا چېگرا ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭ چېگرىسى سىرتىدىكى جايلارنى كۆزىتىش - تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ھىندىستان، ئافغانىستان، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۆلكىلىرى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئىدى. گەرچە بۇ جايلارغا ئەۋەتكەن ئادىمى كۆپ بولمىسىمۇ، قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىيال ئازئەمەس ئىدى. دەسلەپتە شىڭشىسەي ئۆزى قوشۇمچە باشلىق بولدى. 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن لياۋنىڭلىق چىڭ پېيشىڭ باشلىق بولدى. باش ئوقۇتقۇچى ماچانوۋ جاسۇسلۇق تەجرىبىسى مول ئورۇس ئىدى. (3) سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزۇندىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى

بىر بىرلەپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇلاردىن ۋاڭ شۇچىڭ جاھان-
گىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا باشكاتىپ بولدى. ۋەن شەنتىڭ
(جاڭ يىڭپ) شىنجاڭ گېزىتىگە باش تەھرىر (1936 - يىلى گې-
زىتخانىغا مۇدىر ۋە خارجى ئىشلار باشلىقى بولدى. 1937 -
يىلى قەشقەر ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى)؛ ليۇ شەنچىڭ ئامانلىق
قوغداش باش ئىدارىسىغا مۇئاۋىن جۇيجاڭ؛ رۇەن باۋتىڭ
قاتناش باشقارمىسىغا باشلىق بولدى؛ ۋاڭ باۋچەن چىتەيگە
شەنجاڭ، قەشقەرگە ۋالى، شىنجاڭ گېزىتىگە مۇدىر ۋە خارجى
ئىشلار باشلىقى بولدى؛ جياۋيۇنيۇ (ئايال)، گاۋشيۇيىڭ (ئا-
يال) قىزلار مەكتىۋىگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى؛ مەنسۇر ئەپەن-
دى شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىغا مۇئاۋىن مۇدىر ۋە قۇمۇل ۋى-
لايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا جۇيجاڭ بولدى. (4) شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى سىياسى جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ سىياسەتلەرنى
ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى بەلگىلەش-
تە بولسۇن ئالدى بىلەن سوۋېت كونسۇلخانىسىغا دوكلات
قىلىپ مەسلىھەت پىكرىنى ئالاتتى.

ھەربى جەھەتتە: (1) دۇبەن مەھكىمىسىدىمۇ تەكلىپ
بىلەن كەلگەن سوۋېت ھەربى مۇشاۋىرلىرى بار ئىدى (دەس-
لەپتە مالىكوۋ كېيىن كەلگىنى پىدىن قاتارلىقلار). شىنجاڭ-
دىكى ھەربى تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدە ۋە ھەر قايسى
قىسىملاردا سوۋېتلىك ئوقۇتقۇچىلار (ئوفىتسېرلار) بولۇپ
1936 - يىلدىن كېيىنكى ھەربى مائارىپ بىلەن ھەربى تە-
لىم - تەربىيە پۈتۈنلەي سوۋېت يۆرۈشىدە بولغان ئىدى.

شىڭ دوبەن، مەسلىھەتچىلەر كۈرسى قاتارلىق يۇقۇرى دەرىـ
جىلىك تەلىم - تەربىيە مەكتەپلىرىدە سوۋېت ھەربى ئوقۇتـ
قۇچىلىرى دەرس ئوتەتتى. (2) 1936 - يىلى ھەربى مۇشاـ
ۋىرلار پۈتۈن ئولكىدىكى ئەسكەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قورالـ
ياراقلىرىنى كوزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، بۇ تەكشۈرۈشتە جايلارـ
دا ساقلانغان مىلتىق دورىلىرىنى بۇيرۇق بىلەن ئوز يېرىدە
كويدۈرۈپ تاشلىدى. (3) 1935 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭـ
دىكى قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ قوراللىرىنى سوۋېت
ئىتتىپاقى تەمىنلىدى. 5 مىليون رۇبلى قەرز ھىساۋىدا بېرىلـ
دى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربى كۈچى كۈنساناپ
كۈچلەندى.

مەدەنىيەت جەھەتتە: سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنتتە
ئوتتۇرا ئازىيا دارىلفۇنۇنى قۇرۇپ شىڭشىسەي ھوكۇمىتى ئەـ
ۋەتىپ بەرگەن ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى.
ۋاقتى ئىككى يىللىق ئىدى. تىببى ۋە مال دوختۇرلۇقتىن
باشقا ھەممە دەرسلەرنى ئوقۇتۇپ ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزىم،
لېنىنىزىم ئىدىيىسى ۋە نەزىرىيىلىرىنى سىڭدۈردى.

## 4 - تازىلاش ۋە ئولتۈرۈش

1937 - يىلى شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېچلىنىپ، ئىگىلىك
ئىشلىرى راۋاجلاندى. خەلق تۇرمۇشى كۈنساناپ ياخـ
شىلىنىپ شىڭشىسەي ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ ئىستىبدات ھوكۇمرانلىغى تازىلاش ۋە ئولـ

تۇرۇش باسقۇچىغا كىردى.

ئالدى بىلەن ئۇ، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن يولۋاسنى
يوقاتماقچى بولدى.

مەھمۇت مۇھىتى 1934 - يىلى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى
تەرىپىدىن 36 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى (سىجاڭى)
قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن
قەشقەردە تۇردى. مەھمۇت مۇھىتى بۇ ئىشنى شىڭشىسەي
ھۆكۈمىتى پۇت - قولۇمنى تۇشەپ قويغانلىق دەپ تونۇپ كەلدى.
بولۇپمۇ شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
دوست بولۇش سىياسىتى ئۇنى خاتىرجەم قىلمايتتى. ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى ئادەملەرنى ئۆزلۈكسىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاپىرىپ
تەربىيىلەپ قايتۇراتتى. مەسىلەن، قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز
قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەلىم - تەربىيە كۆرۈپ
كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئارمىيىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك
ئەمەلدارلىققا تەيىنلىدى. مەھمۇت مۇھىتى ئەھۋالنىڭ كۈندىن -
كۈنگە باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، قەشقەر،
ئاقسۇ رايونلىرىدىكى فېئودال كۈچلەر بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتە-
كەندىن تاشقىرى، تۈركىيە، ئافغانىستان، ھىندىستاندىكى
شىنجاڭلىقلار ئارقىلىق چەتئەلنىڭ ياردىمىنى ئېلىش يولىنى
ئىزلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى بىلىپ
تۇراتتى. مەھمۇت مۇھىتى قوراللىق كۈچكە ئىگە، خېلى چوڭ
كۈچ بولمىسا ئۇنىڭغا تەككىلى، ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى
بولمايتتى.

شىڭشىسەينىڭ قەشقەردە ئىككى پولك ئەسكىرى، مارالۋېشىدا ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن روتىسى، ئاقسۇدا بىر پولك ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ كۈچلەرگە تايىنىپ بىر ئىش قىلغىلى بولمايتتى، شۇڭا شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ساقچى ئىدارىسىغا تايىنىپ تەكشۈرۈش، ئىچىدىن بۇزۇپ تاشلاشقا كىرىشىپ 36 - دىۋىزىيىنىڭ قىسمەن كادىرلىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى ...... ساقچىلار قەشقەردە پىتنە - ئىغۋا تارقاتتى. بۇ ئىشلار مەھمۇت مۇھىتىنى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈردى. بۇ ۋاقىتتا شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك 3 - قۇرۇلتاي ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى ھەمدە مەھمۇت مۇھىتىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر گارنىزونى مەھمۇت مۇھىتىنى مەسلىھەت قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار دەپ يېڭىشەرگە تەكلىپ قىلدى. مەھمۇت مۇھىتى خەۋپ - خەتەرنىڭ ئۆز ئەتراپىنى قاپساپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ بىر كېچىسى ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئابدۇنىيازنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ئىشكارغا چىقىش بانىسى بىلەن يەركەنگە قاچتى، مەھمۇت مۇھىتى كەتكەندىن كېيىن ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرىنى قوزغاپ ئۆلكە ئەسكەرلىرى بىلەن يېرىم كۈن ئۇرۇش قىلدى. بىراق قۇربان نىياز تۇەنجاڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشمىغانلىقتىن ئۇ ھەم بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يەركەنگە كەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر گارنىزون سىلىڭى ليۇبىنىڭ ۋالى ۋاڭ باۋچەنلەر مەھمۇت مۇھىتىنىڭ

قاچقانلىقىنى ئۇلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى. شىڭ شىسەي جاۋابەن بۇيرۇق بېرىپ يەركەنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ مەھمۇت مۇھىتىنى قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق كورسەتتى. شۇنىڭدەك شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇدىرى ۋەن شەنتىڭنى قەشقەرغە ئايروپىلان بىلەن ئەۋەتتى. ليۇ بىڭ بىلەن ۋاڭ باۋچەننى ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ليۇ بىڭنىڭ ئورنىغا سەنمۇجاڭ جاڭ يۇفىڭ مۇۋەققەت سىلىڭ بولدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ماخۇشەن قەشقەرغە ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇت مۇھىتى ئاز ئادەمى بىلەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى باشلانغان بولسىمۇ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى پارچە بولۇتلاردەك توزۇپ كەتتى.

شىڭ شىسەي ئەمدى يولۋاسنى يوقىتىشقا يۈزلەندى. يولۋاس بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش ھامان بار ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ چارىسى، تەدرىجىي يوسۇندا قومۇلدا ئوز تەسىرىنى كۈچەيتىش ئىدى. شۇڭا 1934 - يىلى قىشتا قومۇلدا ئامانلىق قوغداش شوبە ئىدارىسى قۇرۇپ ۋالى ئەۋەتىپ ئوزىگە بېقىنىدىغان ئۇيغۇرلارنى جەلپ قىلماقچى بولدى. 1935 - يىلى بارىكولدە ئورۇنباسار ۋالى مەھكىمىسى قۇرۇپ ئۇزۇندىن تاشقى موڭغۇلىيىدە خىزمەت قىلغان ئاباۋنى مۇئاۋىن ۋالىلىققا تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن قازاقلارنىڭ گەنسۇ تەرەپكە قېچىپ يولۋاس بىلەن بىرلىشىپ ئىش كورۇشىگە توسقۇنلۇق قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن يولۋاسنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش

ئىدى. 1936 - يىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى كېڭەيتىپ قوراللىق ساقچىلارنى كۆپەيتىپ شورسۇ ۋە شىڭشىڭشيادا شۇبە ساقچى ئىدارىلىرى (پەيچۇسو) قۇردى. 1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا توپىلاڭ بولغاندا شىڭ شىسەي پىچاندا ئەسكەر كۆپەيتتى. بۇ، قۇمۇلغا كۈچ كۆرسەتكىنى ئىدى. 5 - ئايدا ئايروپىلان ئەۋەتىپ قۇمۇلنىڭ ھاۋا بوشلۇغىنى ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا يولۋاسنىڭ ئەسكەرلىرى ئاللىقاچان شىڭ شىسەيدىن ئايرىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، خوتۇن - بالىلىرىنى قۇمۇل شەھىرىدە تاشلاپ تاققا چىقىۋالدى. يولۋاس قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى قۇمۇلدا تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماي بىر قىسمى قېچىپ شىڭشىڭشياغا بارغاندا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلدى. شىڭ شىسەي بۇ چاغدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى گۇي فاڭ بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربى قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پىڭ لياڭنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ يولۋاسنىڭ تەۋەككۇلچىلىك قىلماسلىقىغا نەسىھەت قىلدۇرغان بولسىمۇ، يولۋاس ئۆزىگە بولغان خەۋپ-خەتەردىن ۋە ئۆزىگە بولغان كاپالەتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى سېزىپ قېچىپ، نەنجىڭگە بېرىپ گومىنداڭنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولدى. يولۋاسنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ يوقىتىلىشى، شىڭ شىسەينىڭ شەرق تەرەپتىكى غەم - قايغۇسىنى تۈگەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىندى.

1 - جەنۇبىي شىنجاڭدا مەھمۇت مۇھىتى قاچقاندىن كېيىن ماخۇشەن ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا قىلغان ھۇجۇمى يېرىم يىل داۋام قىلدى.

ماخۇشەن 1934 - يىلى خوتەنگە بارغاندىن كېيىن بىر ئايغا قالمايلا يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى تازىلاپ تۈگەتتى. گۇيا، پوسكام ناھىيىلىرىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن تاقابىل تۇردى ۋە 1935 - يىلى ئىككى تەرەپ سوھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ موسكۋادا ئىدى. سوھبەت ئۇنۇملۇك بولۇش ئۈچۈن 1936 - يىلى شىڭ شىسەي «ماجۇڭيىڭ باندىتلىرى» دىگەن سۆزنى قىلماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1936 - يىلى كۈزدە ماجۇڭيىڭ ئوزىنىڭ مۇشاۋىرى ۋۇيىڭچىنى موسكۋاغا چاقىرىپ، تېچلىقنى قوبۇل قىلىپ شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇ يىلى ئۇلكە تەرەپ بىلەن ماخۇشەن ئوتتۇرىسىدا تېچلىق بېتىم ئىمزالاندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) پوسكام دەرياسىنى چېگرا قىلىش، ئوز ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق؛ (2) شىڭ شىسەي ھوكۇمىتى ئەۋەتكەن ۋالىلارنى ماقۇل كورۇش، خوتەننىڭ ھاكىم ۋە مەمۇرى خادىملىرىنى شىڭ شىسەي ھوكۇمىتى ئەۋەتىش؛ (3) 36 - دىۋىزىيىنىڭ مۇداپىيە رايونى خوتەن بىلەن چەكلىنىدۇ، ئادەم سانى 4 مىڭدىن ئاشماسلىق؛ (4) ھەر ئىككى تەرەپ سىياسى جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش. شىڭ شىسەي يۇقۇرقى ماددىلارغا ئاساسەن كومىنتىڭدىن ئەزاسى جىڭ يىجۇڭنى پەۋقۇلئاددە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ-

زۇن ئۇتمەيلا خوتەنگە ۋالى قىلىپ تەيىنلەندى، 36-دىۋىزىيىنىڭ مۇشاۋىرى سۇ پەيلىنىڭ بىرسى مۇئاۋىن ۋالى بولدى. بۇچاغدا 36-دىۋىزىيە سوۋېتلىك 2 نەپەر ئوفىتسېرنى تەكلىپ قىلىپ كىنو تەلىم-تەربىيە كۇرسى تەشكىل قىلىپ ۋېكتورووۋنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە قىلغان ھەربى ۋە سىياسى تەلىم-تەربىيەسىنى تەرجىمە قىلدۇردى. مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى يەركەنگە كەلگەندە، ماخۇشەن بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەيگە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىسيانچى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بەلكى ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇشقا ئەسكەر چىقىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تېلېگىرامما يوللىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ 6-دىۋىزىيىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ توپ-توغرا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ 4-ئاينىڭ 11-كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. 12-كۈنى يېڭىشەھەر يېنىدىكى ئايرودورۇمنى بېسىۋېلىپ شەھەرنى قامال قىلدى. قەشقەر كونىشەھەردىكى ئۇلكە ئەمەلدارلىرى نەزەربەنت قىلىندى. پەقەتلا ۋىلايەتلىك گوڭئەنجۈيىنىڭ مۇۋەققەت جۈيجاڭى قادىر ھاجى تۈرمىدىكى "جىنايەتچىلەر"نى تامامەن ئولتۇرۇپ تاشلاپ ساقچىلارنى ئەگەشتۇرۇپ يېڭىشەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى.

ماخۇشەن قەشقەردە شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا خىتاپنامە چىقىرىپ، ئىسلام دىنى ئېتىقاتچىلىرىدىنى بىرلىشىشكە چاقىردى. 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مارالۋېشىنى، 5-ئايدا ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ كۈچارنى قامال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبى ۋە شىمالىي شىنجاڭنى بىر مەزگىل زىل-زىلىگە

كەلتۈردى. شىڭ شىسەينىڭ ئۇلارغا قارشى ئەۋەتىدىغان ئەسكىرىي
كۈچى چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلى-
رىنىمۇ كۈچارغا ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. ئۇرۇش ۋەزى-
يىتىدە 6 - ئايغا قەدەر ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى.
ماخۇشەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا ھۇجۇم قىلىشى ئار-
قىسىدا كۈچاردىكى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ئايرودرۇمنى
قولدىن بېرىپ قويغىلى قىل قالدى. 9 - ئايغا يەتكەندە ئاتۇش
تەرەپتىن 40 دانە ئايروپىلان، 20 دانە تانكا بىلەن ئىككى
پولك قىرغىز ئەسكەرلىرى، بىرپولك ئورۇس ئەسكەرلىرى چېگ-
رىدىن كىرىپ ئۈشتۈمتۈت مارالۋېشىغا ھۇجۇم قىلىپ ماخۇشەن
ئەسكەرلىرىنى ئىككىگە بولۇپ تاشلىدى. ئەمما ئۇلار قەيسەرلىك
بىلەن بىرەر ئايدىن ئارتۇق جان تالىشىپ 10 - ئايغا كەلگەن-
دە، قىرغىزلار پولكى گۇمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىلا، ماخۇ-
شەن يېقىن ئادەملىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.
قەشقەر يېڭىشەرنى قامال قىلىپ تۇرغان ماسىڭگۇي ئامەتىنىڭ
كېتىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ تەسلىم بولدى. قىرغىز ۋە
رۇس ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كىرىپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا
كىرىشتى.

36 - دېۋىزىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ ئاقىۋىتى ئىنى-
تايىن ئېچىنىشلىق بولدى. ماسىڭگۇي لۇيجاڭ، مۇئاۋىن سىجاڭ
ماشۇن، ھەربىي تەمىنات باشلىقى چىڭ چىنيۇ قاتارلىقلارنى
10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئايروپىلانلىرى خوتەندىن
ئېلىپ كەتتى. نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. پەيجاڭدىن يۈ-

قۇرى ھەربى ئەمەلدارلار بىلەن كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەرنى قىرغىز ۋە رۇس ئەسكەرلىرى ماشىنىلارغا بېسىپ زاۋا تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ قىرىپ تاشلىدى. ئاز ساندىكىلىرى چەرچەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا قېچىپ قۇتۇلدى. دېمەك ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا قالدۇرغان قالدۇق قىسىملىرى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭمۇ تىنچلاندى.

لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە قىلىنىدىغان قىرغىنچىلىق ئاخىرلاشمىغان ئىدى.

ئۇرۇش ۋاقتىدا كۇچار تەرەپتىكى ئۇيغۇرلاردىن "باندىتلار"غا ھەمداشلىق قىلدى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئولتۇرۇلگەنلەر مىڭدىن ئاشىدۇ. قىرغىز ۋە رۇس ئەسكەرلىرى قەشقەر، خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باش ئىشتابنى يەركەندە قۇردى. قەشقەر، خوتەندە شۆبە ئىشتاپ قۇرۇپ 1937 - يىلى 10-ئايدىن 12 - ئايغىچە گوڭئەنجۇنىڭ قولى بىلەن ئۇيغۇرلارنى، ھەر قايسى ئىدارە باشلىقلىرىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قولغا ئالغاندىن تاشقىرى ئاتالمىش ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر دېگەنلەرنى ئۇزلىرى ئاقتۇرۇپ قولغا ئالدى. ئۇمۇمەن، شامەنسۇر، تۆمۈر ئېلى، ئوسمان ئېلى، ساۋۇت داموللا، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ماخۇشەنلەرگە ئەگىشىپ "ئىسيان" قىلغانلار ھىندىستانلىق شاڭزۇڭلار، ئادەتتە ئەنگلىيە ۋە ھىندىستانلىقلار بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋەتلەشكەن ھەر مىللەت خەلقى ئامان قالمىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بەگ ۋە زىيالىلار تېخىمۇ پاجىئەلىك كۈنلەرگە گىرىپتار بولدى. قولغا

ئېلىنغانلارنى قىرغىز ۋە رۇس پولكلىرى قامىدى ۋە سوراق
قىلدى. قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە خەنزۇ مەمۇرى خادىملارمۇ ئاز
ئەمەس. مەسىلەن، يېڭىشەرنىڭ شەنجىڭى سۇشياۋبۇ، ھەربى تە-
مىنات باشلىقى ۋاڭ رۇشىن، قەشقەر ئەدلىيە خادىمى شۈي
قاتارلىقلار...... بۇنىڭدىن تاشقىرى قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت
ۋالىسى جىڭ يىجۇن، مۇئاۋىن ۋالى يۈجىڭگولارنىمۇ قولغا
ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. يۈجىڭگونى يول ئۈستىدە
ئېتىپ تاشلىدى. قەشقەردىكى سوراقتا، قىرغىز، رۇس پولك-
لىرىنىڭ ھەربى - قانۇن مۇشاۋىرى پولكوۋنىك شاكىر مەس-
ئۇل بولدى. خوتەندىكى سوراقتا ئىشتاپ قوماندانى كونىستان-
تىنوۋ مەسئۇل ئىدى. ئومۇمەن شۇۋاقىتتا قولغا ئېلىنغانلار
3 - 4 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ بىردىمى مەخپى ئۆلتۈرۈل-
دى، بەزەنلىرىنى تىرىك كۆمدى، بەزەنلىرىنى پىلىموتقا
تۇتتى، تاكى 1940 - يىللارغىچە قەشقەر، خوتەن ئارىلىقىدىكى
جەزىرىلەردە بىگۇنا ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئاپپاق ئۇستىخانلىرى كۆز-
گە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۆلتۈرۈش ۋانىدا ئۇلارغا كۆرسەتكەن
جەۋرى - زۇلۇملارنى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى
بولمايدۇ.

ئاقسۇ، قاراشەردىكى خەلقلەرمۇ ئوخشاشلا جەۋرى
كۆردى. ئەمما قەشقەر، خوتەنگە قارىغاندا ئۆلتۈرۈلگۈچىلەر
سان جەھەتتە ئازراق بولدى.

1937 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا رۇس پولكى
جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىپ كەتتى، قوماندان كونىستانتىنوۋ

مېڭىش ئالدىدا خوتەن تۈرمىسىدىن 20 نەچچە ”گۇناكار“نى بىللە ئېلىپ مېڭىپ لوپ يولىدا ئېتىپ تاشلىدى، ئىككى پولك قىرغىز ئەسكەرلىرى ئۆلكە ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىپ بىر پولكى قەشقەردە تۇردى، يەنە بىر پولكى خوتەندە چېگرا ساقلاش دادۇيىگە ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭ - ھىندىستان چېگرىلىرىدا ۋە خوتەن ئەتراپىدا تۇردى، شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى قىرغىز، رۇس پولكلىرى بىلەن بىللە كەلگەن تاشپۇلات ئىسىملىك بىر كىشىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك جخ ئىدارىسىنىڭ باش كومىسسارلىقىغا؛ يولداشوپنى يېڭىشەر جخ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا؛ قىرغىزىستانلىق داتۇقىنى قاغىلىق جخ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا؛ تاجىكىستانلىق ئالىزانى خوتەن ۋىلايەتلىك جخ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭلىقىغا بەلگىلىدى. بۇ ئادەملەر 1939 - يىلىغا كەلگەندىلا شىنجاڭدىن قايتىپ كەتتى. ئۇلار خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەرنى ئۆز مەيلىچە تۇتقۇن قىلىپ قولغا ئالدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى قەشقەر، خوتەن خەلقلىرىنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىدە بار.

شۇ قېتىمقى تازىلاش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئىنتايىن قورقۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىمۇ قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

شىڭشىسەي ماخۇشەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدە تازىلاش ئىشلىرىنىمۇ باشلىغان ئىدى. بۇ تازىلاش تەسادىپى بولماستىن بەلكى سىياسى ئارقا كورۇنۇشى ھەمدە ۋاقىت خاراكتېرى بار ئىدى.

1935 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ
قارىشىچە ئۇ ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن خەۋپلىك بولغان بىر
قانچە خىل كۈچ پەيدا بولغان ئىدى. بۇنىڭ بىرسى سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بولشېۋىكلەرنى مەركەز قىلغان كۈچ ئىدى.
بولشېۋىكلەر ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق
بىلەن ئىشلىگەن ئىدى، ھەتتا ئۇزىنى ۋە كەلگەن يەرلىرىنى
ئىقرار قىلمايتتى. گوڭچەنداڭ تەشكىلى توغرىسىدا ھېچكىمگە
سۆزلىمەيتتى. بەلكى رۇس تىلى بىلىدىغانلىغىنىمۇ يوشۇراتتى.
ئەمما، بەزەن خىزمەتچىلەر، مەدەنى مائارىپچىلار بۇ كىشىلەرنىڭ
شىنجاڭ ئولكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىنى،
ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئارقا تايانچى بارلىقىنى چۈشىنەتتى.
شۇڭا كوپلىگەن سولچىل ئىدىيىدىكى كىشىلەر ۋە پۇرسەتپەرەسلەر
(ئوپپورتونىستلار) ئاستا - ئاستا ئۇلارغا يېقىنلاشقان ئىدى.
لېكىن ئۇلار بۇ خىل مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ تەشكىلات
قۇرىدىغان ھەركەتلەردە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا
ئادەم قويدى. شېڭ شىسەي دەسلىۋىدە پۇل، مەنسەپ ۋە
تۇققان بولۇش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇزىگە تارتتى.
مەسىلەن، 1936 - يىلى ئۇزىنىڭ 2 - سىڭلىسىنى ياشىنىپ
قالغان ۋاڭ شۇچىڭغا تويى قىلىپ بەردى. ئۇندىن باشقا
بولشېۋىكلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلدى. لېكىن ئۇ، بۇ
كىشىلەرنىڭ ھامان ئۇزىگە سادىق ئەمەسلىگىنى ھېس قىلىپ،
ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چورىدىگەن زىيالىلارغا
زەربە بېرىشكە باشلىدى ھەمدە ئۇلارغا بولغان نازارەتنى

كۈچەيتتى. 1936 - يىلى بىر قىسىم سولچىلارنى چەت جايلارغا خىزمەتكە تەيىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولشېۋىك ئۇنسۇرلارنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەنلىكى توغرىسىدا ئاخبارات يوللىدى. بۇ، بولشېۋىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقاندىن كېيىن ھەممىسى دىگۈدەك جازالاندى. 3 - ئىنتېرناتسىونال ئۇلارغا ئانچە ئىشەنمىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئۇ خىل سويىقەستى قەدەممۇ - قەدەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشۋەردى.

2 - يەرلىك مىللى زاتلارنى مەركەز قىلغان كۈچلەرمۇ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە ئىنتايىن خەۋپلىك تەسىر قىلاتتى. يەرلىكلەردىن يېڭىدىن ئوسۇپ يېتىلگەن ئۇنسۇرلار چەتنىڭ ياردىمىنى ئېلىش كويىغا چۈشكەن ئىدى. مەسىلەن، مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىياز ھاجىنىڭ چەت بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغاندەك ئالتايدىكى شەرىپخانمۇ شۇنداق ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدد- ى - مائارىپ خىزمەتلىرى يەرلىك مىللەتلەردىن يېڭى ئوسۇپ چىققانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شىڭ ھوكۇمىتى گەرچە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە مائارىپ خادىملىرى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، تىل ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن زىيالىلارنى جەلپ قى- لالمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئەۋەتكەن ساقچى ۋە مائارىپ خادىملىرى، مەسىلەن، قادىر ھاجى، مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىقلار شىڭ شىسەينى كوزىگە ئىلماي ئوزئالدىغا ھەركەت قى- لىپ كوپلىگەن خادىملارنى ئوزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. مەنسۇر ئەپەندى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەش-

ۋەقات خىزمىتى ئارقىلىق مىللى ئىنقىلاپ ئىدىيىسىنى كۆن تەر-
تىشۋىگە قايتا كىرگۈزگەن ئىدى.

ۋاقىت خاراكتېرى دېگىنىمىز، ئۇچاغدا جەنۇبىي شى-
نجاڭدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ياخشىلىنىپ تېچلىققا يۈزلەنگەن
ئىدى. 2 - دىن يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىلىپ،
شەرق ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغان گومىنداڭ ھوكۇمىتى
كەلگۈسىدە شىنجاڭغا يولۇنۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، سىياسى جە-
ھەتتە شىڭشىسەينى ئاۋارە قىلمايدىغان بولدى، 3 - دىن
1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇخارىن، دۇخاچېۋسكى قاتارلىق-
لارنى قولغا ئېلىپ يوقاتتى. شۇنىڭدەك پۈتكۈل خارجى خادى-
لارنى، چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەرنى تازىلىدى. شۇ يىلى ئوت-
تۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان مىللەتچىلەرنى بولۇپمۇ ئۆزبېك مىل-
لەتچىلىرىنى قولغا ئېلىپ يوقاتتى، بۇھەركەت شىڭ شىسەيگە ئۇ-
لۇشلۇق ياردەم بەردى. شۇ ئاساستا شىنجاڭدىكى بولشېۋىكلەرگە
چەتئەل جاسۇسى، خارجى خادىملارغا تروتسكىچى دېگەن قالپاقلار-
نى كەيگۈزدى.

1937 - يىلى 7 - ئايدا شىڭ شىسەي ”چوڭ
سۈيىقەست“ دېگەن ئەنزىنى ياساپ چىقىپ، ئالدى بىلەن
شىڭ شىسەيگە قەست قىلماقچى دېگەن ئىغۋانى تارقىتىپ قۇتۇبى
شەنجىڭى جاڭ بىلەن مىچۇەندىكى پومىشىڭ ۋەن × × نى
قولغا ئالدى. بۇئىككىسى خۇنەنلىك بولۇپ ”ئىنقىلاپچى“ دەپ
ئاتالغان مائارىپ نازىرى جاڭ شىڭ ۋە خۇنەنلىك ئىككى نە-
پەر ھەربى ئەمەلدارلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار دېگەن

گۇنا بىلەن قولغا ئېلىندى. شىڭ شىسەي جاڭ بىلەن ۋەن ئىك-
كىسىنى 2 - تۈرمىدە قىيىن قىستاققا ئېلىپ جاڭ شىڭنىڭ
پىلانلىشى ئاستىدا دۇبەن، جۇشىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلكىلىك ھو-
كۈمەتنى ئاغدۇرماقچى دەپ ئىقرار قىلدۇردى. شۇيىلى 9 - ئاي-
نىڭ ئاخىرلىرى جخ باشقارمىسىغا مەخپى بۇيرۇق تارقىتىپ
ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلىرىدىن توۋەن بولغان ئەمەلدار
ۋە مائارىپچىلاردىن، ھەربى ئەمەلدار ۋە چوڭ سودىگەرلەردىن
بىرقانچە يۈز ئادەمنى قولغا ئالدى. باشلىق ۋە مۇھىم كىشىلەر-
نى 2 - تۈرمىگە قاماپ قىيىن قىستاققا ئېلىپ، ياپون جاھان-
گىرلىگىنىڭ پۇلى بىلەن ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇرۇپ ھوكۇ-
مەتنى ئاغدۇرماقچى دەپ ئىقرار قىلدۇرۇپ مەزكۇر تەشكىلاتقا
قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىگىنى تۈزۈپ چىقتى. شىڭ شىسەي ھەر
ۋاقىتتا سوراقچىلارغا تېلېفون بېرىپ قايسى گۇناكاردىن قانداق
ئىقرار ئېلىشنى، قايسى گۇناكارغا قانداق جازا قوراللىرى
قوللىنىشنى كورسەتتى. 1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا
ھەربى سوت باشلىغى پىڭ لياڭغا، تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن
نازىرى چېڭ شياۋجۇ بىلەن ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن نازىرى لەن يەنشۇنى سوت قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرى
بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىگىنى ئىقرار قىلدۇرۇشقا بۇيرۇق
بەردى. بىراق پىڭ لياڭنىڭ كوڭلى يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈن
يالغان ئىقرارنامە ئالالمىدى. شۇڭا 9 - ئايدا پىڭ لياڭنىڭ
ئوزىنى قولغا ئالدى. سوراق ئۈستىدە پىڭ لياڭ، شىڭ شىسەي
قانداق ئىقرارنامە ئېلىش توغرىسىدا ئوزى بۇيرۇق قىلغان
دەپ ئىنتايىن ئۇنۇملۇك پاش قىلغان ئىدى.

10ـ ئايغا كەلگەندە شىڭ شىسەي قىستاپ ئالغان ئىقرارنامىلارغا
ئاساسەن، مۇئاۋىن رەئىس خوجانىياز ھاجىدىن تۆۋەن ھەر مىللەت
ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقلەردىن بىر قانچە يۈز كىشىنى قولغا
ئالدى. تۈرمىدە خەلق يىغىنى ئېچىپ، مەزكۇر ئەنزىدىنىڭ
پاش قىلىنغانلىقى، سوراقنىڭ ئۆتمۈشلىرى توغرىسىدا دوكلات
قىلدى ۋە پۈتۈن شىنجاڭغا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. مەركىزىي
ھۆكۈمەتكە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي ئورگانلىرىغا تېلېگىرامما
يوللاپ مەزكۇر تەشكىلات تروتسكىچىلار ۋە ئۆزبېكىستان
مىللەتچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىدىن
ئىقتىسادىي ياردەم ئېلىپ، شىنجاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى
يۈرگۈزۈپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ماسلىشىش، جۇڭگو ـ سوۋېت
دوستلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ خەلقئارا ياردەم يولىنى كېسىپ تاشلىماقچى
بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا سوراق
ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم ئەـ
ۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى: شىنجاڭدىكى ئىدارە،
ھۆكۈمەت، ھەربىي قىسىملار ۋە خەلقنىڭ كۆرۈنۈشتىكى قىزغىن
ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە مەزكۇر ئەنزىدىكى باشلىقلارغا
ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا پىكىر سۇندى. سوۋېت ئىتتىـ
پاقى تەرەپ سادىق باي، سېمونوۋ، ياقۇپلارنى ئەۋەتتى، بۇ
كىشىلەر سوت قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. شىڭشىسەي
ئۇلاردىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن شىنجاڭغا ئەـ
ۋەتكەن ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنى قولغا ئالدى.

شۇ ئايدا شىڭشىسەي ئۆز تورىنى چەت جايلارغا سېلىپ ئىلى ۋالىسى چېڭ دېلى باشلىق 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى، چوچەك ۋالىسى جياۋدېشۇ باشلىق 60 تىن ئارتۇق ئادەمنى، قۇمۇل ۋالىسى شۇن شياۋيۇەن باشلىق ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەرقايسى شەنجاڭ ۋەمۇئاۋىن شەنجاڭ-لاردىن 20 نەچچە ئادەمنى، ئاقسۇ ۋالىسى سالى باشلىق يۈز قانچە ئادەمنى، قەشقەر ۋالىسى ۋەن شەنتىڭ، خوتەن ۋالىسى جىڭيىجۇن باشلىق ھەر ساھە خەلقلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۈرۈم-چىدە پەۋقۇلئاددە تۈرمىلەردىن ئۈچ، ئادەتتىكى تۈرمىلەردىن بەش ئورۇندا بار ئىدى. شىڭشىسەي خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دۈبەن مەھكىمىسىدە مۇشاۋىرلىق قىلىۋاتقان غۇلجىلىق ئورۇس بىلىنوۋقا رۇسلار «ئىسيان» كۆتىرىش تەشكىلاتىغا قاتناشمىدى دەپ مۇكاپاتلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن 1938 - يىلى يېڭى يىلدا سوزلەنگەن نۇتۇقتا، ھۆكۈمەت بىر ئادەمگىمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك بىر ئادەمنىمۇ تۇردىن چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، قولغا ئېلىنغانلارغا تەلىم - تەربىيە بې-رىپ يېڭى ئادەم قىلىنىدۇ، دېدى.

1938 - يىلى 2 - ئايغا كەلگەندە شىڭشىسەي يەنە تور سېلىپ ئىلى رايونىدىكى ئاق ئورۇسلاردىن 30 كىشىنى، باشقا جايلاردىكى ئاق ئورۇسلاردىن 40 كىشىنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈم-چىگە ئېلىپ كەلدى. ئالتاي قازاقلىرىدىن تۈرمىگە ئېلىنغان-لارمۇ 30 دىن ئارتۇق ئىدى. شىنجاڭدىكى مەشھۇر تىجارەتچى

بايلاردىن خۇسەيىن باي، تۇرسۇن بابا دىگەنلەرنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالتۇن ۋە ماللىرىنى مۇسادىرە قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ توغرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە دۇبەن مەھكىمىلىرى ئالاھىدە ئېلان چىقىرىپ بۇ سودىگەرلەر ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا ماسلاشماقچى دەپ جاكالىدى، بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىش دولقۇنى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى.

شىڭ شىسەي بۇ قېتىمقى چوڭ تازىلاش دىگىنى 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە داۋام قىلىپ جەمئى 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. بۇنىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگىنى 8 يۈزدىن ئارتۇق، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مال - مۈلۈك ۋە مۈقىم مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. قولغا ئېلىنغانلارنى ئائىلە تاۋابات ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى، ئۆز ئارا خەۋەر ئېلىشتۇرمىدى. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى سىياسى گۇناكارلار قامالغان تۈرمىلەرنى جخ ئورگانلىرى باشقۇراتتى. تۈرمىنىڭ تەشكىلى ئىنتايىن پۇختا (چىڭ) بولغاچقا ھەر قانداق گۇناكار تۈرمە باشقۇرغۇچىلاردىن مەدەت ئېلىشقا ئامالسىز ئىدى. شۇنداقلا سوراق ئەھۋالى ۋە گۇناكارلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا ھېچكىم خەۋەر تاپالمايتتى. شۇ ۋاقىتتا تۈرمىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ سۈرۈشتە قىلالمايتتى. قولغا ئېلىنغانلار تۈرمىگە سولانغان كۈندىن باشلاپ ئەركىنلىكتىن ۋە كىشىلەر ئارا

بولىدىغان مۇناسىۋەتلەردىن مەھرۇم بولاتتى.

شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە سوراق قىلىنىۋاتقانلار ھېچقانداق سىياسىي - ئىدىيىسى يوق ۋە بىلىمى يوق كىشىلەر بولغاچقا بۇ «سۇيىقەست» لىك ئەنزىدىن ھېچقانداق گۇمان قىلمايدىغان قارا قوساق زالىملار ئىدى. شىڭ شىسەي مەلۇم گۇناكاردىن مەلۇم «ئىقرار نامە» نى ئېلىڭلار دېسە ئۇلار ئامال قىلىپ شۇ ئىقرارنامىنى ئالاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سوراقچىلار بۇ ئىقرارنامىلارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆز دۆلىتىگە ئەۋەتەتتى. 1938- يىلى 6 - ئايدا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن خىزمەتچىلەردىن مەسىلەن، ۋەنشەنتىڭ قاتارلىقلارنى قايتۇرۇۋەتتى.

بۇ قېتىمقى چوڭ تازىلاش پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى جىددىيلىككە، تەھدىتكە قاراپ يۈزلەندى.

1936 - يىلى بىر قىسىم قىزىل ئارمىيە (تەخمىنەن 500 ئادەم) گەنسۇ خېشى رايونىدا مابۇفاڭ تەرىپىدىن توسىغاندا چېكىنىپ قۇمۇلغا كەلگەن ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ مەلۇم گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى دەپ ئاتىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى چەكلىدى. 1937 - يىلى بۇ 500 نەپەر ئادەمنى ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋى، ئاپتوموبىل كۇرسى ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىلىرىغا تەقسىم قىلدى. يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى. 7 - ئىيول ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

باشلانغاندىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىش توغرىسىدا سوھبەت ئۆتكۈزدى. شىڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلەش تەلىۋىنى قارشى ئالىمەن دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ئەمما كوڭلىدە جۇڭگوكومپارتىيىسىگە بولغان ھىسسىياتىنى كېچىكتۈرۈش ۋە شىنجاڭ جەمىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا ماسلاشتۇرۇشنى بانا قىلىپ، كومپارتىيە خادىملىرى شىنجاڭدا ۋاقىتىنچە مەسلەك تەشۋىق قىلماسلىق ۋە پارتىيىنىڭ تەشكىلات خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئىمكان قەدەر شىمالىي شەنشىگە ماددىي ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ماقۇل كەلدى. بۇشەرتلەرنى كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماقۇل كوردى، شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىلى كومپارتىيە خادىملىرى زور تۈركۈملەپ ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە 8 - ئارمىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىش باشقۇرۇش ئورنىنى قۇردى.

1937 - يىلدىكى چوڭ تازىلاشتا شىڭ شىسەي ھوكۇمىتىنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرى بوشاپ قالغان ئىدى. بوش ئورۇنلار كومپارتىيە ئەۋەتكەن خادىملار بىلەن تولۇقلاندى، ماۋزېمىن (ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنىسى) مالىيە نازىرى بولدى. مىڭ يىمىڭ مائارىپ نازىرى قوشۇمچە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يۈەنجاڭى بولدى، خۇاڭ مىنخۇا جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىۋى قوشۇمچە سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بولدى، خۇاڭ يىمىڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى،

لىيۇشىپىڭ قۇمۇلغا ۋالى بولدى، ۋاڭ شاۋچۇن
شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
قوشۇمچە باش تەھرىر بولدى...... بۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەش روھى
ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. ئەمما ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ قانداق-
لىغىنى ۋە شىنجاڭ شارائىتىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار خىزمەتكە
تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش بىلەن تىروتسكىچىلارغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق
قىلىپ 8 - ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش غەلىبىلىرىنى نامايەن قىلدى.
ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا
كەلتۈردى. شىڭ شىسەي ئۇلارغا نىسبەتەن بىرتەرەپتىن ئالداپ
ئىشقا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تەقىپ قىلىش تاك-
تىكىسى قوللاندى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەۋەتكەن زور تۈركۈم-
دىكى خادىملار ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن خادىم-
لارغا مۇتلەق ئوخشىمايتتى. سوۋېتلىكلەر تۇرمۇشتا راھەت -
ھالاۋەتنى ئاساس قىلسا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەۋەتكەن خادىم-
لار پايدىلىق ئىش قىلىپ، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىزمەت-
لەرنى ئىنقىلاپ ئۈچۈن قانات يايدۇراتتى، ئۇلارنىڭ بۇخىل
ئىپادىسى شىڭ شىسەينى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرى ئۆز ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ شىنجاڭدا پارتىيە
تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۈز-
لۈكسىز كۈچلەندى ۋە كېڭەيدى. كەلگۈسىدە ئاممىنىڭ ئىدى-
يىسىدە ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇدېنىڭ تەسىرى شىڭ شىسەينىڭ
تەسىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىغى ئېنىق بولۇپ قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى 1938 - يىلدىن كېيىن شىڭ شىسەيىنى خېلىلا ئالدىرىتىپ قويغان ئىدى. (1) 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 8 - پولكى قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇپولكنىڭ ئەمەلىي ئادەمسانى دولەت ئارمىيەسىنىڭ بىرىگادا (لۇي) بىلەن باراۋەر بولۇپ، پۇتۇنلەي مېخانىكلاشقان ئىدى. قۇمۇل ، باركول، شىڭشىڭشيالارغا جايلىشىپ شىنجاڭنىڭ كېلىدىن بوغۇۋالغان ئىدى؛ (2) چېگرا ئىشلار باشقارمىسى پۈتۈنلەي سوۋېت خادىملىرىنىڭ كونتورۇللۇغى ئاستىدا چېگرىدىنىڭ سىرتىدا خىزمەت ئىشلىدى. شۇ چاغلاردا ئىچكى ئولكىلەرگە ئەۋەتىلگەن جاسۇسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرى تووەندىكىچە ئىدى.

## لەنجۇدىكى 1 - گورۇپپا

ۋالى — يۇەن چۇشى، لەنجۇ 1940 - يىل 4 - ئايدا بارغان

مۇئاۋىن ۋالى — چېن يۇيىلىڭ، لەنجۇ

ئەزا — ۋۇزىجۇڭ، نىڭشيا 1939 - يىل 7 - ئايدا بارغان

ئەزا — جاڭ چىڭرۇ، لەنجۇ 1939-يىل 7 - ئايدا بارغان

رادىست — ۋاڭمىڭگاڭ، لەنجۇ

ئەزا — جاۋشۇرېن، ۋۇۋېي 1940 - يىل 4 - ئايدابارغان

## لەنجۇدىكى 2 - گورۇپپا

مۇئاۋىن ۋالى — گاۋبىڭدۇ، لەنجۇ 1939 - يىل 6 - ئاي

ئەزا — ماجىنشىن، شىنىڭ 1939 - يىل 7 - ئاي

ئەزا — لى زويىڭ، شىنىڭ 1940 - يىل 12 - ئاي

بوغالتىر ــ جۇشىڭيۈەن، لەنجۇ 1939-يىل 6 - ئاي

ۋاڭ فـۇتيەن، لەنجۇ 1939-يىل 7 - ئاي

شوپۇر ــ بۇگو فاڭ، لەنجۇ 1939-يىل 7 - ئاي

## شۇيجۇ گۇرۇپپىسى

ۋالى ــ لىن دې، جيۇچۇەن 1939-يىل 12 - ئاي

مۇئاۋىنۋالى ــ زىڭ شاۋلۇ، جيۇچۇەن 1937-يىل 7 - ئاي

ئىستانىسە باشلىغى ــ ۋۇشۇلى، جيۇچۇەن 1940-يىل 7 - ئاي

رادىست ــ گاۋچىڭشىڭ، جيۇچۇەن 1940-يىل 7 - ئاي

ئىستانىسە باشلىغى ــ لىجيۇلىن، جيۇچۇەن 1934-يىل 4 - ئاي

## مۇستەقىل گـۇرۇپپا

ئەزا ــ ۋاڭ يۈەنچىڭ، جيۇچۇەن 1941-يىل 5 - ئاي

ئەزا ــ روخۇاڭلۇ، لەنجۇ 1941-يىل 5 - ئاي

ئەزا ــ جاڭ ياۋنيەن، شىنىڭ 1941-يىل 5 - ئاي

ئەزا ــ جاڭ بىڭۋۇ، نىڭشيا 1941-يىل 5 - ئاي

## ئېرلىزدخـې دەرياسىدىكى گۇرۇپپا

جۇرېن ــ لاڭ ۋېنجىن، ئېرلىزدخې 1941- يىل 4 - ئاي

كاتىپ ــ خالىسىن داس، ئېرلىزدخې 1941- يىل 4 - ئاي

ئىستانىسە باشلىغى ــ ۋاڭ جىچىڭ، ئېرلىزدخې 1940 - يىل 3 - ئاي

رادىست ــ زىڭ لەنفاڭ، ئېرلىزدخې 1941- يىل 4 - ئاي

بۇ خادىملارنىڭ چەتتىكى پائالىيىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرىنى شىڭ شىسەي بىۋاستە بىلىپ تۇراتتى. لەنجۇدىكى بىرىنچى گورۇپپىنىڭ ۋالىسى يۈەن چۇشىنى چىڭ پىسىلىڭ بىۋاستە تونۇشتۇرغان بولۇپ ھەرقايسى گورۇپپىلارنىڭ خىزمىتىنى ۋە چىقىمىنى ئىگەللەپ باشقۇراتتى؛ (3) 1935 - يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىۋلوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى، مەدەن تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى زورتوركۆملەپ غۇلجىغا كىرىپ ھەرقايسى جايلارغا تارقالدى؛ (4) 1937 - يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى يېرىم مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى؛ (5) 1937 - يىلىدىكى تازىلاشتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرىدىغان بەش كونسۇلخانا خادىملىرىدا يوتكىلىش بولدى. جەنتەللىكلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىش - كېتىش ئىشلىرىدا ھېچقانداق رەسمىيەت ئۆتەمەستىن ئەركىن كىرىپ - چىقىپ شىنجاڭدا يۈرۈۋەردى؛ (6) شىنجاڭنىڭ بىر قانچە رايون ناھىيىلىرىدىكى جخ ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ جۇيجاڭ، مۇئاۋىن جۇيجاڭلىرىدىن بەزەنلىرى ئۆزلۈكىدىن سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇندى. بەزەنلىرى سوۋېت گىراژدانى ئىدى. ئۇلار گوڭئەن باشقارمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي ئۆز ئىختىيارىچە ھەرىكەتلەندى؛ (7) 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادا تۆمۈر - پولات زاۋۇدى قۇردى. جخ باشقارمىسىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا

بۇ زاۋۇتتا ئايروپىلان ئىشلەپچىقىراتتى؛ (8) شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان سوۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ شىنجاڭلىقلارنى سوۋېت گىراژدانلىقىغا ئېلىش ئەركىنلىكى بار ئىدى. 1938 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدىكى تەھلىكە كۈنساناپ كەسكىنلەشكەندىن كېيىن بىر مۇنچە ئادەملەر ئۆزىنى قوغداش ۋەجىدىن سوۋېت گىراژدانلىقىغا كىردى. گىراژدان بولغانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى.

1939 - يىلى بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى تېچ مۇقىم بولسىمۇ، دۇنيا ۋە جۇڭگودا چىددى ئۆزگىرىشلەر بولدى. سوۋېت - گېرمان شەرتنامىسى ۋە سوۋېت - ياپون مۇناسىۋىتى جىددىيلىكتىن پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ پۇرسەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنى تولۇقلىدى. جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتى تىركىشىش باسقۇچىغا ئۆتتى. بۇ پۇرسەتتە گومىنداڭ مەركىزي هۆكۈمىتى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ هۆكۈمرانلىق تەسىرىنى كۈچەيتتى. بۇ ئىشلار شىڭشىسەي هاكىمىيىتى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. هالبۇكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلەر بىلەن كۈچلەر راۋاج تاپقان ئىدى.

شىڭشىسەي بىر تۈركۈم كومپارتىيە خادىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مەمۇرى خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئەۋەتتى. مەسىلەن، خۇاڭ مىنفۇنى ئاقسۇ ۋالىيلىقىغا، لىن جىلۇنى كۇچارنىڭ هاكىملىقىغا تەيىنلىدى. باشقىلارنىمۇ هاكىم، باجخانا جۇيجاڭلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. بۇلارنى چەت ناھىيىلەرگە خىزمەتكە ئەۋەتكەنلىكىنى

تەشۋىقات خىزمىتىنى خەلق ئارىسىغا ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بولدى دىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي ئۇلارنى تىلى، ئورپ-ئادىتى ئوخشاش بولمىغان ئاما ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدەك موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى-چاقىرىپ چارۋىچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى يۇرۇمچىگە توپلاپ قۇرۇلتايدىن كېيىن ۋەكىللەرنى چارۋىچىلاردا ساقلانغان قوراللارنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىشكە ۋە مەسئۇل بولۇپ قورال-ياراق يىغىپ بېرىشكە قىستىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىرغىزلار قىرغىز پولكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۇلاردا تەۋرىنىش پەيدا بولغان ئىدى. قازاقلارمۇ شىمالىي شىنجاڭدىن گەنسۇغا قېچىش تەييارلىقى كورۇپ خاتىرجەم بولمىغان ئىدى. شىڭ شىسەي كوپلىگەن ماتىرىياللارنى ئىشلەپ چىقىپ، چەتئەللىك مۇشاۋىرلارنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، 1939 - يىلى كۈزدە زور تۈركۈمدە دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرى، ئەسكەرلەر، ئۇيغۇر، قازاق كادىرلىرىنى قولغا ئېلىش، زەھەرلىك جازالاش ئارقىلىق ئۇلاردىن "چوڭ سۇيىقەست" ئەنزىسىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئوز تەسەۋۋۇرىدىكى سىياسى دۈشمەنلەرنى داۋاملىق تۇتقۇن قىلدى.

شىڭ شىسەي بۇ قېتىمقى "سۇيىقەست" ئەنزىسىنىڭ چەمبىرىگىنى دۇجۇڭيۈەنىڭ بېشىغا كەيدۈردى. چۈنكى دۇ-جۇڭيۈەن شۇ ۋاقىتلاردا نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. ئىچكى ئول-كىلەردىمۇ سىياسى مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ ئىدى. ئەگەر ئۇ-نىڭ ياۋۇز نىيىتى باردىسەكمۇ، شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا مەسلىھەتچى بولۇشتىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. شىنجاڭغا كەلگەن-

ـدىن كېيىن ئۇنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يۈەنجاڭلىق ۋە-
زىپىسىگە تەيىنلىدى. بىراق بۇ ئادەم ئەركىنرەك ئۆگەنگەن-
لىكى ئۈچۈن ئادەتتىكى سۆز - ھەركەتلىرى شىڭ شىسەينىڭ
سىياسىي ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كېتەتتى. بۇ ئادەم دوستلىرىنى
تونۇشتۇرۇپ شىنجاڭغا كەلتۈردى. شىڭ شىسەي ئەزەلدىن
گۇمانخور بولغاچقا چىخ باشقارمىسىغا دۇجۇڭيۈەننى تەقىپ
قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇڭا دۇجۇڭيۈەن تۇرۇۋاتقان
ئۆيىنىڭ يېنىغا بىر كىچىك دۇكان پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن
ئالاقىلىشىۋاتقانلارنى كۆزەتتى. شۇنىڭدەك دارىلفۇنۇن ئوقۇ-
غۇچىلىرىدىن 4 نەپەر ئوقۇغۇچىنى سېتىۋېلىپ ئۇلاردىن ھەر
ھەپتىسىگە دۇجۇڭيۈەننىڭ سۆز - ھەركىتىدىن يازما دوكلات
ئالدى. 1939 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ”سۇيىقەست“ ئەنزىسى
تەييار بولغاندىن كېيىن دۇنىڭ كاتىۋى بىلەن قېيىنى ئىنىسىنى
قولغا ئالدى ۋە دۇجۇڭيۈەننىڭ باشقىچە غەرەزى بار ئىدى
دېگەن گەپ - سۆزلەرنى تارقاتتى. بۇ چاغدا دۇجۇڭيۈەن
ئىشىنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ خىزمەتتىن ئىستېپا
سوراپ ئاغرىق دەپ ئۆيىدە يېتىۋالدى. بۇ جەرياندا بىر
قانچە قېتىم شىڭ شىسەيگە خەت ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار
قىلغان بولسىمۇ، شىڭ شىسەي ئۆز پىلانىنى ئۆزگەرتمىدى.

1940 - يىلى 2 - ئايدا دۇجۇڭيۈەن بىلەن شەھەر
مۇداپىئە باتالىيونىنىڭ يىڭجاڭى ۋاڭ جاۋچېڭ ھەمدە
كوپىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئالدى. دۇجۇڭيۈەن
بىلەن ۋاڭ جاۋچېڭنى قاتتىق قىيىن-

قىستاققا ئېلىپ ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇغى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ يوشۇرۇن ھەركەت يۈرگۈزۈپ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا ماسلاشماقچى بولغانلىغىنى ئىقرار قىلدۇردى ھەمدە شىڭ شىسەي ئۆزى تازىلىۋەتمەكچى بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسىملىگىنى ئېيتتۇردى.

1940 - يىلى 2 - ئايدا ئالتاي، كوكتوقايدىكى قازاقلار قورال - ياراق يىغىۋېلىشقا قارشى چىققاندىن كېيىن شىڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرىنى تۇگەل قولغا ئالدى. خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇسلارنىڭ كاتتىلىرىنى، سوۋېت پەرەست دەپ ئاتىۋالغان ئالتاي ۋالىسى شەرىپخان، جخ باشقارمىسىنىڭ ئورۇنباسار باشلىغى قۇربان نىياز ۋە ئورۇنباسار مالىيە نازىرى قۇربان سەئىدى، تاشيول ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى بېكتىيۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن گاۋدۇ، جاۋدەن، ۋاڭ ۋېيى، شۇيتاۋ قاتارلىقلارنى، يەرلىك فېودالىزم ۋەكىلى بولغان تەمىرات نازىرى ئابلا داموللا، ئەلەنۋاڭ، ھادى بەيسى، دىنىي زاتلاردىن مالياڭجۇن ئاخۇن، ئەھەت ھاجى (قازاق)، شەرقىي شىمال پىدائىي قوشۇنلاردىكى ئوفىتسېرلاردىن سۇي رۇڭچاڭ ۋە ھەربىي مەكتەپتىن ئوقۇش تۇگەتكەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىلغار ياشلاردىن بولۇپ ئاتالمىش دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسىگە چېتىلغان 1200 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى.

شىڭ شىسەينىڭ بۇ قېتىمقى يۈرگۈزگەن تازىلاش ھەركىتى گەرچە جۇڭگو گوڭچەنداڭ ئەزالىرى بىلەن سوۋېت ئىتتى-

تىپاقى ئاشكارا ئەۋەتكەن خادىملارغا زەربە بېرىلمىگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئاممىا پۈتۈنلەي دىگۈدەك
تازىلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قولغا ئېلىنغان
"گۇناكار"لاردىن شۇۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇۋاتقان مۇۋەققەت كونسۇلى ئودىيانىكى بۇقېتىمقى ئەنزىنىڭ
باش رولچىسى دىگەن ئىقرارنى ئالدى، موسكۋا تەرەپ شۇئاندىلا
گىروۋدىن، چاكىروۋدىنلارنى ئەۋەتىپ سوراق خىزمىتىگە قاتناش-
تۇردى. شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق سوراق ئورنى "تيەنجۇتاڭ"
ئىبادەتخانىسى شۇۋاقىتلاردا چەتئەل كىشىلىرىنى سوراق قىلىش
ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدى. گىروۋدىن، چاكىروۋدىنلار 24 نەپەر
ئۇيغۇرنى سوراق قىلدى، ئۇلار ئالدىنقى سوراقتا ئىقرار قىلى-
غانلىرىنى ئاغدۇرۇپ سوراق ئۈستىدە يىگەن تاياقنىڭ ئىزلى-
رىنى كورسىتىپ ئىسپاتلىدى. شىڭ شىسەي مەجبۇرى ئالغان
ئىقرارلاردىن باشقا ھىچقانداق پاكىت كورسىتەلمىدى. شۇنىڭ بى-
لەن گىروۋدىن شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن سوراقچىلاردىن لىيىڭچى، ليۇبىن-
دىلەردە باشقىچە غەرەزبارلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇرغۇنلىغان
دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن بۇئەنزىنىڭ ساختا ئىكەنلىگىنى كورسى-
تىپ خەت يۈزىدە شىڭ شىسەيگە پىكىر سۇندى. شىڭ بۇنى
كوروپ قاتتىق غەزەپلەندى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا گۇنا-
كارلار قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قۇربان سەئىدى
قاتارلىقلار توۋبىنامە يېزىپ ئىلگىرىكى ئىقرارنامىلىرىنى
تېخىمۇ كېڭەيتتى ھەمدە گىروۋدىنغا ئالدىنىپ ئەنزە ئاغدۇرغانلى-
غىنى يېزىپ چىقىشتى، شىڭ شىسەي بۇئىقرارنامىلارنىڭ خاتىرىلىرىنى

رۇسچىغا تەرجىمە قىلدۇردى. جەمى 163 پارچە 819 ۋاراق بولۇپ،
53 نەپەر گۇناكارنىڭ ئىقرارنامىسى بىلەن خۇلاسە ماتېرىيال-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرجىمىنى موسكۋادا ئوقۇپ كەلگەن
شىڭشىچى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ئورگان-
لىرىغا يوللىدى. ھەتتا شىڭ شىسەي گروۋزىن بىلەن بىرلىكتە
سوراقتا قاتناشتى، سوراق قىلىنىدىغان گۇناكارنى سوراق ئالدىدا
ج خ خادىملىرى قورقىتىپ ئەنزە ئاغدۇرماسلىققا تەق قىلىپ
قويغان ئىدى. قۇربان نىيازنىڭ ئىقرارى تۆۋەندىكىچە بولغان
ئىدى: مەن تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا گېنېرال پولكوۋنىڭ
(شياڭجاڭ) دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرمېنى ئۆزىگە تارتىپ جا-
سۇسلۇق خىزمىتىنى تاپشۇرغان، دولەتكەقايتىش ۋاقتىمدا مەز-
كۇر ئوفىتسېر ماڭا ئۈرۈمچىگە بارغاندا كونسۇلخانا خادىمى
ئابدۇراخمان بىلەن ئالاقە قىلىشنى بۇيرىغان، ۋەتەنگە قايت-
قان يىللاردا 1937 - يىلىدىكى ئەنزىنى سوراق قىلىشقا سوۋېت
تەرەپتىن كەلگەن يىگوروۋنى كوردۇم ۋە ئۇ ئارقىلىق ئابدۇراخ-
مان بىلەن كورۇشتۇم، ئابدۇراخمان ماڭا سوۋېتپەرەست ياش-
لارنى جەلىپ قىلىپ داۋاملىق ماتېرىيال بېرىپ تۇرۇشنى تاپ-
شۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە ياردەم قىلمايدىغان-
لىقىنى، بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزغا ياردەم قىلىپ ئوزبېكىستانغا
ئوخشاش جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان سوۋېت خادىملىرىدىن ئودىيانكى، مۇشا-
ۋىر بانىندولار بۇ ھەركىتىمىزگە ھەمكارلاشتى. كېيىن
مەن ئودىيانكى، چىخايونىسكىلار بىلەن كورۇشتۇم، ئابدۇراخمان

ماڭا، ئۇشىنىڭ مەخپىيەتلىكى بۇزۇلۇپ شىڭشىسەي تەرىپىدىن بىلىپ قېلىنىپ قولغا ئېلىنىپ قالساق، ئابدۇراخمان بىلەن ئالاقەم يوق، بىز جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇغى دەپ تۇرساق بىز چوقۇم قۇتقۇزۇۋالىمىز دەپ يولىيورۇق بېرەتتى.........

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقۇرى ئورگانلىرىغا يوللىغان خۇلاسە دوكلاتتا شىڭشىسەي ئودىيانىكى قاتارلىقلارنى تىروتىسكىچى ئۇنسۇرلار بولۇپ شىنجاڭغا سوتسىيالىزىم تونىنى پۈركىنىپ كېلىپ يەرلىك مىللەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شىڭشىسەينى قەستەلەپ ئۆلتۈرۈپ ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتتۇۋاتقان ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى. يەرلىك مىللەتچى ئەكسىيەتچى گۇرۇھ بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي ئەۋەتكەن دۈجۈڭيۈەنلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالتاي قازاقلىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ قىلىشقا قۇتراتتى.... دەپ كورسىتىلگەن. شىڭ شىسەينىڭ بۇ سەپسەتىلىرى "گۇناكار"لارنىڭ ئىقرارىغا ئاساسلانغان، شۇنداقلا دۈجۈڭيۈەننىڭ ماۋدۇن ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە يازغان نەچچە پارچە خېتىنى ئىسپات قىلىۋالغان ئىدى. ئەمما ئۇ خەتلەردە زەررىچە ئەكسىيەتچىلىك پۇراق يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، تەكرار تەكىتلەيتتى.

شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئالى ئورگانلىرىغا ئۆز قولى بىلەن 2 پارچە خەت يازغان ئىدى.

بىرىنچى خەت (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(1) شىنجاڭدىكى يوشۇرۇن قوزغىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيىقەستچى تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن ئېلىنغان ئىقرار جەريانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان مۇۋەققەت كونسۇلى ئۇدىيانكى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە ياردەملىشىپ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكىلاتىنى قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرىي كادىرى ئىكەنلىكى سېزىلدى.

(2) مەن ماركسىزىم، لېنىنىزىم ۋە ستالىنىزىمغا سادىق، سوراق ئۈستىدە مۇۋەققەت كونسۇل ئۇدىيانكىنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ تەشكىلاتىنى قۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ماتېرىيالنى تەپسىلى ئوقۇپ كۆرۈپ بۇ ماتېرىيالنىڭ ئىنتايىن راست ئىكەن-لىكىنى چۈشەندىم ھەمدە گۇناكار ئۇيغۇرلارنى سوراق قىلىش جەريانىدىمۇ بۇ ماتېرىيالنىڭ ھەقىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىم. ماتېرىيالدا ئۇدىيانكىغا ئۇۋال قىلىنغان ھېچ يەر يوق. ئۇدىيانكى بولسا، لېنىنىزىم ۋە ستالىنىزىمغا ئېتىقات قىلغۇچى، مەنمۇ ماركسىزىم - لېنىنىزىمغا ئېتىقات قىلغۇچى، ئەگەر ئۇدىيانكى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ ئەنزىسىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئىكەنلىكىدە ھەرتەرەپلىمىلىك تولۇق ئىسپات - دەلىل بولمىغاندا مەن ھەرگىزمۇ سىزلەرگە دوكلات يازمىغان بولاتتىم.

(3) ئۇدىيانكى، ئىگوروۋ، ئابدۇراخمان، چىخايۇنىسكى قاتارلىقلارنىڭ ماتېرىياللىرى موسكۋا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتى-ۋىدە ئوقۇۋاتقان شىڭشىچەينىڭ قولىدا، مارشال ۋوروشىلوۋ...

رەئىس مولوتوۋ سىزلەرنىڭ شىڭ شىچى بىلەن تېزلىكتە كۆرۈ-
شۈشىڭىزلەرنى ئۈمىت قىلىمەن. شىڭ شىچى بۇ ماتېرىياللارنى
سىزلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. سالامەت بولۇشىڭىزلارنى
تەبرىكلەپ.

دۇبەن ھەم رەئىس شىڭشىسەي

1940 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

## 2 - خەت (قىسقارتىلمىسى)

(1) 18 - ئىيوندا 2 پارچە، 19 - چېسلا يەنە بىر پارچە
تېلېگىرامما يوللىدىم، 20 - چېسلا ئۇزۇنراق يەنە بىر
تېلېگىرامما ئەۋەتتىم، ھەممىنى تاپشۇرۇۋالغانسىزلەر.

(2) ئىيوننىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ
ئەنزىسىنىڭ سوراق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن گىرۇزىن،
چاكروۋدىن ئىسىملىك ئىككى نەپەر سوراقچى، يەنە بىر نەپەر
تاتار تەرجىمان ئەۋەتكەن ئىكەنسىزلەر. بۇ ئۈچ كىشى
ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مەن ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن
قارشى ئالدىم. ئۇلارغا سەممىي پوزىتسىيىدە بولدۇم، مەن
ئەسلىدە ئۇلاردىن ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە تروتسكىچى
ئۇنسۇرلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بولۇۋاتقان خەلقارا
خاراكتېرلىق قوزغىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ
چوڭقۇرراق سوراق قىلىپ، ئېنىقلاپ چىقىپ، ئەنگلىيە،
ياپونىيە جاھانگىرلىرىنىڭ غالچىلىرى ۋە تروتسكىچىلارنىڭ
يۈرگۈزۈۋاتقان قوزغىلاڭ ئەنزىسىنى تۈپتىن يوقىتىپ ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى ۋە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇكۇشلۇق يارىتىپ بېرىدۇ دەپ ئۈمىت قىلغان ئىدىم. بىراق كۈتۈلمىگەن ئەھۋال كورۇلدى. ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمىتى مەن كۈتكەن ئۈمىتلەرنىڭ ئەكسىچە بولدى. ھازىر گروۋىن، چاكىروۋىنلار سوراق قىلغان 24 ئۇيغۇر گۇناكارنى قايتا سوراق قىلىش جەريانىدىكى ئەمىلىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار سوراقنى چوڭقۇرلاشتۇرمىدىلا ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا گۇناكارلارغا ناتوغرا سوز ۋە قورقىتىدىغان جۈملەلەر بىلەن ئۇلارنى ئەنزە ئاغدۇرۇشقا باشلاپ ماڭغان (يەنى ئۇلارنى قوزغىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسىدىن تېنىمۇ بىلىشقا باشلامچىلىق قىلغان).

(3) گروۋىن، چاكروۋىنلەرنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ناتوغرا ۋە تەھدىت سالىدىغان جۈملەلەر بىلەن ئۇيغۇر گۇناكارلارنى قوزغىلاڭ ئەنزىسىگە قاتناشقانلىقىنى ئىنكار قىلدۇرغان ماتىرىياللارنى 1 - ،2 - چېنىلاتېلېگىرام ئارقىلىق تەپسىلى بايان قىلدىم. يۇقۇرقى مەسىلەلەر بەك مۇھىم بولغىنى ئۈچۈن ئالاھىدە تېلېگىراممىا يوللىدىم. ھورمەت بىلەن سالامەتلىكىڭىزلەرنى تىلەيمەن.

دۇبەن ھەم جۇشى شىڭشىسەي

1940 - يىل 24 - ئىيۇن.

شىڭشىسەي 1940 - يىلدىكى چوڭ تازىلاشقا قانائەت قىلماي1941 - يىلى يەنە تورسالدى.

بۇ ئەسلىدە 1940 - يىلدىكى تازىلاشنىڭ داۋامى ئىدى. قولغا ئېلىنغانلار: ئىلى ۋالىسى ياۋشۇن، قۇمۇل ۋالىسى ئيۇجىڭخەن، چوچەك ۋالىسى جاۋجەنفىڭ، خوتەن ۋالىسى لۇيۇيلەن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇن مۇدىرى جاڭزۇجۇ، مائارىپ نازىرى لى يىڭو، مالىيە نازىرى جاڭشۇنيۇ ۋە ئۇلارغا چېتىلغانلار ھەمدە ھەرقايسى كۇرس ۋە دارىلفۇنۇندىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققانلاردىن مەسىلىسى باردەپ ھىساپلانغانلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇقېتىم قولغا ئېلىنغانلار سوراقتا، سوۋېت تەرەپ خادىملار بىلەلەن شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان بولشۋېكلەر بۇقېتىمقى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلماقچى دەپ ئىقرار قىلدى. شىڭشىسەي چەتكە قاردىتا بۇقېتىمقى ئەنزە 1940 - يىلدىكى ئەنزىنىڭ داۋامى دەپ ئېلان قىلىپ، بۇقېتىم قولغا ئېلىنغانلار 1940 - يىلى 18 - سېنتەبىردە قوزغىلاڭ كوتەرمەكچى، تەييارگەرلىكى ئۈلگۈرمىسە، 1941 - يىلى 12 - ئاپرېلدا قوزغىلاڭ كوتەرمەكچى بولغان. ھوكۇمەت ئالدىنالا سەزگەنلىكتىن بۇ خادىملارنى خىزمەت ئىشلەۋاتقانلىقىغا قارىماستىن قولغا ئالدى دىگەن.

بۇقېتىمقى ئەنزىدە شىڭ شىسەي چىڭ پېيشىننىڭ شاگىرتى مىڭ شيەنزىڭدىن: چىڭ پېيشىن مېنى جاسۇسلۇققا سېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرخىل مەخپىيەتلىكلىرىنى توپلىدى ھەمدە شىنجاڭدا مەخپى تەشكىلاتنى راۋاجلاندۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇتەشكىلات ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تروتسكىنى ئارقا تىرەك قىلىپ شىڭشىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرماقچى دىگەن يالغان ئىقرار ئالدى. يەنە قەشقەر

ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى جاڭشىيەندىن: شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ باۋچەن مەزكۇر "قوزغىلاڭ" تەشكىلاتىنى پىلانلىدى دەپ ساختا ئىقرار ئالدى؛ ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى جۇخاگىمىدىن: چىڭ پېيشىن ھوكۇمەتكە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغۇچى، مەن ئۇنىڭ يوليورۇغى بويىچە مەزكۇر تەشكىلاتقا ئۇرۇمچىدە 43، ئالتايدا 37 ئادەم تونۇشتۇردۇم دەيدىغان ئىقرارنامە ئالدى؛ ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى بەيسىخادىندىن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بانىنكوۋ كوكتوقايدا قوزغىلاڭ كوتىرىشكە ئوز ئاغزى بىلەن بۇيرۇق بەردى دەپ ئىقرارنامە ئالدى.

1941 - يىلى 7 - ئايدىن 1942 - يىلى 2 - ئايغىچە يۇقۇرقى ئەنزىگە يوللاپ قولغا ئېلىنغانلار 500دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ كوپ قىسمى ياش زىيالىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. بۇلار سوراق قىلىنمايلا جىنايىتى بېكىتىلىپ بولدى.

شىڭشىسەي بۇ قېتىم يەنە سوراق قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئادەم ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇقېتىم قۇلاق سالمىدى. شىڭشىسەي 4 - ئاينىڭ 2 - كۇنى ستالىن، مولوتوۋ، ۋوروشىلوۋ، تىموشىنكوۋلارغا (ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل باكونىن ئارقىلىق) خەت ئەۋەتتى. خەتتە: مىڭ شيەنزىڭ، جاڭ زۇجۇ، ۋۇزوجۇنلەرنىڭ ئىقرارى بويىچە چىڭ پېيشىننى تروتسكىچى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشكىلات قۇرغۇچى دەپ

ئىزاھلىغاندىن تاشقىرى خەتنىڭ ئاخىرىدا يەنە:

(4) چىڭ پېيشىن ھازىر چۆگچىگا ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن جىددى رۇخسەت سوراۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ھۆكۈمەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەركىتىگە زىت كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرا ئىشلىرى سىرتقا قارىتا مەخپىي ئورۇن، شۇڭا بۇ كىشىنى موسكۋاغا يوتكەپ كېتىپ تەكشۈرۈشڭىزلەرنى پىكىر قىلىمەن. ئۇنىڭ چېگرا ئىشلىرى ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان ئورنىغا موسكۋادىن باشقا ئادەم ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلىمەن، دېيىلگەن.

1941 - يىلى شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي ئورگانلىرىغا ۋاڭ باۋچەننى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنىڭ مەزمۇنى توۋەندىكىچە: (قىسقارتىلمىسى)

ۋاڭ باۋچەن 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ كىشى بولشېۋىك بولغىنى ئۈچۈن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ئىشەنچ بىلەن خىزمەتلەرگە تەيىنلەپ شىنجاڭنىڭ خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى.

بۇيىل ئەتىياز شىنجاڭ سوت ھەيئىتى سۇيىقەستچى لۇيۇيلىننى سوراق قىلىش جەريانىدا ۋاڭ باۋچەنگە ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن خەۋەر تاپتۇق...... ماتېرىياللارغا قارىغاندا ۋاڭ باۋچەندە ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەكسىل-

ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇش مەقسىدى بارلىقى ئىسپاتلاندى. بۇھەقتە ئىككى تۈرلۈك پىكىر يوللايمەن: 1 - ۋاڭ باۋچەننى شىنجاڭدا قولغا ئېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىڭىزلار. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، بۇيەردە قولغا ئېلىپ سوراق قىلىش ئارقىلىق كوپلىگەن ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ؛ 2 - ئەگەر سىزلەر ۋاڭ باۋچەننى شىنجاڭدا قولغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلمىسىڭىزلار ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىپ يۇقۇرقى ماتېرىياللار بويىچە بىرتەرەپ قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

ۋاڭ باۋچەن شىنجاڭدىن كەتتى. شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئېتىقادى پۈتۈنلەي تۈگىگەن ئىدى. ئۇچاغلاردا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، موسكۋا جىددى ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىسەيگە تاقابىل تۇرۇشقا ھالى قالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن چېگرا ئىشلىرى شىڭشىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇرۇن چېگرا ئىشلىرىدا خىزمەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە ئېلىندى.

1937 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە شىڭشىسەينىڭ قانلىق تازىلاش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنغان ھەرمىللەت خەلقى ئون مىڭدىن ئاشتى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تولىسى شىڭشىسەيگە سادىق بولغانلار ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت پەرەستلەر ياكى جۇڭگو كوڭچەنداڭىغا يۈزلەنگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى، گۇناسى بولغانلىقتىن ئەمەس ئىدى. بۇ بەش

يىل جەريانىدا شىڭ شىسەينىڭ سۆزى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىمچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەرخىل ئوكۇشلۇق ۋە ئىمتىيازلارنى بەرگەن ئىدى. 1938 - يىلىدىن تارتىپ شەنبېيدىكى جۇڭگو گۇڭچەنداڭىغا ئۈزلۈكسىز ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا شىڭ شىسەينىڭ قۇتىسىدا باشقىچە دورا بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تولىسى نىمە ئۇچۇن قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىلگىرى قولغا ئېلىنغانلارنىڭ گۇناسى بار دەپ تونۇغان كىشىلەر ئۆزى قولغا ئېلىنىپ سوراقچى ئالدىغا كەلگەندە، سىلەر قوزغىلاڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقىنىڭلارنى ئىقرار قىلىڭلار دىسە، نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئاخىرى ھەرخىل جازالارغا تارتىلغاندىن كېيىن ھەرقانچە غەيرەت قىلغانلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. شىڭ شىسەينىڭ سوراقخانىسىدا مەن - مەن دىگەن ھەرقانداق ئوغۇل بالىمۇ چىداشلىق بېرەلمەيتتى. گۇناكاردىن يالغان ئىقرار ئېلىش ئۈچۈن شىڭ شىسەي ھەرقانداق دەھشەتلىك جازا چارىلىرىنى قوللىنىشتىن تارتىنمايتتى، كۆپلىگەن مەھبۇسلار ئۆزى ۋە باشقىلار توغرىلىق يالغان ئېيتىشقا ۋىژدانى يول قويمىغانلىقتىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالاتتى. ئەمما سوراقچى ۋە گۇندىپايلار ھەرقانداق گۇناكارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا ھەرگىز پۇرسەت بەرمەيتتى. شۇڭا ھەرقېتىملىق "قوزغىلاڭ ئەنزە" ئۈستىدە قىلىنغان

سوراقلاردا ئېلىنغان ئىقرارنامىلار بىر قەدەر مۇكەممەل بولاتتى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىقرارغا قارىتا ئېيتىلغان سۆز. ئەگەر ھەر بىر گۇناكاردىن ئېلىنغان ئىقرارنامىلارنى تەپسىلى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇرغۇنلىغان زىددىيەت ۋە گۇمانلارنى سېزىۋالالايمىز. تۆۋەندە بىز دۇجۇڭيۈەن ئۈستىدە قىلىنغان سوراق خاتىرىسىدىن بىر ئابزاس كۆرۈپ ئۆتەيلى:

دۇ: مەن ھەرگىز مۇتروتسكىچى ئەمەس، ئەگەر مېنى تروتسكىچى دەيدىغان بولسا، ماڭا تەن جازاسى بەرگەندىمۇ ئارتۇق ئازاپ چېكىمەن. ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسمۇ! سىلەر مەندىمۇ ئېنىق بىلىدىغاندەك سوراۋاتىسىلەر، ئەمما مەندە بۇنداق پاكىت يوق. مەن ئۆزەمنى سىلەردىن ياخشىراق چۈشىنىمەن ...... مېنى نېمە ئۈچۈن تروتسكىچى دەۋاتقىنىڭلارنى زادىلا چۈشەنمەيمەن. خائىن، تروتسكىچى دىگەنلەر بېشىمغا كەيدۈرۈلىدىغان بولسا، ئۆزەمنىڭ قانداق نەرسە بولۇپ قالىدىغانلىغىمنى پەقەت ئۆزەملا چۈشىنىمەن. مەن بۇ سۆزلەرنى دىمەيلا قوياي، دىسەملا مەسىلە چىقىدۇ. مېنى ئىقرارىدىن تېنىۋالدى دەيسىلەر. مەن ھەرگىزمۇ تېنىۋالمايمەن...... ۋايجان. مەن ئۇ ئىقرارىمنى قانداق يېزىپ چىققاندىمەن......

دۇجۇڭيۈەن جاسارەتلىك، جىگەرى بار ۋىژدانلىق ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ جازاغا كۆپ تارتىلدى. ئەڭ ئېچىنىشلىق جازالارنى كۆردى. ئەڭ ئاخىرىدا ماۋدۇن، جاڭجۇڭشى، خويۇيزى، زوتاۋفىڭ قاتارلىقلارنى ئەنزىگە سورەپ كىردى.

قاتتىق ۋىژدان ئازاۋى ئىچىدە نەچچە قېتىم ئىقرارىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئەمما قاتتىق جازا ئاستىدا يەنە "ئەسلىگە" كەلتۈردى.

دۇجۇكيۇەن ئەنزىسىگە چېتىلغان ئۇلكىلىك دورىخانى-نىڭ دىرېكتورى لىپېيكې ئۇز قەلىمى بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ئىقرارنامىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈزۈن ئۆتمەيلا يەنە بىر قېتىملىق سوراق خاتىرىسىدە مۇنۇلار بار ئىدى:

بىز: — سەن ئۇز گۇنايىڭنى تونۇشۇڭ كېرەك؟

لى: — مەندە گۇنا يوق، مەن نىمىگە تۆۋە قىلاتتىم؟

بىز: — سەن سۈيىقەستلىك تەشكىلاتقا قاتنىشىپ كىمە-لەرنى تارتتىڭ؟

لى: — سۈيىقەست تەشكىلاتىغا قاتناشقىنىم يوق، مۇتلەق بىلمەيمەن.

بىز: — سېنىڭ تەشكىلاتقا قاتناشقانلىغىڭ ھەقىقەت.

لى: — 2-، 4- تۈرمىلەردە سوراپ بولغان، شۇ يەردە قىلغان ئىقرارلىرىمنىڭ ھەممىسى پاكىت. ئۇلار مەندىن دۇجۇكيۇەن بىلەن مۇناسىۋىتىمنىڭ بار دەپ سورىمىغان. دۇجۇكيۇەن نەدە تۇرىدۇ، مەن زادىلا بىرىپ كورمىگەن. ھىچنىمىنى بىلمەيمەن. ئۇ تەرەپتە 7 كېچە-كۈندۈز ئۇرە تۇرغۇزدى. ئۇيقىسىزلىقتا پۇتۇم ئىششىپ قالدى. بۇ تەرەپكە كەلگەندىن كېيىن ئىككى سوراقچى سوراق قىلدى. مەندە پاكىت بولمىغانلىقتىن، جاۋاپ بىرىشكە ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن 3 ئادەمنى ئەكىلىپ سوزلەتتى. مەن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئاڭلىدىم. مېنى نازارەت قىلىپ سوزلەشكە رۇخسەت قىلمىدى.

ـىپپىيكى ئېچىنىشلىق جازالارغا تارتىلغانلىقتىن ئامالسىز
ئۆزىنى قارىلىغان بولسىمۇ، بەزەن خاتىرىلەردە ئۇنىڭ ئۆزىنى
ئاقلاشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئىنتـ
ـايىن كوپ. جاۋدەنمۇ بىر قېتىم ئۆز ئىقرارىنى ئاغدۇرۇپ قويۇپ
قاتتىق تاياق يىگەن.

شىڭشىسەي ئىشلەتكەن سوراقچىلارنىڭ ھەمـ
ـمىسى بىلىمسىز قارا قوساق، زالىم ئادەملەر ئىدى. ئۇلار
سوراق ئىشلىرى بىلەن كوپ شۇغۇللانغانلىقتىن ھىلە - مىكـ
ـىردە ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ يېتىشكەن ئىدى.
ئۇلار كۆزىتىش، گۇناكارنىڭ روھىي ھالىتىدىن پايدىلىنىشقا
ماھىر ئىدى. ئۇلار شىڭشىسەي ئۆزقولى بىلەن يېتىشتۈرگەن
غالچىلار بولغاچقا ئۆزخوجايىنىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ باشقىلارغا
زۇلۇم قىلىشنىلا بىلەتتى، خالاس.

تازىلاش يۈرگۈزگەن بەش يىل ئىچىدە "گۇناكار" لار-
نىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ ئېغىر ئۆتتى. تاشقىرى بىلەن بولىدىغان
ئالاقە ئۈزۈلگەن ئىدى. ئۇلارنى قاماقتىن چىقىرىپ ناھايىتى
قىسقا ۋاقىت ئويان - بۇيان ماڭدۇراتتى ياكى ئاپتاپ كورسىتەتـ
ـتى. شۇڭا "گۇناكار" لارنىڭ 3 تىن بىر قىسمى كېسەل بولۇپ
ئولۇپ تۈگىدى. بولۇپمۇ موڭغۇل، قازاقلار 3 - 4 يىللا
بەرداشلىق بېرەتتى. شىڭشىسەي "گۇناكار" لارنىڭ ئوزلۈكـ
ـدىن قىرىلىپ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرمايتتى. 1941 - يىلى 8 -
ئايدا قىلغان بىر قېتىملىق قىرغىندا، يالغۇز ئۇرۇمچىدە
ئولتۈرۈلگەنلەر 300 دىن ئارتۇق، بۇلارنى ئۈرۈمچىنىڭ

شىمالىي تەرىپىدە قەتلى قىلدى. شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى «گۇناكار» لارغا كېسىم قىلمايتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن تازىلاش يۈرگۈزۈپ ئۆلتۈرەتتى، بۇخىل دەھشەتلىك ئۇسۇل تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن.

ئاھالىسى 70 مىڭغا تولمايدىغان ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ - كىچىك 6 تۈرمە بار ئىدى. بۇ تۈرمىلەرگە 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغاتتى. چەت ۋىلايەت ناھىيىلەردىكى ج خ ئىدارىلىرىدىمۇ قاماقخانىلارغا ئادەم سىغمايۋاتىدۇ دەپ زارلايتتى. تۇرپان، ئاستانە گەرچە كىچىككىنە يېزا بولسىمۇ، 1940 - يىلى ئاستانە پەيچۇسىدىلا 200گە يېقىن ئادەم قاماقتا ياتقان ئىدى. ج خ باشقارمىسىنىڭ1940 - يىلدىكى ئۆلكە بويىچە تىزىمىغا قارىغاندا شۇيىلى ئۆلكە بويىچە قاماقتا ياتقان مەھبۇسلار 12 مىڭدىن ئاشاتتى.

تۈرمىگە ئېلىنغانلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ”خائىنلارنىڭ بالا - چاقىلىرى“ دەپ قالپاق كەيگۈزگەنلىكتىن، ئۇلار ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېغىر يەكلەشلىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار ھېچكىمگە ھال - ئەھۋال ئېيتالمايتتى. ھېچكىمگە ئاغرىنىشلىق قىلالمايتتى. ئۇۋال بولدى دەپ زارلىيالمايتتى. 1939 - يىلى قامالغانلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنىمۇ مەكتەپتىن قوغلىدى. 1940 - يىلى ئۈرۈمچىدە قىزلار مەكتىۋىدە ئىشلەۋاتقان بىر قىسىملارنىمۇ ئىلمىغا سۈرگۈن قىلىپ ئىلى كۆرەدىكى كونا يامۇلغا نەزەربەنت قىلدى. ئەڭ يامىنى شۇكى شۇ قىزلارنىڭ ئارىسىغا ج خ

باشقارمىسى 2 نەپەر ئەركەكنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىمۇ خائىنلارنىڭ بالىلىرى دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۇلاردا تىڭ - تىڭلاش ۋەزىيىتى بار ئىدى. ئۇلار شۇ تەقلىتتە بىللە يۈرۈپ ئۆز مەيلىچە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تەككەن ئىدى.

تازىلاش ھەركىتى داۋامىدا شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى توختاپ قالغىنى يوق، ئەكسىچە قورقۇنچ ئاستىدا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ماڭدى. "خائىنلار"نىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغانلىقتىن ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتى تولۇقلاندى. تازىلاش ھەركىتى ئۈزلۈكسىز بولغاچقا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىمۇ تېز ئىجرا قىلىندى. مەمۇرىي جەھەتتە 1938 - يىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىدە گەرچە بىر نەچچە نەپەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بولغانلىقتىن بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ ئادەتتىكى قارارلىرىغا توسالغۇ بولۇشتىن خالى بولالمىسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلغانلىقتىن تولا قولغا ئېلىنىپ خىزمەتچى خادىملاردا ئۆزگىرىش كۆپ بولسىمۇ زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەپ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ ئىدارىلاردىكى خادىملارنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيتتى. 1940 - يىلى ئۆلكە رەئىسى لى رۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەي رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۆتەپ ھەممە ئىشنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى.

شىڭ شىسەي ئەشۇ بەش يىل ئىچىدە شىنجاڭ يېتىشتۈرۈش كۇرسى، سىياسىي كادىرلار كۇرسى، مەدەنىي كادىرلار كۇرسى ئېچىپ، كادىرلارنىڭ

لاياقىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە بولغان ئىشەنچىنى ئۇستۇردى ۋە كۈچەيتتى. شۇڭا ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ خىزمەتتىمۇ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. شىڭ شىسەي قول ئاستىدىكى ئادەملەرگە زەربە بېرىپلا قالماستىن، ئۇستۇرۇش جەھەتتىمۇ ياش مۇناسىۋەتلەرگە قارىمايتتى. بىر يىل ئىچىدە بىرەر خەتتاتنى ۋالىيلىققا ئۇستۇرەتتى. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىر نەچچە يىل ئىچىدە مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۇستۇرەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا كادىر يېتىشمەيدىغان شىنجاڭدا ئادەم كۈچلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلانغانلىقتىن ھەرقانداق ئىشتىن ھەسسىلەپ ئۈنۈم كۆرگىلى بولدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇ بەش يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۈنسايىن راۋاج تاپتى ۋە مۇقىملاشتى، بۇنداق بولۇشى مەمۇرىي ئىدارىلاردا خىيانەتچىلىكنىڭ يوقلۇقى بىلەن باجنىڭ تەدرىجىي كۆپەيگەنلىكىدىن تاشقىرى 1939 - يىلىدىكى پۇل ئىسلاھاتى بىلەن بانكا تەشكىلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە باغلىق ئىدى. 1939 - يىلى ئۆلكىلىك بانكا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بولۇپ ئۆزگەرتىل-گەندىن كېيىن كۆپلىگەن تىجارەت پايچىلىرىغا ئىگە بولدى. شۇ يىللاردىكى تىرورلۇقنىڭ قورقۇنچى ئاستىدا سودىگەرلەر قىزغىن پاي قوشۇپ بانكا مەبلىغىنى تولدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دوللار پۇل تارقىتىپ، بىر دوللارغا 4 مىڭ سەر، كېيىنچە بىر دوللارغا 6 مىڭ سەر قىممىتىدە قەغەز پۇل تېگى-شىپ، كونا تىزىنى يىغىۋالدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى زايوم تارقىتىپ

خەلقتىن مەبلەغ توپلىدى. مەسىلەن، 1941 - يىلى 5 مىليون دوللارلىق ئىسلاھات زايومى تارقاتقاندا، ئۇلكە بويىچە قىزغىن سېتىۋالغانلىقتىن 6 مىليون 700 مىڭ دوللارلىق زايوم سېتىلدى. شۇنىڭدەك چەتكە نەق پۇل چىقارماي زور مىقداردىكى مالىيە بايلىقىنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى مالىيە نازىرى بولغاندا ھوكۇمەت چىقىمىنى ئۇنۇملۇك تېجەپ 5 يىل ئىچىدە كۆپلىگەن قۇرۇلۇشلارنى تاماملىدى. خەلقمۇ پۇل پاخاللىقىنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىدى.

بۇ بەش يىل ئىچىدە شىڭ شىسەينىڭ يۇرتىدە سولچىللىق ئىدىيىسى قانداق راۋاجلانغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئادەتتىكى مەدەنىي - مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرى سولچىللىققا قاراپ ماڭغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇمچىدە خەلقارا كۈتۈپخانا قۇرۇپ ئۆز دۆلىتىدە بېسىلغان ھەر مىللەت تىلىدىكى ئەدەبىي كىتابلارنى ئوچۇق - ئاشكارا ساتتى. 1941 - يىلى خەنزۇچە ۋ ك پ ب تارىخى، لېنىنىزىم مەسىلىلىرى قاتارلىق كىتابلاردىن ئون مىڭدىن ئارتۇق ساتتى. بەزەن تىجارەتچىلەر مەزكۇر كىتابلارنى زىننەت ئۈچۈن بولسىمۇ سېتى-ۋېلىپ ئۆيلىرىگە تىزىپ قويدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىن-غان سولچىل كىتابلارمۇ كىرىشكە باشلىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن زىيالىلارمۇ سولچىللىق ئىدىيىسى بىلەن سەنمىنجۇيىغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. بىراق فېئوداللىزىم تۈسى قويۇق بولغان شىنجاڭ جەمئىيىتىدە ئۇ خىل ئىدىيەلەرنى بىردىنلا قوبۇل قىلالمايتتى.

مەدنى پائالىيەتلەر توغرىسىدا جاۋدەن قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان سىناق تەرەققىيدىكى تىياتىر ئۆمىكى شىنجاڭدا دىراما ئاساسىنى ئورناتتى. 8 - ئارمىيەدىكى لى ئەپەندىنىڭ شېئىر- ناخشىلىرى شىنجاڭدا شېئىرلار ژانىرىنى راۋاجلاندۇردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە گۇللەنگەندىن كېيىن چىڭ لىفۇ ئۆرۈمچىگە كەلدى. بۇچاغلاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن ۋاقىت ئىدى. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى زور مىقداردىكى ھەربىي قوراللارنى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتتى. بۇچاغدا جۇڭگو ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ ئورگاندا خىزمەت قىلىدىغان بىر قانچە ئادەملەرنى مەركەز ئەۋەتكەن ئىدى. 1939 - يىلىغا كەلگەندە مەركەز ئاۋىئاتسىيىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەترىتى قۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ جۇڭگو ياشلىرىغا ئۇچقۇچىلىق تەربىيىسى بەردى. دەسلەپتە قۇمۇلدا كېيىن غۇلجا ھەرەمباغدا قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ياشلاردىن بولۇپ ئاساسىي رەھبەرلىرى ۋە ئىشخانا خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى مەركەز ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇچاغدا مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسى كىچىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى شۇ دائىرىگە جاسۇسلارنى ئىنتايىن قويۇق ئورۇنلاشتۇردى. ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ سۆز - ھەركەتلىرىدىن ئىلى ج خ ئىدارىسى تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇراتتى.

1937 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە شىنجاڭ جەمئىيىتىدە

تىرورلۇق ھوكۇم سۈرگەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە سىياسى ئاساس مۇقىم بولغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. ئەمما خەلق ئاممىسى ئۇزۇن مۇددەت تىرورلۇق ۋەھىمىسى ئىچىدە تۇرۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا قارشىلىق بايراقلىرىنى كوتىرىپ چىقىشقا باشلىدى.

## 5 - شىڭشىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراپلىشىشى

1942 - يىلى شىنجاڭنىڭ 10 يىللىق تارىخىدا ئۇزگىرىش ئەڭ چوڭ بولغان بىر يىل ھىساپلىنىدۇ. شىڭشىسەي بۇ بىر يىلدا ئۆزىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغان غەرپنىڭ تەسىرلىرىنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى، ئۇ ئالدى بىلەن غەرپ كۈچلىرىنى تازىلىۋېتىشنىڭ تاشقى دائىرىسىدىن ئىش باشلىدى.

شىڭ شىسەي بەش ئاكا - ئۇكا ئىدى. ئۇنىڭ ياپونىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىۋىدە ئوقۇپ كەلگەن 4 - ئىنىسى شىڭشىچى شىنجاڭغا كېلىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى پولكىنىڭ تۇەنجاڭى بولدى. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلدى. 41 - يىلى ئوقۇش تۈگىتىپ كېلىپ مېخانىكىلاشقان بىرىگادىغا لۈيجاڭ بولدى. ئۇ موسكۋادا كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنى خېلى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ۋاقتىدا لېنىنگراد خەۋپ ئىچىدە، موسكۋا جىددى ۋەزىيەتتە قالغان، شىڭشىسەي مۇدەل مۇشۇ پۇرسەتتە غەرپنىڭ تەسىرلىرىنى پىلانلىغان

ئىدى. كوممۇنىزىملىق ئىدىيىگە چوڭقۇر ئېتىقات قىلغان ياش ئوفىتسېر ئۇ خىل شارائىتتا قاراپ ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇ ئوز ئاكىسىنىڭ غەرپنىڭ تەسىرىنى قوغلاپ چىقىرىشىغا قوشۇلمايتتى. ئەمما ئۇنى توسۇۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. 1942 - يىلى 3 - ئاي-نىڭ 19 - كۈنى شىڭشىچى ئۇشتۇمتۇت ئوزىنى ئوزى ئېتىۋالدى. ئوق ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىدىن تەككەن ئىدى. ئوق ئاۋازىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئايىلى چېن شيۇيىڭ ئاڭلاپ كىرسە ئۇ، ئاللىقاچان قانغا بويۇلۇپ خاقىراپ ياتقان ئىكەن. ئۇزۇن ئوتمەي نەپەستىن قالدى.

شىڭشىچىنىڭ ئولۇمى شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈر-گەن چوڭ ۋەقە بولدى. شىڭ شىسەي بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ غەرپ كۈچلىرىنىڭ ئەتراپىدىكىلىرىنى قولغا ئالدى. بۇ ”سۇيىقەست“ نى بوياپ موسكۋا، چۇڭچىڭغا ھەدەپ دوكلات سۇنغىلى تۇردى.

موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: شىڭ شىچىنىڭ ئايىلى چېن شيۇيىڭ ئەسلىدە ناچار ئايال. موسكۋادا ئوقۇۋاتقاندا چەت بىلەن مۇئامىلىدە بولغانلىقتىن، ۋەتەنگە قاي-تۇرۇلغان ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن شوپۇر جۇ × × بىلەن ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە بولدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېتلىك مۇشاۋىر رادوۋ، كونسۇل باگونىن قاتارلىقلار سوۋېتپەرەست شىڭ شىسەي ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇشقا پىلان قىلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. ساۋسىنتورگ (تۇسەنگۇڭسى) دىكى سوۋېتلىك خادىملار مەزكۇر گۇڭسىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى (دىرېكتورى) شاۋزۇجىننى قوترىتىپ

چېن شيۇيىڭغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ ئىچىدىن تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. شاۋزۇجىن 1941 - يىلى كۈزدە چېن شيۇيىڭغا يېقىنلاشتى. كېيىن رادوۋغا تونۇشتۇرۇپ پەردە ئىچىدىكى مەھمان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن قالسا شىڭشىسەينىڭ قەينى ئاتىسى چيۇزۇڭجۇننىڭ توقالى ياۋ، خېلى يىل بۇرۇنلا تۇسەنگۇڭسىدىكى ما × × بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە ما × × نى رادوۋ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا بۇلار بىرلىكتە سۇيىقەستچى تەشكىلاتقا قاتناشقان. بۇ تەشكىلاتتا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىدىن 600 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ مالىيە نازىرى زاڭگۇفىڭ باشچىلىقىدا 1942 - يىلى 12 - ئاپرېلدا ئۆلكە مەركىزىدە قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغان. ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنى سېزىپ قالاي دېگەندە رادوۋ، شاۋزۇجىنغا بۇيرۇق بېرىپ چېن شيۇيىڭغا قورقۇنچ سالدى. بۇ ئوتتۇردىكى مۇناسىۋەتلەرنى شىڭ شىچى بىلگەنلىكتىن ئۇنى بالدۇرراق جايلىۋېتىش زورۇر تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ما × × ئارقىلىق ياۋغا چيۇزۇڭجۇننى جايلىۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇ قەست ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن شىڭشىچى ئۆلگەن ۋەقە جەريانىدا پۇرسەت تېپىپ شىڭشىسەينى جايلىۋېتىپ زاڭگۇفىڭنى ئۆلكە رەئىسى قىلىشنى بەلگىلىگەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولغان. بۇ دوكلاتتىن تاشقىرى يەنە ئاساسلىق ”مەھبۇسلار“نىڭ 40 نەچچە پارچە ئىقرارنامىلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي ئورگانلىرىغا ئەۋەتتى.

شىڭشىسەينىڭ جۇڭچىڭغا يازغان دوكلادى يۇقۇرقى مەزمۇننىڭ تەتۈرسىچە بولۇپ سۆيىقەستچىلەر شىڭشىسەي هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سوۋېت پەرەست هوكۇمەت قۇرماقچى دېيىلگەن.

بۇقېتىمقى ئەنزە بىلەن تۇتۇلغانلارنىڭ كوپ سانىنى خەنزۇلار تەشكىل قىلاتتى. مالىيە نازىرى ژاڭگۇفىڭ، شاۋ ××، ما ×× لاردىن تاشقىرى مائارىپ نازىرى لى يىڭو، ئىچكى ئىشلار نازىرى جۇبىڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن) تەرجىمە هەيئىتىنىڭ باشلىقى مىڭيىڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن) هەربى مەكتەپ سەنمۇجاڭى گوۋدېچى، مېخانىكلاشقان بىرىگادىنىڭ سەنمۇجاڭى پىڭخۇەنشۇ، پولكوۋنىك جاۋجىنتاڭ، قۇمۇل ۋالىسى ليۇشىپىڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن) قاراشەر ۋالىسى يۇدېيى، قەشقەر ۋالىسى چىڭفاڭۋۇ، شەرقىي شىمال پىدائىي قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن سۇنچىڭلىڭ، جاڭيۇفىڭ ۋە 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شۇيجې قاتارلىقلار بار ئىدى. شىڭشىسەي ئۇز تورىنى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە، سوۋېت تەرەپ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان هەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىدارە خادىملىرىنىڭ بىرقىسمىغا، جاهانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىدىكى بولۇم باشلىقلىرىدىن يۇقۇرى خادىملارغا، خەنزۇ ئۇيۇشمىسىدىكى بولۇم باشلىقلىرىدىن يۇقۇرى خىزمەتچىلەرگە سېلىپ بىرنى قالدۇرماي تۇتقۇن قىلدى. 1942 - يىلى 3 - ئايدىن 1943 -

يىلى 5 - ئايغا قەدەر ھەرقايسى جايلاردىكى ساقچى ئىدارىلىرى كۈندەدىگۈدەك ئادەم تۇتاتتى. بۇمەھبۇسلارنىڭ ئاز قىسمى سوراق قىلىنىپ دەھشەتلىك جازا ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆزىگە گۇنا توقۇتۇپ ئىقرار قىلدۇرغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى سوراق قىلىنمايتتى، 1942 - يىلى 4- ئايدىن 5 - ئايغىچە مەخپى ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىمۇ بولدى.

1942 - يىلى 4 - ئاي 5 - ئايلاردىكى تازىلاش شىڭشىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى بىرقېتىملىق چوڭ تازىلاش بولۇپ 2 - تۈرمىدە ئىجرا قىلىندى. ئىجراچىلار ھەر قايسى تۈرمە باشلىقلىرى ئىدى. شىڭشىسەي ئۆز قولى بىلەن 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. ھەر كۈنى مەخپى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەر 30 - 40 ئادەم ياكى 10 - 20 ئادەمگە يېتەتتى. شۇ تەقلىتتە بىر يېرىم ئاي داۋام قىلدى. بۇ مەھبۇسلار ئىچىدە 3 - 4 يىل قامالغانلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فۇچۇەن، شەرقىي شىمال پىدائىي قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن ۋاڭ شاۋزى. 1937 - 1938 - يىلى قامالغانلاردىن مۇئاۋىن مالىيە نازىرى ۋاڭ يىڭلۇ، ئاقسۇ ۋالىسى سالىھ. 1940 - يىلى قامالغانلاردىن ۋاڭ ياۋچىڭ، ئالتاي ۋالىسى شەرىپخان، جخ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى قۇربان نىياز. 1941 - يىلى قامالغانلاردىن ئالتاي ۋالىسى بەيسىھادى، تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پېكتىيۇسف، غۇلجا ۋالىسى ياۋشۇن. قولغا ئېلىنغىنى يېرىم يىل تولمىغانلاردىن دارىلفۇنۇن مۇدىرى جاڭ زۇجۇ، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇش-

مىسىدىكى بولۇم باشلىغى گاۋبەيېۋي قـاتارلىقلار بـار ئـىدى. ئۇتكەنكى ھەر قايسى ئەنزىلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان "مەھبۇسلار" بۇ قېتىمقى تازىلاش ئارقىلىق تىرىك قالغانلىرى يوق دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇلتۇرۇلگەنلەر ئىچىدە 18 ياشلىق سىفەن ئوقۇغۇچىسى دوئالۇن (شىۋە)، 75 ياشلىق سابىق چـوچەك دوتۇيى لـى جـۇڭلىنلارمۇ بار ئىدى. بىر كۈندە ئاتا ـ بالا نەچچىسى تەڭ ئـولتۇرۇلگەنلەرمۇ بار. مەسىلەن، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى لىدېلياڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئـوغـلـىـنـى قوشۇپ بىر كۈندە ئۇلتۇردى. ئـۇلارنىڭ ئۇلۇگىنى 2 ـ تۈرمىنىڭ ئىھاتە تېمىدىن ماشىنا بادىگىغا سېلىپ ئۆرۈمچىنىڭ شىمالى تـەرىپىگە ئېلىپ بېرىپ كۆمۈپ تاشـلـىدى. بۇ ئـىشلارنـى سىرتتىـكـى ئـادەملـەر ئـانـچـە بـىـلـمـەيـتـتـى. بـوغـۇپ ئـولتۇرۇلىدىـغـانـلارنـىـڭ بوينىغا سىرتماق سالغاندا ئۇلار ئـولـتـۇرۇلـىدىغـانـلىقـىـنـى تـۇيـمـايـتـتـى. بـەزەن يـاش ئوقۇغۇچىلار ئولۇشكە نەچچە مىنۇت قالغان چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ 6 بۈيۈك سىياسەتكە ۋەشىڭشىسەيگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشاتتى.

چـوڭ تـازىلاشنىڭ داۋامىدا شىڭشىسەي كـورۇنـۇشتە گومىنداڭ تەرەپكە يۈزلەنگەن ئىدى.

شىڭشىسەي نىمە ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپكە يۈزلەندى؟

(1) 1940 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن گـومىنداڭنىڭ گەنسۇدىكى ئـاساسي پەيدىن ـ پـەي مـۇستەھـكـەملەنـدى. 1941 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭغا ئـەسكەر چىقىرىش پـوزىتسىيىسى

ئاشكارا بولدى. شىڭشىسەي دەسلىۋىدە شىڭشىڭشىيادا مۇدا-
پىئە كورمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ چەتكە چىقارغان جا-
سۇسلىرى يەتكۈزگەن خەۋەرلەردىن گومىنداڭنىڭ
گەنسۇدىكى ھەربى قىسىملىرىنىڭ تولۇقلىغىنى
ئاڭلاپ، ئويلاپ كورۇشكە مەجبۇر بولدى.
(2) شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا خېلى قوپاللىق
قىلغان ئىدى. ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا قانداق
قارايدىغانلىقىنى ئوزى ياخشى بىلەتتى. ئەگەر سوۋېت - گېر-
مان ئۇرۇشۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوزىنى جايلاش-
تۇرۇۋالمىسا، ناۋادا ئەھۋال ئوزگىرىپ قالىدىغان بولسا
ئوزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇقەررەر
ئىدى. گومىنداڭنىڭ تەھلىكىسى شەكلەنكورۇنۇشتىنلا ئىبارەت.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەستىنى باشقىچە ئۇسۇل قوللانغاندىلا
ئاندىن ئوزگەرتكىلى بولاتتى. شۇڭا شىڭشىسەي يالغان -
ياۋداقتىن گومىنداڭ مەركىزى نامىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
شىڭشىسەي ھوكۇمرانلىق قىلغان يىللاردا شىنجاڭدىن ئىبارەت
بۇ كىچىك رايوننى كونتۇرۇل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ
قىلىپلا قالماستىن، پۇتۇن جۇڭگونى كونتۇرۇل قىلىشقىمۇ ئۇ-
رۇنۇش خىيالى بار ئىدى، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
كۇچلىرىنى ئوزى تەكلىپ قىلىپ كەلتۇرگەن
بولغاچقا، گەرچە 1941 - يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تەرتىۋىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما شىڭشىسەي

يېتەرلىك بانا-سەۋەپ تاپمايدىغان بولسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىرىنى چىقىرىۋېتىشكە مۇمكىنچىلىك بولمايتتى. دېمەك بۇ ۋاقىتتا شىڭشىسەينىڭ كورۇنۇشىدە گومىنداڭ تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى،

شىڭشىسەي بىلەن گومىنداڭنىڭ يوشۇرۇن ئالاقىسى 1941 - يىلىنىڭ قىش ئايلىرىدا باشلاندى. 1942 - يىلىدىن باشلاپ گومىنداڭنىڭ كاتتا ئەمەلدارلىرى: لياڭخەنساۋ، شىن خۇڭلېي، خې جىڭۋۇ، ماۋباڭچۇ، جۇشياۋلياڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كېلىشكە باشلىدى. شىڭشىسەي ئۇلارغا، بىر قانچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە يالغۇز ئۆزى چىقارغان كۈچى ۋە چەككەن جەۋرى-جاپالىرىنى سوزلىگەندىن تاشقىرى شىنجاڭ شارائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتە چەكسىز ياردەم كورسىتىشنى، سىياسى جەھەتتە چەكلىك ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. 1942 - يىلى كۈزدە جياڭجېيشىگە ۋاكالىتەن سۇڭمېيلىڭ شىنجاڭغا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭ بىلەن مەركەزنىڭ ئالاقىسى ئايدىڭلاشتى.

1943 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت تەشكىلىدە ئوزگىرىش بولدى. مەركەز ئەۋەتكەن لىن جىيۇڭ تەمىرات نازىرى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ پەۋقۇلئاددە خىزمىتىنى ئوتىگەن لى يولىن ئىچكى ئىشلار نازىرى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى پىڭ جيۇەن مالىيە نازىرى بولدى. شىڭشىسەينىڭ كونا ئاغىنىسى بەشيىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان چىڭ دۇڭبەي مائارىپ نازىرى بولدى. بۇنىڭدىن تاشقى-

رى گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپ خۇاڭ روجېن باشقۇردى. شىڭ ئۆزى جۇرېنۋېيۋەن بولدى. 1942 - يىلى مەركەز ۋۇزەيشاڭنى خارجى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى.

1943 - يىلى يازدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملىرى بىرقانچە يۈزگە يەتتى. شىڭ شىسەي ئۇلارنى ياخشى كۈتتى. سوغات، نام ۋە ئورۇن بەردى. بولۇپمۇ يۇقۇرى دەرىجىلىكلەرنى خۇددى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەۋەتكەن خادىملارنى كۈتكەندەك كۈتتى. لېكىن ئەتراپىغا تىڭ - تىڭچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپار- تىيىسى ئەۋەتكەن خادىملارنى تەقىپ قىلغاندىنمۇ چىڭراق تەقىپ قىلدى. گومىنداڭچىلاردىن بىر قىسمىنى ئۆزىگە تارتىپ ماتې- رىيال بېرىپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يەنە چۇڭچىڭغا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ جاسۇسلۇق تورىنى مەركەزگىچە ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەيلا گومىنداڭ ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ ئىددىيە خاراكتېرلىرىنى پىششىق ئىگەل- لەپ بولدى. 1943 - يىلى ئەتىيازدا لياك خەنساۋ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا ئۇنىڭغا قوشقان تەرجىمان تولا ئىشلارنى يوشۇرۇپ ئەينەن ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرمىدى. بەزىلەر لياك خەنساۋغا ئاتا - بالا، ئاكا - ئۇكىلىرى تۇرمىگە قامالغاندىن كېيىن ھېچ ئۇچۇرى بولمىغان- لىقىدىن ئەرز ئېيتقان بولسا، تەرجىمان بۇ ئىشلارنى تەرجىمە قىلىپ ئۇقتۇرمىغان.

7 - 8 يىلدىن بۇيان قورقۇنچ ئىچىدە قالغان شىنجاڭ

خەلقى نەپەس ئېلىشىنىمۇ تەسلىگىنى ھىس قىلىشقان بولسىمۇ ئەمما ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئانچە قىيىنچىلىق كۆرمىگەن ئىدى. 1937-، 1938- يىللاردىكى تازىلاشتا ئەمەلدارلار، ھەربى ئەمەلدارلار، باي سودىگەر، فېودال ۋاڭ - گۇڭلار بىلەن چەكلەنگەن بولسا، 1940-، 1942-يىللاردا ئادەتتىكى كىشىلەر، تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىلەر، ئالى - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە قولغا ئالدى.

بۇ ئادەملەر گەرچە ھەر بىر ئەنزىدىكى ئەگەشكۈچىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى باش جىنايەتكارلار بىلەن ئوخشاش بولاتتى. تۈرمىگە كىرگەنلا كىشىنىڭ ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايتتى. قولغا ئېلىنغانلار ھۆكۈمەت ئېلان قىلغاندەك ئاشۇ جىنايەتلەرنى ئۆتكەزگەندىمۇ؟ يات كىشىلەر بىلمىسىمۇ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، خوتۇن - بالىلىرى ئۇلارنىڭ گۇناسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىپ ھېچقانداق كىشىگە ئېيتالمايتتى. كۆڭلىدە ھامان بىر خىل گۇمان قالاتتى. بۇ گۇمان ئەڭ ئاخىرىدا ئاساسسىزلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ تاقىلاتتى. رۇسىيەدە ئىنقىلاپتىن كېيىن سوۋېت جەمئىيىتىدە داۋاملىق ئەكسىلئىنقىلاپچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى شىنجاڭدىكى كىشىلەر ئاسانلا چۈشىنەتتى، شۇڭا 1937 - يىلدىكى تازىلاشنى خاتا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تازىلاش ھەركىتىگە ئوخشىتىپ قىلىنغان ئىش دەپ ھىساپلايتتى. شۇنىڭدەك شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچلىرى تەدرىجى كۈچەيگەنلىكىگە قاراپ كىشىلەر

شىڭشىسەينىڭ ئۆز كادىرلىرىنى ۋە خەلقنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلانلىشى ۋە مەجبۇر قىلىشى بىلەن بول-غان دەپ قارايتتى. قامالغان مەھبۇسلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ شۇنداق ئويلايتتى. شۇڭا گومىنداڭ تەسىر كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى، كىشىلەرگە بىر خىل ئۈمىت ئېلىپ كەلگەندەك ھىس قىلدۇراتتى. ئۇلار بۇندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچىسىگە، چۈشەمەسلىگىنى ئۆتكەنكى دەھشەتلىك قىلمىشلىرىنى تەكرارلىماسلىقىنى ئۈمىت قىلاتتى. 1943 - يىلى يازدا شىڭشىسەي 60 - 70 ئادەمنى قو-يۇپ بەردى ۋە ئۇلارغا چوڭ - كىچىك بولسىمۇ خىزمەت بەر-دى. بۇنداق قىلىشى كىشىلەرگە بىر ئاز ئىشەنچ پەيدا قىلدى. شۇ سەۋەپتىن سەنمىنجۇيى كىشىلەرنىڭ بىر مەزگىل قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ 6 بۈيۈك سىياسىتىنى سىياسى نەزىرىيە قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1942 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 6 بۈيۈك سىياسىتىنىڭ ئورنىنى تەدرىجى يوسۇندا سەنمىنجۇيى ئىگەللىدى.

شىڭشىسەي يەنە ئۆزىنىڭ ”ئەكسىيەتچى“ گۇرۇھلارغا قارشى تۇرغان توھپىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، گومىنداڭ مەركىزىدىن قايتا سوراق قىلىشقا ئادەم تەكلىپ قىلدى. 1943-يىلى گومىنداڭ مەركىزى ۋاڭدېباۋ قاتارلىقلارنى ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن شىڭ شىسەي لى يىڭچىڭگە 1940-يىلدىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى ئەنزىلەر-

دىن قالغان "مەھبۇسلار"نى قايتا سوراق قىلدۇرۇپ ئاق ئىقرار قىلدۇرۇشنى قىزىل تۇسكە ئۆزگەرتىپ جاۋدەن، دۇجۇڭيۈەن قاتارلىقلارنى قايتا ئازاپلىدى. كومپارتىيە خادىملىرىغا سوراق داۋامىدا قاتتىق جازالاپ ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇم سالدى. 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شۈيجيې قاتارلىقلارنى ھەرقېتىملىق سوراقتا قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلەر ھالەتكە كەلتۈرۈپ تاشلايتتى. لېكىن ئۇلار ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ، يالغان ئىقرار بەرمىدى. 1943-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا جۇبىڭ، شۈيجيې، لىن جىلۇ، چېن شيۈيىڭ، ياۋسى، ژاڭ گۇفىڭ قاتارلىقلارنى 2-تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈردى. دۇجۇڭيۈەنمۇ شۇ يىلى يازدا ئۆلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ شىنجاڭدا ھېچقانداق تەشكىلات ھەرىكىتى يوق ئىدى. ئۇلار كوممۇنىزملىق تەشۋىقات ئىشلىرىغىمۇ ئېھتىياتچانلىق قىلغان ئىدى. ئەسلىدە مىڭيىمىڭ قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى سوۋېت تەرەپنىڭ خارجى خادىملىرى مىڭيىمىڭنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان ئىدى. كېيىن شىڭشىسەي ئۇلارنى قولغا ئېلىپ جازالىغاندا كارى بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ بۇنى چۈشىنىش قىيىن، چۈنكى ئۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيە خادىملىرىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگۈچىلىك كۈچ-قۇۋۋىتى بار ئىدى. ئۇلار 1942-يىللاردىلا ۋەتىنىگە ئەركىن قايتىپ كېتەلەيدىغان ئەركىنلىككە ئىگە بولدى.

1942-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، غەرپنىڭ كۈچلىرى چېكىنىشكە

باشلىدى. 1943 - يىلى يازدا ھوكۇمەت ئىچىدىكى سوۋېتلىك مۇشاۋىرلار، مۇتەخەسسىسلەر، تېخنىكلار، دوختۇرلار ۋەتىنىگە قايتتى. تۇدۇڭخابادىكى پولات زاۋۇدىنى ھوكۇمەت قىممەت باھادا سېتىۋالدى. مايتاغدىكى نېفت زاۋۇدىنى جۇڭگو تېخنىكلىرى ئوتكوزۇۋالدى. 1942 - يىلىنىڭ قىشلىقى پولكوۋنىك ماشىنكىنىڭ باشلامچىلىقىدا قۇمۇلدىكى 8 - پولكنىڭ بىر قىسمى چېكىنىپ ماڭدى. 1943 - يىلى مايدا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى جىد- دىيلەشكەنلىكتىن 8 - پولكنىڭ قالغان قىسمى پۇتۇنلەي چېكىنىپ كەتتى. 8 - پولك ئۇرۇمچى ئارقىلىق ئىلىغا ئوتكىچە ئۇرۇمچىدە ھەربى ھالەت بولدى. شىڭشىسەي كېچىسى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپتە ياتتى. ئۇرۇمچى - قۇمۇل، ئۇرۇمچى - ئىلى ئارىلىقلىرى- دا شىڭ شىسەي ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى قىلىپ، زورۇر تېپىلغاندا ھەركەت قوللىنىشقا تەييارلىق كورگەن ئىدى.

8 - پولك چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خارجى خادىملىرىغا نازارەتنى كۇچەيتتى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى چىققان ھامان جىخ باشقارمىسىنىڭ ئىز قوغلىغۇچى ماشىنىسى ئارقىسىغا چۇشەتتى. بەزەن جۇڭگو پۇقرا- لىرىغا ئوتكەن ئورۇسلارنى كونسۇلخانىغا كىرگۇزۇپ خىزمەتكە سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن تىجارەتچىلەرنى سوۋېت تەرەپ بى- لەن سودا مۇناسىۋەت قىلىشتىن توستى. تىجارەتچىلەرنى سوۋېت خادىملىرىغا كۇندىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرى سېتىپ بېرىشنى چەكلىدى. ئىلگىرى سوۋېت تەرەپ بىلەن قويۇقراق سوداگەرلا- قە قىلغان سودىگەرلەرنى تۇرمىگە ئالدى. دىمەك شىنجاڭ-

نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 1943 - يىلى بۇزۇلۇپ ئىلگىرىكى دوستلۇق ئەمدى دۇشمەنلىككە ئايلاندى.

شىڭ شىسەي يۈرگۈزگەن مىللى سىياسەت 1940 - يىلىدىن باشلاپ بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەر مىللەتكە بەرگىنى سىياسى ھاكىمىيەت بولماستىن بىر ئاز يول قويۇش ئىدى. بۇنداق يول قويۇش يەرلىك مىللەتلەرگە دەسلىۋىدە ياخشى تەسىر قىلدى. ئەمما بۇ يولدا ماڭغان مىللى زاتلار ئۈزلۈكسىز تازىلىنىشقا باشلىدى. تازىلاش ئوبيېكتى يالغۇز ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ قالماستىن ئادەتتىكى خەلق ۋە مىڭلىغان ياش زىيالىلارمۇ تازىلاش ئوبيېكتى بولدى.

1940 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ خەلقى تامامەن تېرورلۇق ئىچىدە قالدى. 1943 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلى ئۆزگىرىپ گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندا كىشىلەر بىر ئاز ياخشى تەرەپكە يۈزلەندى. 1944 - يىلى ئەتىيازدا شىڭ شىسەي يەنە ئادەم تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىللاردا تۇتقۇن قىلىنغان ”مەھبۇسلار“دىن 1942 - يىلى بىر قىسمىنى قويۇپ بەرگەندىن تاشقىرى قالغانلارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى. ھەر قايسى جايلاردىكى جخ ئورۇنلىرىنى جىڭساجۇي، پەيچۇسو دەپ ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ھېچقانچە ئۆزگەرمىدى. 10 يىلدىن بۇيان ئازاپ چەككەن خەلققە سەنمىنجۇيى ئېلىپ كەلگەن ئازغىنە ئۈمىتمۇ بىر - ئىككى يىللىق ئەمەلىي سىناقتا يوققا چىقتى. بۇنداق بولۇشى خارجى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا سىياسى خىرىس قىلالىشىغا چوڭ كاۋاك ئېچىپ بەرگەن ئىدى.

1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتايدا مىللەتنى ئىرىلدۇ-
رۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى. قەشقەر، چوچەك، غۇلجىلاردا شىڭشى-
سەيگە قارشى مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇلدى. شىڭشىسەيگە قارشى
بەزەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە شوئارلار ھەرقايسى شەھەرلەر-
دە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

1943 - يىلى1 - ئايدا شىڭشىسەي ئالدى بىلەن ھەربى قىسىم-
لىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇردى ۋە كېڭەيتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ ھەربى
قىسىملىرى مېخانىكىلاشقان بىرىگادا (لۈي) دىن باشقىسى
پولكنى بىرلىك قىلغان ئىدى. ئۇنى چوڭايتىشنى خالىمايتتى.
چۈنكى ھەرقانچە چوڭايتقان بىلەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل
كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى
پولكلاردا سوۋېتلىك ھەربى ئوقۇتقۇچىلار (جاۋگۇەنلەر)
بولغانلىقتىن، ھەربى قىسىملاردىكى كادىرلارنى سوۋېت
تەرەپ كونتۇرۇل قىلىۋالغانلىقتىن قاتتىق ئەنسىرەپ قانچە
چوڭايتىلسا خەۋپ شۇنچە كوپىيىدۇ، دەپ ھىساپلايتتى. 1942-
يىلىغا كەلگەندە ئەھۋال ئۆزگەردى. شۇ يىلى ئەتىيازدىن كۈز-
گىچە ھەربى قىسىملاردىكى كادىرلارنى تازىلىۋاتقاندىن كېيىن
1943 - يىلدىن باشلاپ قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتتى.

ئىلگىرىكى ئاتلىق 1 -، 10 -، 16 -، 20-، 21-، 38-، 40-،
46 - پولك، 15 - ئەترەت، موتورلاشقان 3 -، 5 - ئەترەت،
پىيادە ئەسكەرلەر 2 -، 4 - باتالىيون، زەمبىرەكچىلەر پولكى،
مېخانىكىلاشقان ئىككى بىرىگادا، چېگرا مۇداپىئە بەش ئەترەت-
تىكى قىسىملارنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقتى. ئومۇمى ئادەم سانى

28163 نەپەر ئىدى. قىسىملارنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆزىنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. شىڭشىسەي گەرچە جەمىيەتتىكى فېئودال كۈچلەرنى تازىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ- زىگە كەلگەندە يەنىلا فېئوداللىزىملىق مۇناسىۋەتلەردىن پايدى- لاندى ۋە ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىدى.

گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قول- غا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىڭشىسەي كۆرۈنۈشتە گومىنداڭنىڭ بارلىق ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، گومىنداڭ ئەۋەتكەن خادىملارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغاندىن تاشقىرى، سوۋېت ئىتتى- پاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرىنى ئىمكان قەدەر چەكلەپ گو- مىنداڭ بىلەن بىر يولدا ماڭىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. 1943- يىلى كۈزدە چۇڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە مەركەزنى ھىمايە قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. جياڭجيېشى سۇڭمېيلىڭ ۋە جۇشياۋلياڭلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ شىنجاڭغا ھۆكۈم- رانلىق قىلىش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. چۇڭچىڭغا بېرىپ ئىچكى رايونلارنىڭ سىياسەتتە چىرىكلىشىپ مەمۇرىيەتتە ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركى- زىنى ئوينىتىش ۋە ئالداشقا كۆزى يەتكەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ساقچى ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئىقتىدا- رىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن 1944 - يىلى ئىلگىرى - كېيىن بو- لۇپ ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لېيىڭچى بىلەن ئورۇنباسارى

ساۋتيەنجۇينى جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى ۋە چەتئەل ئىشپىيونى دەپ گۇمان قىلىنغانلارنى قولغا ئالدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە سوۋېت گىراژدانى ئابدۇللىنىنى قولغا ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ سىرت بىلەن بولىدىغان ھەركەتلىرىنى چەكلەپ قويدى. چېگرا رايونلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ ئۆتكەن سوۋېت پۇقرالىرىنى پۈتۈنلەي قاماققا ئالدى. ئىدىيىۋى جەھەتتە: سولچىل ئىدىيىدىكى كىتاپلارنى يىغىۋالدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

شىنجاڭ بولسا جۇڭگونىڭ بىر چېگرا رايونى، شېڭ شىسەي ھەرقانچە كورەڭلەنسىمۇ، ئەڭ چوڭ بولسا، "شىنجاڭنىڭ پادىشاسى" ھىساپلىناتتى. 1942 - يىلىدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا كىرىپ سەنمىنجۇيى تەشۋىق قىلىنغاندا، شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ "ئۇلۇغ داھى"لىقىنى جىياڭ جېيشىگە ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 1944 - يىللىرى گومىنداڭ كۈچلىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۆپەيدى. سىياسى جەھەتتە شىنجاڭدا تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى. پىرقە خادىملىرى شىمالى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەرگە تۈركۈملەپ ئەۋەتىلدى. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خادىملار گېزىتخانا، مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتى. خەلق تەرەپتە ئۇنىڭ شىنجاڭدىن كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشتەك ئىدىيە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېنەندىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئاھالىلارنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا چىققانلىقى شىڭشىسەينىڭ ئۆزىگىمۇ كونتۇرۇل قىلىشتا

قېيىنچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتە ئالتاي خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ئۇلغايغانلىقتىن 1944-يىلى ئەتىيازدا قۇمۇلدىكى 18 - بىرىگادا چېتەيگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. خېشى كارىدورىدىن 18 ۋە 46 - دىۋىزىيىلەر قۇمۇل، بارىكۆلگە ئىچكىرىلەپ كىردى. شۇ يىلى 5 - ئايلاردا گەنسۇدىكى 7 - دىۋىزىيە ئۈرۈمچىگە ئورۇنلىشىشقا تەييارلىق كۆردى. شېڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى تازىلىغاندىن كېيىن ئۆز ھوقۇقىنى راۋرۇس ئىشقا سالىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇنىڭ ئاممىۋى ئىناۋىتى كۈندىن - كۈنگە چۈشۈپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچى شىنجاڭدا بار ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى دۇنيا بويىچە 6 داھىنىڭ (لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدې جياڭ جيېشى، شېڭ شىسەي) بىرسى دەپ ھېسابلايتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ قاتاردا تۇرالماي بەلكى چەتكە شاللىنىپ چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ بۇ خىل ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلايدىغان بىر يولنى تاپماقچى بولۇپ ئۆزىنىڭ ”سۇيىقەستلىك ئەنزە“ پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت كونا ئۇسۇلىنى يەنە ئىشلەتمەكچى بولدى.

1944 - يىلى مۇزلاپ قالغان ”12 - ئاپرېل“ بايرىمىدىن كېيىن مائارىپ نازىرى چېڭ دۈگبەي بىلەن ئۆلكىلىك پىرقىدىكى خې گىڭگۇاڭ قاتارلىق پىرقە - مەمۇرىي باشلىقلارنى قولغا ئېلىپ جازالاش ئۇسۇلى بىلەن گومىنداڭ تەرەپتىن

شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ ھوكۇمەتكە قارشى تەشكى-
لاتى بار، ئۇلار جۇئېنلەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇۋاتقان خارجى خادىملىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت
باغلاپ شىڭشىسەي ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ كوممۇنىس-
تىك ھوكۇمەت قۇرماقچى دىگەننى ئىقرار قىلدۇردى. 6 - ئاي-
نىڭ 26 - كۇنى زور تۇركۇمدە دارىلفۇنۇن ۋە ئوتتۇرا مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق
ئادەمنى قولغا ئالدى. بىر مەزگىل ئۇرۇمچى قورقۇنچلۇق
ئىچىدە قالدى. شۇ ۋاقىتلاردا ياپون جاھانگىرلىگى يېڭى ھۇ-
جۇم قوزغىغان ئىدى. شىڭشىسەي پۇرسەت كەلدى دەپ 8-
ئاينىڭ 11 - كۇنى تەمىنات نازىرى لىن جىيۇڭ بىلەن ئول-
كىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى خۋاڭرۇجىن باشچىلىغىدا گومىن-
داڭ مەركىزى ئەۋەتكەن زور تۇركۇمدىكى خادىملارنى قولغا
ئالدى. لىن بىلەن خۋاڭ ئىككىسىنى ئەڭ قاتتىق جازالاش
ئارقىلىق ئۇلارنى بىز گوڭچەنداڭ ئەزاسى، شىنجاڭدا قوزغى-
لاڭ، توپىلاڭ كوتەرمەكچى دەپ ئىقرار قىلدۇردى. بۇ قېتىم
شىڭشىسەينىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى ئەڭ زەھەرلىك، قولغا
ئالغان ئادەم سانى ئەڭ كوپ بولدى. ھەرقايسى ئىدارە باش-
لىقلىرى ۋە ج خ باشقارمىسىدىن باشقا ھەممىسى تۇرمىگە ئې-
لىندى. ۋىلايەت، ناھىيە باشلىقلىرىدىنمۇ قولغا ئېلىنغانلار كوپ
بولۇپ ئومۇمى سانى 1500 دىن ئاشىدۇ. شىڭشىسەي يەنە
7 - دىۋىزىيە قوماندانى لىيۇيشاڭنى قولغا ئېلىپ مەزكۇر
دىۋىزىيەنى يىغىشتۇرۇۋەتمەكچى بولغاندا، ئولكە ئەسكەرلىرىنىڭ

قوماندانى ئۇنىڭغا ئويلاۋراق ئىش كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدى. شىڭشىسەي بۇ تەكلىپكە ئاچچىغى كېلىپ بىر يولدىلا 128 - دېۋىزىيىنىڭ سىجاڭى لياۋجېڭشەن، ۋاقىتلىق 3 - دىۋىزىيە سىجاڭى تاڭ جىچۇەن، 11 - دىۋىزىيە سىجاڭى ۋۇشىجۇ، ئاتلىق 1 - دىۋىزىيە سىجاڭى سۇيىيڭچۇەن قاتارلىقلارنى بىراقلا قولغا ئالدى.

شىڭشىسەي ئۆز قوسىغىدا، مەركەز ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قاراپ، ھېچبولمىغاندا خۇاڭ رۇجىن بىلەن لىن جىيۇڭنى بوشىتىپ چۈكچىمىگىنىغا قايتۇرسام، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتكۈچىلىك مەركەزنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىر كۈچى ئازىيىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭىدەك خەلقارا ۋەزىيەتكە كۆپلەپ خام خىيال قىلاتتى. ئاۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى قايتا ئۇنى قوبۇل قىلىمىسا ياپونىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ بۇ خىيالى ئەمەلگە ئاشمىدى. گومىنداڭ تەرەپ خۇاڭ، لىنلارنىڭ گۇڭچەنداڭ تەرىپىدىن پايدىلانغانلىقىغا ئىشەنمىدى. شۇڭا مەركەز ئادەم تەيىنلەپ جۇشياۋلياڭ (8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭى) بىللە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ قايتا سوراق قىلىدى. خۇاڭ، لىنلار باشتا قىلغان ئىقرارلىرىنى رەت قىلدى. شىڭ شىسەينىڭ مەجبۇرلاپ ئالغان "ئىقرار" لاردىن باشقا ئاساسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەپ كۆرسىتەلمەي گومىنداڭ تەرەپكە خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىمەن دەپ پوپوزا قىلىپ سىناپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى، مەركەز ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى

دەرھال تەستىقلاپ، 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىڭ شىسەيىنى دى-خانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىگىگە يۆتكەپ، شىنجاڭدىكى دۈبەن مەھكىمىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ۋۇجۇڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىگىنى جاكالىدى. ۋۇجۇڭشىن كېلىش ئارىلى-قىدا جۇشياۋلياڭ مۇۋەققەت ئىش بېجىرىپ تۇردى.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدا 14 يىل تۇردى. 11 يىل ھاكى-مىيەت باشقۇرۇپ ئاجايىپ ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن ئىش باش-قۇردى.. ئاخىرى ئۆزىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇ شىنجاڭدىن كېتىش ئالدىدا جۇشياۋلياڭغا يەنە ئادەم تۇتۇش ۋە تۈرمىدىكى "گۇ-ناكار" لاردىن بىر نەچچىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ قىلدى. شىڭ شىسەي بۇرۇن ھەر قېتىم "ئەنزە" پەيدا قىلىپ تازىلاش يۈرگۈزگەندە مەسئۇلىيەتنى ئەتراپلىق ئۈيۈشتۇراتتى. مەسىلەن، 1937 ـ ، 1938 ـ يىللىرىدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى شىڭ شىسەي جىخ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خۇاڭ مىڭفۇنىڭ نامىدا تۈ-جاڭزا ئويدۇرۇپ، ھەر بىر ھۆكۈمگە خۇاڭنىڭ تۈجاڭزىسىنى باستۇرغان ئىدى. خۇاڭ 1938 ـ يىللىرى سوت ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. 1942 ـ يىلدىكى چوڭ قىرغىننى تۈرمىدىكى "گۇ-ناكار" لار "توپىلاڭ" كوتەرمەكچى، شۇڭا جىددى تەدبىر قوللان-دۇق دەپ ئاتىدى. ئاخىرقى بىر قېتىم قىرغىنچىلىق قىلىش، كويى-دۈرۈپ تۈگىتىشنى پىلانلىغاندا، جۇشياۋلياڭ قوشۇلماي ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

ئون يىللىق ئولكىنىڭ كىرىم - چىقىمى:

| يىل | كىرىم | چىقىم |
| --- | --- | --- |
| 1933 - يىل | 4،361،400 | 7،422،800 |
| 1934 - يىل | 6،722،800 | 10،984،200 |
| 1935 - يىل | 7،903،500 | 12،247،550 |
| 1936 - يىل | 10،328،000 | 14،522،000 |
| 1937 - يىل | 12،402،558 | 17،320،000 |
| 1938 - يىل | 13،473،878 | 19،450،000 |
| 1939 - يىل | 17،558،935 | 28،408،000 |
| 1940 - يىل | 19،359،329،80 | 24،645،736،80 |
| 1941 - يىل | 42،892،309،80 | 66،800،656،80 |
| 1942 - يىل | 78،283،204،82 | 99،998،858،80 |

ئولكىنىڭ پۈتۈن كىرىمى ئولكە غەزنىسىگە كىرىم قىلىناتتى. ئولكىنىڭ يىللىق كىرىمىدە باج كىرىمى 90% نى ئىگەللەيتتى. كىرىمنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى كان مەھسۇلاتلىرى بېجى ۋە سودا - تىجارەت (چاي، شېكەر، سەرەڭگە، كىرسىن، ئاپتوموبىل) بېجى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا، ئولكە دائىرىسىدىكى كارخانىلارغا مەبلەغ قوشۇشتىن بولغان كىرىم، يەنە يەر بېجى، ئوت ئوچى (چارۋىچىلىق) كىرىمى قاتارلىقلار. تاموژنا بېجى مەسىلىسىدە ئىمپورت قىلىنغان ماللار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلان قىلغان باھاسى بويىچە ئېلىناتتى. ئېكسپورت ماللارنى يەرلىك ماللار شىركىتى، باج ئىدارىسى، مال دوگۋور قىلغان تىجارەتچىلەر، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بېكىتكەن باھاسىغا ئاساسلىناتتى. مىنگونىڭ

27 - يىلدىن بۇيان ئىمپورت ماللاردىن 7.5 پىرسەنت ئېكسـ
پورت قىلىنغان ماللاردىن 5 پىرسەنت باج ئېلىندى.

10 يىللىق مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| مەكتەپ | 10 يىلنىڭ ئالدىدىكى سان | | | 10 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات سانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەكتەپ | سىنىپ | ئوقۇغۇچى | مەكتەپ | سىنىپ | ئوقۇغۇچى |
| هۆكۈمەت مەكتىپى | 95 | 128 | 4132 | 580 | 2621 | 90333 |
| ئۆيۈشما مەكتەپلىرى | 0 | 0 | 0 | 1883 | 4083 | 108038 |
| بالىلار باغچىسى | 0 | 0 | 0 | 2 | 14 | 387 |
| جەمى | 95 | 128 | 4132 | 2465 | 6718 | 198758 |
| باشلانغۇچ ئوتتۇرا | 1 | 3 | 199 | 5 | 71 | 2117 |
| تولۇق ئوتتۇرا | 0 | 0 | 0 | 2 | 8 | 194 |
| سىفەن | 1 | 2 | 79 | 3 | 28 | 1108 |
| مۇئەللىملەر كۇرسى | 0 | 0 | 0 | 5 | 10 | 500 |
| جەمى | 2 | 5 | 278 | 15 | 117 | 3974 |
| كەسپىي مەكتەپ | 0 | 0 | 0 | 5 | 11 | 373 |
| دارىلفۇنۇن | 1 | 2 | 40 | 2 | 18 | 228 |

## 1934 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللى تەركىۋى

| مىللەتلەر / قارار ئايرىمىسى | جەنزۇ | ئۇيغۇر | قازاق، قىرغىز | موڭغۇل | خۇيزۇ | مانجۇ | شىۋە، سولون | تاتار | جەمئى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 - قارار | 33 | 63 | 2 | 4 | 4 | | | | 106 |
| 2 - قارار | 26 | 54 | | 4 | 8 | 2 | | | 94 |
| 3 - قارار | 15 | 23 | 8 | 3 | 4 | | 3 | 1 | 57 |
| جەمئى | 24 | 140 | 10 | 11 | 16 | 2 | 3 | 1 | 257 |

# نوپۇسنىڭ كۆپىيىش جەدۋىلى

| يىللار | 10 يىلنىڭ ئالدىدىكى سان | 1942- يىل | 1943- يىل | 1944- يىل |
|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | 530915 | 843848 | 883423 | 900113 |
| ئاشقان سان | — | 302938 | 39575 | 16690 |
| ئەرلەر نوپۇسى | 1414228 | 1964609 | 2088620 | 2131610 |
| ئاياللار نوپۇسى | 1137513 | 1765442 | 1841259 | 1879721 |
| جەمى | 2551741 | 3730051 | 3929879 | 4011330 |
| ئاشقان ئەرلەر سانى | | 550381 | 124011 | 42990 |
| ئاياللار سانى | | 627929 | 75817 | 38461 |
| جەمى | | 1178310 | 199828 | 81451 |

ئەسكەرتىش:

10 يىلنىڭ ئالدىدىكى سان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ 1928 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغان. سىلىشتۇرۇلسا ئۇيغۇن ياكى ئازراق كەم چىقىشى مۇمكىن. 1942 - يىلدىن كېيىنكى سانلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغان.

# شىنجاڭ چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى

## (1936 - 1943)

لى گوچىڭ

## (1) چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى (بيەنۋۇچۇ) قۇرۇلۇشتىن بالدۇرقى شىنجاڭ ئەھۋالى

چېگرا ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلغان ۋاقىت، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى بارا - بارا مۇقىملىققا قاراپ ماڭغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. 1934 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى يولغا قويىدى ھەمدە 3 چوڭ سىياسەت ۋە 5 چوڭ سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تېچلىقتا بىللە تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ سېستىمىلاشتۇردى. شۇ يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، خې يۈجىن بىرىنچى قېتىم مىشۇجاڭلىققا تە-

يىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ شۇچىڭ (كومىنتاڭ ئەزاسى) 1938 - يىلى خۇاڭ مىڭفۇ (خۇاڭ خۇچىڭ يولداش) مىشۇجاڭ بولدى.

جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، شۇ چاغدا شىڭ شىسەي كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا 6 بۇيۇك سىياسەتنى ئاساس قىلغان «ھوكۇمەتنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىلىرى» دەپ ئاتالغان بىر نىمىسىدىن دەرس ئوتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: 1 - سەككىز ماددىلىق خىتاپنامە؛ 2 - توققۇز مۇھىم ۋەزىپىدىن ئىبارەت ئىدى. سەككىز چوڭ خىتاپنامىنىڭ مەزمۇنى توۋەندىكىچە: (1) مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، (2) دىن ئەركىنلىكىنى ساقلاش، (3) يېزا - قىشلاقلارغا ياردەم بېرىش، (4) مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش، (5) مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى ساغلام يۇرگۇزۇش، (6) مائارىپنى كېڭەيتىش، (7) مۇختارىيەتنى يولغا قويۇش، (8) ئەدلىيىنى ياخشىلاش.

توققۇز مۇھىم ۋەزىپە ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ، ئومۇمەن شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئەبەدىي زېمىنى قىلىشنى كاپالەتلەندۇرۇش، ۋاڭ، گۇڭ، لاما، ئاخۇنلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىغا كاپالەت بېرىش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ۋە باشقىلار......

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم قىلغان بەش مىليون رۇبلى پۇلى بىلەن ئۇرۇمچىدىن ئىلىغا بارىدىغان تاش يول ياسىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ماللىرى شىنجاڭغا ئۇزلۇكسىز توشۇلدى. كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى مەسە-

لەن، چاي، شېكەر، رەخت، يىپ - يىڭنە ۋە سەرەڭگە قاتارلىقلار. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى پەيدىن - پەي ئەسلىگە كەلدى ۋە گۈللەندى. يېزا ئىگىلىك راۋاجلاندى. بازارلاردا مال باھالىرى مۇقىملاشتى. ئىجتىمائى تەرتىپ نورماللىشىشقا يۈزلەندى.

ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىش ئۈچۈن 1933 - يىلى گەنسۇدىن چىقىپ قۇمۇل ۋە گۇچۇڭغىچە كەلدى، ھەتتا ئۈرۈمچىنى قامال قىلدى. ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق ياردىمىگە ئىگە بولالىغاچقا، ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ سوۋېتكە كەتتى. پەقەت ماخۇشەنلا قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەندە قالدى. سوھبەت ئارقىلىق ماخۇشەن كورۇنۇشتە شىڭ شىسەينىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنغان بولسىمۇ، 1937 - يىلىغا كەلگەندە شىڭ شىسەيگە قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. شۇ يىلى كۈزدە ماخۇشەن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. شۇندىن تارتىپ شىنجاڭدا ھەقىقى بىرلىك ئىشقا ئاشتى.

1934 - يىلى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. 1 - ئاۋغۇستنى شىنجاڭنىڭ ئىچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ خاتىرە كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى شىنجاڭ قوشۇنلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ قايتا تەشكىللەندى. 1933 - يىلى شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭغا كەلگەن ئەسكەرلەر بىر تۈمەن قىلىپ تەرتىپكە سېلىنىپ تۈەنجاڭلىققا سۈن چىڭلىڭ تەيىنلەندى ۋە تۇرپان ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتى. جىلىن بىردىگا-

دىسى بىر تۈمەن قىلىنىپ تۈمەنجاڭلىققا جاڭ فېڭيى تەيىنلىنىپ پىچاندا ئورۇنلاشتى. ئۈرۈمچىدە مۇنتىزىم قوشۇنلاردىن مۇھاپىزەتچى پولكقا شىڭ شىچى (شىڭ شىسەينىڭ 4 -ئىنىسى) پولكوۋنىك بولغان ئىدى. شەھەر مۇداپىئە باتالىيونىنىڭ يىڭجاڭى چىڭ دۈگشەن، جاۋداۋ تۈمەنىنىڭ تۈمەنجاڭى ليۇ جېڭچىڭ ئىدى. جاۋداۋتۈمەنىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ 3 پىيادە ئەسكەر باتالىيونى، بىر ئاتلىق ئەسكەر روتىسى ۋە زەمبىرەك قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىدى. زەمبىرەك قىسمىدا 3 جۈگدۈي بولۇپ 6 تاغ توپى، 3 دالا توپى، برونېۋىك ئەترىدى، ساپيورلار ئەترىدى ۋە خەۋەرلىشىش ئەترىدى بار ئىدى.

1934 - يىلى شىنجاڭدا ھەربى مەكتەپ رەسمى قۇرۇلدى. مەكتەپتە پىيادە ئاتلىق ۋە توپچى ئەسكەرلەر دەپ 3 قىسىمغا بۆلۈندى. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلىقنى شەرقى شىمالدىن كەلگەن قوشۇنلارنىڭ جياڭلىڭلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە ھەربى مەكتەپكە ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىونال ئەۋەتكەنلەردىن گېنېرال مايور دەرىجىلىك باش جاۋگۈەندىن بىر كىشى، پىيادە ئەسكەر جاۋگۈەندىن ئىككى كىشى، ئاتلىق ئەسكەر جاۋگۈەنى ئىككى كىشى، توپچى ئەسكەرلەر جاۋگۈەنى بىر كىشى كەلگەن ئىدى.

سىياسى ئىقتىسات، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، مىللى مەسىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى تەتقىقاتى قاتارلىق سىياسى دەرسلەر ئوقۇلاتتى، بۇ دەرسلەرنى بىر قانچە ئىلغار زاتلار ئۆتەتتى.

1936 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۇلاردىن بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلارنى چېگرا مۇداپىيە خىزمىتىگە تاللىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەربى، سىياسى بىلىمنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، كۇرسى "شىڭزوبەن" گە كىرىپ ئوقىدى، كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قوشۇنلارنىڭ سىياسى كومىسارلىق خىزمىتىگە تەيىنلەندى، بىر قىسمى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەر قايسى باشقارمىسىدىكى خىزمەتلەرگە قويۇلدى، بىر قىسمى ھەربى مەكتەپتە قالدۇرۇلۇپ شوبە ئەترەت باشلىغى قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كوپ قىسمى قوشۇنلاردا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

دۇبەن مەھكىمىسىدە سوۋېتلىك بىر جۇنجاڭ (گېنېرال لېيتېنانت) دەرىجىلىك مۇشاۋىر بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى مۇشاۋىرنىڭ ئېتى لاتۇف ئىدى. مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى، ئولكە مۇداپىيە باشقارمىسى، سىياسى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى، قاتناش باشقارمىسى، تەمىنات باشقارمىسى ۋە قۇرۇلۇش باشقارمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ھەربى ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى.

## (2) چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خادىملىرىنىڭ سەپلىنىش ئەھۋالى

چېگرا ئىشلار باشقارمىسى 1936 - يىلى كۈزدە قۇرۇلدى. دەسلەپتە ئۇ، مەخپى باشقارما دەپ ئاتالغان ئىدى. كېيىن چېگرا ئىشلار باشقارمىسى (بيەنۇۋچۇ) دەپ ئاتالدى.

1 - سوۋېت جاۋگوۋەنلىرىنىڭ ئەھۋالى

3 - ئىنتېرناتسىونال شىنجاڭدا تۇرۇش ئۇچۇن 7 كىشىـ
دىـن تـەركىپ تاپقان بىر ھەربى ئاخبارات گۇرۇپپىسـى ئـەـ
ۋەتكەن ئىدى. شاۋجىياڭ دەرىجىلىك باش جاۋگوۋەن ما لەنچىڭ
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىگىگە مەسئۇل
بولۇپ ماناۋىن چۇجاڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتى. شاگشياۋ
(پولكوۋنىك) ئورۇنـباسار باش جاۋگوۋەن ۋىنكـوف ئاخباراتـ
چى خادىملارنى تەربىيلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. جۇڭشياۋ
(پودپولكوۋنىك) ئوقۇتقۇچى لاۋلوك ئاخبارات تورى قۇرۇش،
ئاخباراتچىلارنى ئەۋەتىش، ئولكىمىزدىكى ئىش باشقۇرۇش ئو-
رۇنلىرى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئاخبـارات
پونكىتلىرىنى قۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. 1- بولۇمگە باۋشۇخوۋې
باشلىق بولدى. 2 - بولۇمگە جۇڭشياۋ ئوقۇتقۇچى مىـدالـوف
باشلىق ئىدى. ئۇ خەنزۇچە تىل ۋە يېزىقنى بىلەتتى، ئـۇ يـاـ
زاتتى، لېكىن سوزلىمەيتتى. ئاخباراتنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە
يېتەكچىلىك قىلىش، ئايلىق ئاخباراتنى تەھرىرلەش ۋە تەرجىـ
مە ئىشلىرىغا تولۇق مەسئۇل بولۇپ ھەركۇنى تاپشۇرۇۋېلىنىـ
غان ئاخباراتلارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ مـوسـكـۋاغـا
يوللايتتى.

مايور جاۋگوۋەن زانگىن، ئاخباراتچىلارغا رەسىم تارتىش
تېخنىكىسى بىلەن ھوججەتلەرنى قانداق چوكىلىتىش ۋە قانداق كىچىكـ
لىتىش تېخنىكـلىرىنى ئوگىتىشكە مەسئۇل بولۇپ 2 - بـولۇمگە
قاراشلىق ئىدى.

باش رادىيو ئىستانسىسىغا جۇڭشياۋجاۋگۇەن ۋارنـاكوف مەسئۇل بولۇپ رەھبەرلىك قىلاتتى. جۇڭشياۋجاۋگۇەن مانىكوف رادىستلارنى (رادىيو خادىملىرىنى) تەربىيىلەشـكە مەسئۇل بولۇپ، باش رادىيو ئىستانسىسىدا ئىشلەيتتى. (بىز رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئاخباراتچىلىرى بىلـەن مەخـپى ئىـش خـادىملىرىنى تېلېـگراف خادىـملىرى دەپلا ئاتايتتۇق).

## 2 - چېگرا ئىشلار باشقارمىسى خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى

چۇجاڭلىقنى شىڭشىسەينىڭ ئۆزى قوشۇمـچە ئـوتىـدى.

1 - مائاۋىن چۇجاڭ چىڭپېيسىڭ كەسپـىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. بۇئادەم شۇ چاغدا كومپىنتېرىن ئەزاسى دەپتونۇلغان (ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋاڭ شۇچىڭ، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاڭ باۋچەن، قاتناش باشقارمىسىنىڭ چۇجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن لۇەن باۋتىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كومپىنتېرىن ئەزالىرى ئىدى).

2- مائاۋىن چۇجاڭ ۋۇزوجۇن مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئۇ شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىنىڭ خېلۇڭجياڭ بىردىكادىسى بىلەن بىللە كەلگەن ياش ئوقۇغۇچى ئىدى.

1 - بولۇم باشلىقى: باۋشوخۇەي

2 - بولۇم باشلىقى: گاۋبىڭدۇ

مەخپى تېلېگراف ئىشخانىسىدا: گەي پېيبىڭ

مالىيە ئىشخانىسىدا: لۇي يۇڭشياڭ

باش دېيەنتەيىنىڭ جۇرېنى شۇي زودى، جاڭ × × (چىڭ پېيىسىڭ- نىڭ ئايىلى)

چېگرا ئىشلار باشقارمىسى قارمىقىدا 6 شوبە قۇرۇلغان، ئۇلار:

قۇمۇل شوبىسى: مۇدىرى دۇجياتيەن
شىڭشىڭشيا شوبىسى: مۇدىرى ۋاڭ شياۋدىيەن
ئېرلىزىخې شوبىسى: مۇدىرى لى باۋخۇا
خوتەن شوبىسى: مۇدىرى جۇۋدىڭې
تاشقورغان شوبىسى: مۇدىرى گوجۇيرۇي
چاقىلىق شوبىسى: مۇدىرى لى باۋخۇا

سۇيىيۈەن - شىنجاڭ شىركىتىنىڭ قۇمۇل جىگىلىسى جى تۇڭدىيەن (ئەمەلىيەتتە چېگرا ئىشلار باشقارمىسىغا تەۋە مەخپى ئورگان).

يۇقۇرقى 6 شوبىنىڭ ھەممىسىدە بىردىن رادىيو ئاپارات (دېيەنتەي) بولۇپ، بېيەنۇۋچۇنىڭ باش رادىيو ئىستانسىسى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشاتتى.

3 - چېگرا ئىشلار باشقارمىسى خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنبەئى

(1) 3 - ئىنتېرناتسونال ئەۋەتكەن سوۋېت جاۋگۇەنلىرى، (2) شىنجاڭ ھەربى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، (3) جۇڭگو گوڭچەنداڭ ئەزالىرى، (4) سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار، (5) پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېلېگراف ئالغۇچى، تارقاتقۇچى خادىملىرى، (6) مەدىنى كادىرلار كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ۋە باشقىلار.

4 - باندىت شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان چېگـ
را ئىشلار باشقارمىسى خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى:

1941 - يىلى ياز پەسلىدە باندىت شىڭ شىسەي، چېك پېيـ سىنىڭ، ۋۇزوجۇن باشچىلىقىدىكى "قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى" دىگەن بىر نىمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئالدى بىلەن چېك پېيسىڭنى سوۋېتكە قايتۇرۇۋەتتى. ئاڭلىشىمچە چېك پېيسىڭ ۋەتىنىمىزگە قايـ تىپ لەنجۇغا كېلىپ چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ لەنجۇدىكى مەخپى سودا دۇكىنى "گاۋجى شاڭخاڭ"نىڭ جىڭلىسى يۈي مىڭجۇنىڭ ھىمايىسىدە جۇڭچىڭغا بارغان، چېگرا ئىشلار باشـ قارمىسى خادىملىرىدىن جياۋۋىنرۇ، جاڭ چېڭرۇ، لى ۋېنجي ۋە كاڭ شىڭ قاتارلىق 4 كىشىدىن باشقىلىرى ۋۇزوجۇن بىلەن بىر قاتاردا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا بەختـ كە يارىشا ۋاڭ بىگدۇ بىلەن ۋاڭ شياۋدىيەن ئىككىسى ئامان قالدى. قالغان 18 كىشىنىڭ ھەممىسى تۈرمىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان راـ يونلاردا خىزمەت قىلغان خادىملارنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىپ تۈرمىـ گە تاشلىدى. شۇ چاغدا باشقارمىنىڭ ھەر بىر بولۇمىدە پەقەت بىردىنلا خىزمەتچى قالدى. باش رادىيو ئىستانسىسىنىڭ جۇرېنى شۈي زودې (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان) مۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرـ مىدە ئۆلتۈرۈلدى.

5 - 1941 - يىلى چېگرا ئىشلار باشقارمىسى خادىملىرىـ
نىڭ تولۇقلىنىش ئەھۋالى:

مۇئاۋىن جۇجاڭ شىڭ شىجى (باندىت شىڭ شىسەينىڭ 5-ئىنىـ

سى) يوتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا جاڭ ۋېنشۈەن تەيىنلەندى. ئاندىن كېيىن لى دۇڭخا تەيىنلەندى. لى گوچىڭ 1942 - يىلى قىش پەسلىدىن تارتىپ، تا چېگرا ئىشلار باشقارمىسى ئېلىپ تاشلانغانغا قەدەر مۇۋەققەت مۇئاۋىن جۇجاڭ بولۇپ ئىشلىدى.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باش رادىيو ئىستانسىسى تېلېگراف تېخنىكلىرى يېتىشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، جەمى 11 كىشىگە بىر قارار كۇرس ئاچتى. كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى چۇگچىك، چىڭخەي، شىزاڭ، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بەنسىچۇلارنىڭ دىيەنتەيلىرىدە ئىشلىتىش پىلانلاندى. كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 3 ئۇيغۇر، 8 خەنزۇ بولۇپ جەمى 11 كىشى مەدەنىي كادىرلار كۇرسى بىلەن يۇقۇرى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن تاللىۋېلىنغان ئىدى.

6 - 1942 - يىلدىن كېيىن، چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ تەشكىلى ۋە خادىملىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. تەشكىلىمۇ كېڭەيتىلمىدى. ھەر بىر بۆلۈم ۋە شۆبە باشقارما مەسئۇللىرىنىڭ ئەھۋاللىرى مۇنداق:

مۇۋەققەت باشقارما باشلىقى لى گوچىڭ، 1 - بۆلۈم (تەشكىلات) نىڭ باشلىقى جياۋۋېنرۇ، 2 - بۆلۈم (ئاخبارات) نىڭ لى گوچىڭ، 3 - بۆلۈم (مەخپىي تېلېگرام) نىڭ جۇفىڭتەي، (جۇڭگو گومىنداڭ ئەزاسى) 4 - بۆلۈم (مالىيە ئىشلىرى) نىڭ مۇۋەققەت باشلىقى جاڭ گودۇڭ، قۇمۇل شۆبىسىنىڭ مۇدىرى ۋەن يۈلىن، (جۇڭگو گومىنداڭ ئەزاسى) ئۇنىڭغا بىر دىيەنتەي بېرىلگەن،

چارقىلىق شوبىسىنىڭ مۇدىرى لى باۋخۇا، ئۇنىڭغا بىر دېيەنتەي
بېرىلگەن، خوتەن شوبىسىنىڭ مۇدىرى لى ۋېنجى، ئۇنىڭغا بىر
دېيەنتەي بېرىلگەن، تاشقورغان شوبىسىنىڭ مۇدىرى كاڭ شىڭ،
ئۇنىڭغا بىر دېيەنتەي بېرىلگەن، ئېرلىزىخې مەسلىھەتچىلەر بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىشىدىغان شوبىسىنىڭ مۇدىرى شى يەنچىڭ، ئۇنىڭغا بىر دېيەن-
تەي بېرىلگەن، لەنجۇ يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ مۇدىرى گاۋ-
بىڭدۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، شۇي خۇافېڭ دېيەنتەينى ساق-
لاپ قالدى. لەنجۇ گاۋجى شاڭخاڭ مۇدىرى يۈي مىڭجۇ، (جۇڭگو
كۆكچەنداڭ ئەزاسى) باشقارما ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن ئۇ
قايتىپ كەلمىدى. ئۇۋېي ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى
جۇشىڭيۈەن، جاڭيې ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى لىن دې،
(جۇڭگو كۆكچەنداڭ ئەزاسى)لار ئۇ يەرلەردىكى ئىش بېجىرىش
ئورۇنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان چاغدا قايتىپ كەلمىدى.
جيۇچۇەن ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى زېڭ شياۋلۇ بىر
رادىيو ئىستانسىسىنى قوغداپ قالغان، جيۇچۇەن ئاخبارات ئورنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاخباراتچى روفېڭلۇ
قايتىپ كەلمىدى، چىڭخەي ئولكىسى شىنىڭ
ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى جاۋسۇڭشەن سودا فېرمىسىنىڭ
ھىمايىسىدە ئۆزىنى ساقلاپ قالغان. نىڭشيا ئولكىسى
يىنچۇەن ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋۇلاۋجۇڭ
شۇ يەردىكى شوبە ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن
قايتىپ كەلمىدى. ھىندىستان ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ باشلى-
قى جۇگوجۇۋ، مەزكۇر شوبە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كې-

يىن قايتىپ كەلمىدى. ئافغانىستان ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى يىۋېنىپ ئىدى. يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر بۇنىڭغا كىر-گۈزۈلمىدى.

## (3) چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەشكىلىي مۇناسىۋىتى

1 - خاراكتېرى: چېگرا ئىشلار باشقارمىسى 3 - ئىن-تېرناتسىونال (ستالىن ۋاقتىدا) ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ شىن-جاڭدا تۇرۇش ئۇچۇن ئەۋەتكەن ھەربى ئاخبارات ئورگىنى بو-لۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئوبېكتى مۇنداق: مەملىكەت ئىچىدە گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلار ئىچىدىكى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا ۋە شىزاڭ قاتارلىق جاي-لاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى ئاخ-باراتلارنى توپلاش، جايلاردىكى فېودال سىنىپلارنىڭ ئەمگەك-چى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش ئەھۋاللىرىنى ھەر-بى، سىياسى، ئىقتىسادى، سانائەت - قاتناش، مەدەنى - ما-ئارىپ قاتارلىقلاردا نىمە بولسا شۇنى، بولۇپمۇ يەرلىك ھەر-بى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئوتمۇشى، خا-راكتېرى، ھەۋىسى ۋە قوشۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى، قوراللىنىش ئەھۋاللىرى قاتارلىق ئاخباراتلىرىنى توپلاش. دولەت سىرتىدا بولسا: ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ھىندىستان (بىزنىڭ ئاخبا-راتچىلىرىمىز يېڭى دېھلى، بومباي، جاكارتا ۋە كەشمىر قا-

تارلىق يەرلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن) ئافغانىستان (كانجۇت،
كابۇلغا كىرگەن)لاردا يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك ھە-
كۇمرانلىقىغا دائىر ئاخباراتلارنى توپلاشتىن ئىبارەت.

2 - خىراجەت: چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خىراجىتى دەس-
لەپتە مالىيە ئىشلىرى بولۇمى يىللىق بيۇدجېت تۈزۈپ، مۇ-
ئاۋىن باشقارما باشلىقى سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ
مالىيە بولۇمىگە ئاجرىتىپ بېرەتتى. كېيىن جۇتىڭجاڭ (ئىنقى-
لاۋىي قۇربان ماۋزېمىن) مالىيە نازىرى بولغان چاغلاردا،
يىللىق مالىيە خىراجەت پىلانىنى جۇتىڭجاڭغا يوللاپ تەستىق-
لىتاتتى. جۇتىڭجاڭ پىلاندىكى سانلارنى خاتىرە دەپتىرىگە يې-
زىۋالاتتى ۋە ھەر ئايدا ئاجرىتىپ بېرەتتى. چېگرا ئىشلار باش-
قارمىسىنىڭ مالىيە پىلانىنى جۇتىڭجاڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

باش رادىيو ئىستانسىسىغا لازىملىق خەۋەرلىشىش ئاپارات
ۋە ئۈسكۈنىلەر پۈتۈنلەي موسكۋادىن بىۋاستە كەلتۈرۈلەت-
تى. باش رادىيو ئىستانسىسى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن يۇقۇرى
ئىقتىدارغا ئىگە ھەم سۆزلىشىش، ھەم تېلېگرام بېرىشتە تەڭ
ئىشلىتىدىغان خەۋەرلىشىش ئاپاراتلىرىدىنى ئىشلىتەتتى. كامان-
دىروپكىغا چىققان ئاخباراتچىلار ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك تىپ-
تىكى ئاپاراتلار كوپىنچە گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەنلىرىمۇ بار ئىدى. بۇزۇلسا ياكى سۇنسا
ئۇنى موسكۋاغا قايتۇرۇۋېتىپ دەرھال يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ
كېلەتتى. دىمەك بىر ھەپتە ئىچىدە يېڭى زاپچاسلار يېتىپ كې-

لەتتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت خادىملىرى كونسۇلخانا ئارقىلىق ئورۇنلايتتى.

3 - تەرتىپ: باشقارما خىزمەتچىلىرىگە ھەربى ئۇنۋان بويىچە تەمىنات بېرەتتى. بولۇم باشلىقى دەرىجىلىك خادىملار خىزمەتكە كىرىشتە، ئالدى بىلەن شاۋجياڭ (گېنېرال مايور) باشجاۋگۇەننىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا قاتتىق رەسمىيەت ئوتەپ جەدۋەل تولدۇرۇپ ئىمزا قوياتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى مۇنداق:

(1) مەن ئىنتېرناتسونال ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتىم، بارلىق تەرتىپ - ئىنتىزاملارغا قاتتىق رىئايە قىلىمەن. ئەگەر خەلقارا كوممۇنىزىم ئاخبارات گورۇپپىسىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلسام، تەكشۈرۈپ ھوكۇم قىلىشقا لايىقمەن؛

(2) مەخپىيەتلىكنى ئاتا - ئانا ۋە خوتۇن - بالىلىرىمغىمۇ ئېيتمايمەن؛

(3) چېگرا ئىشلار باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغانلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك رۇخسەت سورىشىنى تەستىقلىماسلىق، ھەممە ئىش يۇقۇرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش.

سىياسى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىدە سىر ساقلاش خاراكتېرى كۈچلۈك. شۇڭا ئىنتىزام بەك چىڭ ئىدى. خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ ئارىلاپ يۈرۈشىگە يول قويۇلمايتتى. ئۇزئارا خىزمەت مەسىلىلىرىنى سۆزلەشكە رۇخسەت

قىلىنمايتتى. شۇنىڭدەك سىرتتىكى خادىملار بىلەن يالغۇز ئۇچراشماسلىقتا ئوخشاش قائىدىلەر كۆپرەك ئىدى.

## (4) چېگرا ئىشلار خادىملىرىغا بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيە

(1) ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملارنى تەربىيىلەش، ئىش ۋاقتىدا يىغىپ دەرس بېرەتتى. ۋاقتى 3 ھەپتىدىن 5 ھەپتىگىچە. باش رادىيو ئىستانسىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا ھەر كۈنى 2 جاۋگۇەن ئايرىم تېخنىكا دەرسى ئۆتەتتى.

(2) پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئىشى ئالاھىدە تەلىم بېرىش ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئورنى مەخپىي بولاتتى. باش جاۋگۇەن ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى دەرس ئۆتەتتى. تەلىم ئالغۇچىلار ھەر قانداق ئادەم بىلەن (ئاتا - ئانا، خوتۇن-بالىلىرى بىلەن) كورۈشۈشكە يول قويۇلمايتتى. ئۆتۈلىدىغان دەرس ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملارغا ئۆتۈلىدىغان دەرسكە ئوخشاشلىقىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، يەنە جايلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇش قاتارلىقلىرىغا ئاساسەن چىنىقتۇراتتى. مەسىلەن، كوپ ھاراق ئىچسىمۇ مەس بولماسلىق، ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدە ئىقتىدارلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش، رەسىمگە تارتىش، كىچىكلىتىش، ماشىنا ھەيدەش، سۇ ئۈزۈش ۋە باشقىلار.

بۇلاردىن باشقا يەنە بېرىلىدىغان ئاخباراتنى قانداق يېپىق سوزلەر بىلەن يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار ھەمدە

ئاخباراتنى ئاسراش، ساقلاش. كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا كۆيدۈرۈپ ئىز يوقىتىش، خەۋپ - خەتەرگە دۇچكەلگەندە يېزىلغان ئاخباراتنى يەپ يۇتۇۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ۋە يېپىق سوزگە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش، ئەگەر ئېھتىياتسىزلىقتىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە سوراق ئۈستىدە قاتتىق تەن جازاسىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئولۇم ھالىتىگە كەلسىمۇ ئۆز سۈپىتىنى پاش قىلماسلىق، ئىقرار قىلماستىن قارشى تەرەپنى ھوكۇم قىلىشقا ئىلاجسىز قالدۇرۇش توغرىسىدا تەلىم بېرەتتى.

دېيەنتەي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، يۇقۇرىدىكى مەزمۇنلارغا ئوخشاش بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان ئاپاراتلارنى پىششىق بىلىش، چۇۋۇش، قۇرۇش، ياساش ۋە يوشۇرۇش، جىددى ئەھۋال ئاستىدا نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئاپاراتنى يوشۇرۇپ بولۇش، تېلېگىرام ئېلىش، بېرىشنىڭ يۇقۇرى سۈرئەتلىك ئىقتىدارى، دۈشمەننىڭ رازۋېتكا ئىستانسىلىرىنىڭ ئىز قوغلىشىدىن يوشۇرۇش، خەۋەرنىڭ قىسقارتىلغان سوزلىرىنى يادلىۋېلىش، رادىيو سىگنالى دولقۇن ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئوزگىرىشىگە قاراپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە باشقىلار.

## (5) چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خەۋەرلىشىش ئۇسۇلى

مەزكۇر باشقارما ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇكەممەل، سېستىمىلىق ئىدى. ئاخباراتچى

خادىملار يەتكۈزگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى مۇناسىۋەتلىك جايلارغا توپلىنىپ ئاندىن شۇ جايدىكى دىيەنتەي ئارقىلىق ئۈرۈمچى بىلەن مۇناسىۋەت قىلاتتى. شىنجاڭ دائىرىسىدىكى شوبە ئورۇنلار كوپىنچە كۈندۈزلىرى ئالاقىلىشاتتى. دۈشمەن ئىشغال قىلغان رايونلاردا يوشۇرۇنغان دىيەنتەيلەر تۈن كېچىدە ئالاقە باغلايتتى. ھىندىستان، ئافغانىستان ئىككى مەملىكەتنىڭ ماتېرىياللىرى قاتناپ تۇرغۇچىلار ئارقىلىق خوتەن، تاشقورغانغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن تېلېگرام ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى باش رادىيو ئىستانسىسىغا كېلەتتى.

تاپشۇرۇۋېلىنغان ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قارا قەغەز بىلەن 3 نۇسخا يېزىلىپ، بىرسى شىڭشى- سەيگە، بىرسى باش جاۋگۇەن بىلەن ئورۇنباسار باشلىققا، يەنە بىرسى مۇناسىۋەتلىك بولۇمگە ئەۋەتىلەتتى. مەسىلەن، ئاخبارات 2 - بولۇمگە يەتكۈزۈلگەن ھامان، ئۇنى رۇسچىغا تەرجىمە قى- لىپ، ئۈرۈمچى باش كونسۇلخانىدىكى دىيەنتەي ئارقىلىق موس- كۋاغا يوللايتتى.

يەنە بەزى ئاخباراتلار رەسىمگە ئېلىنىپ ياكى يېپىق ئىبارىلەر بىلەن ھەمدە خىمىيىۋى ئۇسۇل بىلەن يېزىلىپ پوچتا ئايروپىلانى ئارقىلىق مەخپى نۇقتىلارغا يەتكۈزۈلەتتى.

## (6) باشقارما خادىملىرىنى ئەۋەتىش ۋە ئۇلارنى قوغداش

چېگرا ئىشلار باشقارمىسى ئوز خادىملىرىنى ئاساسەن سودىگەر شەكلى ياكى قانۇنلاشقان باشقا شەكىللەر ئارقىلىق

ئەۋەتەتتى. مەسىلەن، ھوكۇمەت تەرەپ ۋەكىلى، سودا ئورگىنى قاتارلىقلاردىن پايدىلىناتتى.

1 - ئاشكارا قانۇنىي ئورگانلاردىن پايدىلىنىش. چېگرا ئىشلار باشقارمىسى لەنجۇدا قۇرغان "تۇسەنگۇڭسى"نىڭ يەرلىك مال تىجارىتىدىن ئىبارەت قانۇنىي تەشكىلىي ئورگاندىن پايدىلىنىپ پۈتۈن خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن دىيەن-تەيلەرنى قوغدايتتى. شۇنىڭدەك چەت بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك ئاخباراتلىرىنى توپلايتتى.

2 - مەخپىي سودا فىرمىلىرىدىن پايدىلىنىش. "لەنجۇدىكى گاۋجى شاڭخاڭ"نىڭ مۇدىرى يۈي مىڭجۇ – چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات خادىمى (ئاڭلىشىمىزچە ئۇ 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق يەر ئاستى تەشكىلىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن) بولۇپ ئاخبارات خىزمىتىنى ئالاھىدە كوزگە كورۈنەرلىك ئىشلىگەن. ئاخبارات تورىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورچاق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭ جاڭگۇەنى جۇشياۋلياڭنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە كېڭەيتكەن. ئۇنىڭ كوپلىگەن ئاخباراتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى ئارقىلىق شەھرىمىزگە يەتكۈزۈلەتتى.

3 - سۈيىيۈەن - شىنجاڭ ئاپتو - ترانسپورت شىركىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىچىسى قىلىۋالغان. بۇ شىركەت شەخسلەرنىڭ پاي قوشۇشى بىلەن قۇرۇلغان بولسىمۇ، شۇ چاغدا قۇمۇلدىكى سۈيىيۈەن - شىنجاڭ

شىركىتىنىڭ مۇدىرى جى تۇگدىيەننى چېگرا ئىشلار باش قارمىسى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئېرلىزىنىڭ مەسىلىلەتچىلىرىنىڭ ئالاقە باغلاش ئورنى بىلەن گۇگېۋچۇەن دىگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى بار ئىدى. شۇڭا چېگرا ئىشلار باشقارمىسى ئەۋەتكەن خادىملار نىڭشيانىڭ يىڭچۇەن، دۇگيۈەن قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ - كېلىشتە بۇ قاتناش يولىغا تايىنىپ قىيىنچىلىق كورمەيتتى.

4 - ئوز يېرىدە تەسىرگە ئىگە سودا فىرمىلىرىدىن پايدىلىنىش. مەسىلەن: چېگرا ئىشلار باشقارمىسى جيۇچۇەن، شىنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى سودا فىرمىلىرىدىن پايدىلىناتتى. شۇنىڭدەك جيۇچۇەن خۇاخەيزىدىكى بىر باينىڭ ئورۇمچىدە ئاچقان "شىگلۇڭخاۋ" ناملىق مەخپى دۇكىنى ئاخباراتلارنى تاپشۇرۇۋېلىش، يوللاش خىزمىتىنى بېجىرەتتى.

5 - يەرلىك ھوكۇمەت تەرەپنىڭ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە خادىملىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى تارتىش. مەسىلەن: "جۇشياۋلياڭنىڭ كۇيوغلى" جيۇچۇەندىكى چاڭ شياڭتىڭ قاتارلىقلار ئاخبارات توپلاش ۋە قوغداش خىزمەتلىرىنى قىلاتتى.

## (7) چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا ئەستە قالغان چوڭ ئىشلار

چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ئىچكى تەرتىپ، ئىنتىزامى بەك چىڭ، سىر ساقلاش خاراكتىرى بەك كۇچلۇك بولغاچقا،

ئىشلىگەن خىزمەت، ئۇزۇنلانغان ۋەزىپىلەرنى بىلىش تەس. شۇڭا ئىلگىرى ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىن ئانچە خەۋىرىم يوق. مەن مۇۋەققەت ئورۇنباسار باشلىق بولۇپ تۇرغان ۋە بۇ باشقارما ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەزگىلدە مېنىڭ ئاڭلىغان ۋە كورگەنلىرىم يۇقۇرىدىكىلەردىن ئىبارەت. بىراق ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنىڭدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ تۇزىتىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

چېگرا ئىشلار باشقارمىسى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا پايدىلىق بىر قانچە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئىدى.

1 - غەرپكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئېلىش: چېگرا ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلۇپ 2 - يىلى 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا لى شيەننيەن قۇزۇقلى ئۇزۇن سەپەرگە چىققان قىزىل ئارمىيىنى باشلاپ خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىش ۋاقتىدا مابۇفاڭ باسمىچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. ئەھۋال بەكمۇ ئېغىر ئىدى. چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ئۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن، يۈيمىن بولۇپمۇ ئەنشىدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان جايلارغا ئەۋەتكەن ئاخبارات خادىملىرى (بۇ يولدىكى پوشتىكەشلەرنىڭ كوپ قىسمى باشقارمىغا تەۋە ئىدى) شۇ چاغدا قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئەھۋالى بىلەن مابۇفاڭ باندىتلىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى توغرا ۋە تېز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. يۇقۇرى بۇ ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن،

شىڭشىڭشيادىكى شوبە ئورۇنغا مابۇفاڭ باندىتلىرىنىڭ ئات-
لىق ئەسكەرلىرىگە زەربە بېرىش، قىزىل ئارمىيەنى
قارشى ئېلىش ئۈچۈن باشقارما خادىملىرى بىلەن چېگرىدىكى
قوراللىق خادىملار دەرھال ماشىنا بىلەن مافىڭجىڭزىدىگە ئەۋە-
تىلسۇن دەپ يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا
بىزنىڭ خادىملىرىمىز ئەنشى ئەتراپلىرىغا ئايروپىلان ئەۋەتىپ قىزىل
ئارمىيەنىڭ غەرپكە كېلىۋاتقان ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە قىزىل
ئارمىيەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باندىت مابۇفاڭ-
نىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئايروپىلان بىلەن ئوققا تۇتۇپ قى-
زىل ئارمىيەنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قوغداپ ياخشى ئۈنۈم ھا-
سىل قىلدى. شىڭشىڭشيا شوبىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋدىيەن
چېگرىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ لىشيەنىيەن فۇزۇڭ-
لىنى قارشى ئېلىپ شىڭشىڭشياغىچە باشلاپ كەلدى.

2 - قىزىل ئارمىيەگە ماددى مەبلەغ ۋە قىشلىق كىيىم
ياردەم بېرىش. 1937 - يىلى چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خا-
دىملىرى قىزىل ئارمىيەگە ياردەم قىلىنغان بىرتۈركۈم ماددى
ئەشيالاردىن سېرىق تاشلىق چوڭ جۇۋا ۋە باشقا نەرسە - كې-
رەكلەرنى جەمى 80 نەچچە ماشىنىغا بېسىپ (ئۇچاغدا شىنجاڭ-
دا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىئانە توپلاش ۋە يۈزمىڭ
كىشىلىك قىشلىق كىيىم توپلاش چاقىرىق قىلىنغان، ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمىيىتىنىڭ
باشلىغى ۋاڭ باۋچەن ئىدى) قوغداپ توپ - توغرا ماۋ-
جۇشىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ تاپشۇرغان ئىدى. قايتىپ كەلگەن

خادىملار بەكمۇ ھاياجانلىنىپ: بىز ھېچقانداق رەسمىيەت ئۇنۇتمەيلا ماۋجۇشىنى كۆردۇق دېيىشكەن. بۇ نىمە دېگەن يېقىملىق سۆزلەر ـ ھە! ئۇلار قايتقان ۋاقىتتا ماۋجۇشى خاتىرە ئۈچۈن قەلەم ۋە قول سائىتى تەقدىم قىلغان.

3 ـ ھەربى قاتناش يولىنى تەكشۈرۈش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان ماددى مەبلەغلىرىنى توشۇش ئۈچۈن 1937 ـ يىلى قىشتا چېگرا ئىشلار باشقارمىسى ئىشچى ـ ئەسكەرلەرگە ئادەم قوشۇپ ئۆلكىمىزدىن لەنجۇغا بارىدىغان تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

## (8) چېگرا ئىشلار باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن خادىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

باندىت شىڭ شىسەي ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق خائىنلىق قىلىپ يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن 1943 ـ يىلى يازدا ئالدى بىلەن سوۋېت جاۋگۇەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز مەملىكىتىگە قايتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، گومىنداڭ بىلىپ قالسا، ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ باشقارمىنى تېزدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاخبارات تورلىرىنى تېز ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆلكىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خادىملارنىڭ بارلىغىنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا

بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خادىملىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كېلىشتىن بالدۇرلا چېگرا ئىشلار باشقارمىسى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

باشقارما ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا خادىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1 - جىڭۋۇچۇ (ساقچىلىق ئىشلىرى باشقارمىسى)غا تەقسىم قىلىنغانلار: جاۋفېڭتەي، ئۈنەنشەن، ۋەنيولىن، لى باۋخۇا، ليۇشۇمىڭ، جاۋيۇي، شاۋچىڭ، جاسېڭ قاتارلىق 8 كىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو گوڭچەنداڭ ئەزاسى. جياۋۋېنرۇ، جاڭ چېگرۇ، لى ۋېنجې، كاڭ شىڭ، زېڭ شياۋلۇلار (بارمىغان) يۇقۇرىدىكى 4 كىشى ھەربىي مەكتەپنى تۈگەتكەنلەر ئىدى. ليۇ شۇمىڭمۇ بارمىغان.

2 - سەنمۇچۇ (مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى)غا تەقسىم قىلىنغانلار: ليۇيۈڭ، جۇشىڭيۈەن، شى يەنچىڭ، جاۋسۇكشەن، جۇي فاچۈەن، لى گوچىڭ قاتارلىق 6 كىشى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي مەكتەپنى تۈگەتكەنلەر ئىدى.

3 - لى خۇڭلەننى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىغا يۆتكىگەن.

4 - چەت جايلاردىن قايتىپ كەلمىگەن خادىملار:

يۇي مىڭجۇ، لىن دې ھەر ئىككىسى جۇڭگو گوڭچەنداڭ ئەزاسى. ماجاڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن، ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن: جاڭ ياۋيەن، ۋاڭ يۈەنچىڭ، ۋۇ-

جۇجۇڭ، لى ردنجې، مى گوجۇ 5 كىشى. رۇفىڭلۇ ئەسلىدە ھەربى مەكتەپنىڭ دولەت تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

5 - باش رادىيو ئىستانسىسى بىلەن جايلاردىكى رادىيو ئىستانسىسى خادىملىرى ۋە ئاخبارات ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناش باشقارمىسىنىڭ خەۋەرلىشىش دادۇيىگە ئۇتكۇزۇلگەن.

6 - چېگرا ئىشلار باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن باندىت شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلار: جۇڭگو گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىدىن جۇفىڭتەي، ئونەنشەن، ۋەن يۇلىن، لى باۋخۇا، (بۇ كىشى كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ شىمالىي شەنشىگە قايتىپ كەتكەن) جاۋيۇي، شاۋچىڭ، جاسىپىڭ، لىگوچىڭ (پارتىيە ئەزاسى ئەمەس).

ئەسكەرتىش: كوپ ۋاقىت ئوتتۇپ كەتتى. ئىنىم ئاجىز ۋە كېسەلچان بولۇپ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم ئاجىزلاپ كەتتى. شۇنىڭدەك مېنىڭ مەزكۇر باشقارمىدا ئىشلىگەن ۋاقتىم قىسقا، كورگەن - ئاڭلىغانلىرىم ئاز بولغاچقا، بۇ ماقالىنى چالا - بۇلا يېزىپ تۈگەتتىم، بۇندىن كېيىن ئېسىمگە چۈشكەن يەرلىرىنى يەنە تولۇقلايمەن.

چېگرا ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 7 يىل ئىچىدە كوپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جاھانگىرلارغا ئائىت كوپلىگەن ھەر خىل ئاخباراتلارنى توپلاپ جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋى ئۈچۈن مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشتى.

كادىرلارنىڭ ئالمىشىشى بولۇپمۇ 1941 - يىلى باندىت

شىڭ شىسەي چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ كوپلىگەن زىيالىي ياش خادىملىرىنى پۈتۈنلەي دىگۈدەك قولغا ئېلىپ تۈگەتتى. باشقارمىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ۋە 4 ـ بولۇملىرىدە پەقەت ئۈچلا كىشى قالدى. كوپلىگەن پايدىلىق ئىش ئىزلىرى يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلەپ بايان قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق. يېتەرسىز جايلىرىنى كورسىتىپ تۈزىتىشىڭىزلەرنى ئۈمىت قىلىمەن.

1979 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# يولداش دۇچۇڭيۇەننى ئەسلەيمىز

## (گاۋچۇڭمىن يېزىپ قالدۇرغان ماقالا)

## كىرىش سۆز

## (1)

يولداش گاۋچۇڭمىن (1891 — 1971) لىن بياۋ، ك-اڭ شېڭ "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن ۋەھشىيانە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، دەرت - ئەلەم ئىچىدە دۇنيادىن ئۆتكىنىگە 8 يىل-دىن ئاشتى. بىز ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىنى رەتلەش جەر-يانىدا يولداش چۇڭمىن يازغان «دۇچۇڭيۇەن ئەپەندىنىڭ قىس-قىچە تەرجىمھالى»، تەزىيەشېئىرلىرى، ماتەم رۇبائىيلىرى ۋە ئۇ-نىڭ ئىنقىلاۋىي قۇربان دۇچۇڭيۇەننىڭ قېپقالغان خىزمەت مەسىلىلىرى ۋە مەرھۇمنىڭ بالىلىرىغا غەمخورلۇق قىلىپ يازغان باردى-كەلدى خەت - چەكلىرىنى ئايرىپ چىقتۇق. بۇ قول يازمىلار كۆرس-تىلگەن تارىخىي پاكىتلار، يولداش چۇڭمىننىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئۆز مەيدانىدا باش-تىن - ئاخىر مۇستەھكەم تۇرۇپ، مۇھەببەت - نەپرەتنى ئېنىق ئايرىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. يولداش چۇڭمىننىڭ ساۋاقدىشى، يېقىن دوستى دۇچۇڭيۇەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە سىياسى پائا-

لىيەتچى ئىدى، ياش چېغىدىلا ھەر قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەركە-
تى، ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى
ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ھەممە يەردە
نۇتۇق سوزلەپ، ماقالا يېزىپ، «يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژورنى-
لى»نى نەشر قىلىشقا باشچىلىق قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ
جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىنى رەھىمسىز پاش
قىلغان ئىدى.

1935 - يىلى 5 - ئايدا دۇچۇڭيۈەن «يېڭى ھايات ھەپتى-
لىك ژورنىلى»دا، ياپون ساموۇرايلىرىغا ”قۇرۇق گەپچى پا-
دىشا“ دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدۇ. جياڭ جيې-شى ياپون جا-
ھانگىرلىگىگە خوشامەت قىلىش ئۈچۈن ياپونلارنىڭ يولسىز تەلىۋى
بويىچە چۇڭيۈەننى قولغا ئېلىپ كېسىم قىلىپ تۈرمىگە ئالدى.
بىر قاتار كۆرەشلەر ئارقىلىق يولداش چۇڭيۈەن ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا جياڭ جيېشىنىڭ ”ئالدى بىلەن ئىچكى
قىسمىنى تىنجىتىپ ئاندىن سىرتقا نەيزە ئۇرۇش“ تەك ئەكسىيەتچىل
سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك
پارتىيە بىلەن بىرلىشىش كېرەكلىگىنى تونۇپ يېتىدۇ.

چۇڭيۈەن، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدە يۇقۇرى دەرىجى-
لىكلەرگە بولغان خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەپ ئىچكى ئۇرۇشنى
توختىتىپ، بىر نىيەتتە چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش-
نى تەشۋىق قىلدۇ. ”شىئەن ۋەقەسى“دە يولداش جۇئېنلەي ۋە
گېنېرال جاڭ شۆيلياڭ، ياڭ خۇچېڭلار، جياڭ جيېشىنىڭ ۋەكىلى
سۇڭ زىۋېن بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھوكۇمەت

تەشكىللەش توغرىسىدا كېلىشىم ئېلىپ بارغاندا، جۇئېنلەي، جاڭ شۆېلىياڭ، ياڭ خۇچېڭلار دۇچۇڭگيۈەننى مەمۇرى ئىشلار پالاتاسى-نىڭ مۇئاۋىن ۋەزىر نامزاتلىرىنىڭ بىرسىگە كورسىتىدۇ. بۇ ۋا-قىتتا دۇچۇڭگيۈەن جېڭ دېدە گومىن-داڭ تەرەپ-تىن نەزەربەنت قىلى-نغان ئىدى. بۇنىڭدىن چۇڭگيۈەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنى ۋە رولىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ جياڭ جيېشى مەنسەپ، مەرتىۋىلەر بىلەن ئۇنى سېتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، گومىنداڭنىڭ خىلمۇ - خىل ئۇسۇللىرىنى رەت قىلىپ، چوڭ شەھەردىكى ئازادە تۇرمۇشنى تاشلاپ، يولداش جۇئېنلەي-نىڭ قوشۇلۇشى ۋە يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا 1939 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ بازى-سى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىراق سىياسى ئال-دامچى، جاللات شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

دۇچۇڭگيۈەن 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىڭشىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغاندا، يولداش چۇگمىن ئ-ۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كوڭۇل بولۇپ، كوپ قېتىم تېلېگرام ئ-ارقىلىق شىڭشىسەي بى-لەن مۇنازىرىلەشتى. لېكىن شىڭشىسەي جياڭجيېشىگە تەسلىم بو-لۇشقا بەل باغلىغاچقا، بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. 1941 - يىلى ئەتىيازدا ب-ولداش چ-ۇگمىن ئوزى بى-ۋاستە شىنجاڭغا كېلىپ شىڭشىسەينى گومىنداڭغا تەسلىم بولماس-لىققا كوندۇرۇپ، دۇچۇڭگيۈەن ق-اتارلىقلارنى قۇتقۇزماقچى بول-دى. جياڭجيېشى ئۇنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ شىڭشىسەينىڭ تەسلىم بولۇش نىشانىسىنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقىدىن ئولگىدەك ق-ورق-ۇپ،

ئۇنى ئالداپ چوڭچىڭغا كېلىدىغان قىلدى. يولداش چۇگمەن كونا دوستىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت، خېيىم-خەتەرلەردىن قورقماي شىنجاڭغا كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن چوڭچىڭغا بارغاندا، جياڭ جيېشى ئۇنى 5 يىللىق نەزەر-بەنتكە ئالدى. جاللات جياڭ جيېشى بىلەن شىڭ شىسەي ئوزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، دۇچۇكيۈەننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە يولداش چۇگمەن گۆر - گۆر يىغلاپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ تۆۋەندىكى دەرتلىك ماتەم مىسرالىرىنى يازغان ئىدى:

تىرىك قالغان ئىدىڭ ياۋۇز ياۋ قولىدا،
ئۆلدۈڭغۇ ئاخىر ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ چاڭگىلىدا.
ئوكۇنىمەن يۈيفىنىڭ ۋۇدىغا سادىق بولغىنىڭغا،
ئەسلىدە بولغىچە دوست، نىمە دەپ بولمىغانتىڭ
قاپلان ۋە ھوقۇش.
مۇشۇ كۈنلەردىكى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ ھالىغا
ۋاي!

بۇ قانلىق ياش بىلەن يۇغۇرۇلغان ماتەم سۆزلىرىدە بىر تەرەپتىن ئىنقىلاۋدى قۇربان دۇچۇكيۈەن چوڭقۇر قايغۇ-ھەسرەت بىلەن ئەسلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۇچۇكيۈەننى ئۆلتۈرگەن "مۇناپىق" جياڭ جيېشى، شىڭ شىسەي، ۋاڭ دېفۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق نەپرەت ئىپادىلەنگەن ئىدى.

شىڭ شىسەي يولداش چۇگمەننىڭ بىر يۇرتلۇغى، شۇڭلا-دەك كېيىنكى ئەۋلات تۇققىنى ھەم ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇلار بىرى-لىكتە ياپونىيىدە ئوقۇغان مەزگىلدە، يولداش چۇگمەن دولەت

راسخودىغا قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن ئۆزىگە بېرىلگەن خىراجەت
پۇلىنىڭ يېرىمىنى شىڭشىسەيگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئوقۇش خىراجى-
تىگە ياردەم قىلىپ مۇناسىۋەتتە ناھايىتى قويۇق بولغان ئىدى.
لېكىن شىڭشىسەي گاۋچۇڭمىننىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي جياڭ
جېيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، دۇ
چۇڭيۈەن قاتارلىق يولداشلارنى ئۆلتۈرگەندىن تاشقىرى، بىر
قوساق ئىنىسى شىڭشىچى (سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل
ئارمىيە ئونۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، شىنجاڭدىكى
ئارمىيىنىڭ لۇيجاڭى بولغان) ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا
قوشۇلمىغاچقا، ئۇنىمۇ مەخپى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇ يەنە ئىنىسىنىڭ
خوتۇنىنى ۋە جيەنىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇ-
تىۋەتتى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شىڭشىسەي كىچىك ئاپىسى-
نىمۇ كىرىسىن يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىككى قولى ئىنقىلاۋيخە-
لقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللات شىڭشىسەي ئىلگىرى - كې-
يىن بولۇپ كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلاردىن نەچچە ئونمىڭ ئا-
دەمنى پاجىئەلىك ھالدا قىرىپ تاشلىدى. شۇڭلاشقا يولداش
چۇڭمىن شىڭشىسەينى غەزەپ بىلەن "ھوقۇش قاپلان" دەپ سۈ-
كۈپ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۆز ئانىسىنى يەيدىغان ۋەھشى ھايۋان-
غا ئوخشاتتى. شىڭشىسەي باشتا دۇچۇڭيۈەننى ۋەتەن ساتقۇچ
دەپ قارىلىغان بولسا، كېيىن يەنە ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ مەخپى ئەزاسى ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى ئېلىپ بې-
رىشقا قەست قىلدى دېگەن جىنايەتلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى
پىلانلىدى.

شىڭشىسەي جياڭجيېشىگە تەسلىم بولۇش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جياڭجيېشىگە ئالاھىدە تېلېگىرامما يوللاپ ئادەم ئەۋەتىپ قايتا تەكشۈرۈشنى تەكلىپ قىلغاندا جياڭجيېشى ئۆزىنىڭ قول چومىقى ۋاڭ دېفۇنى شىڭشىسەينىڭ تەسلىم بولۇش سەممىيىتىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ۋاڭ دېفۇ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ چۇڭيۇەننى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ دېفۇ جياڭجيېشىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىكىگە ئېرىشتى. يولداش چۇڭمىن، دۇچۇڭيۇەننى خاتىرىلەيدىغان بىر شېئىرىدا ۋاڭ دېفۇنى "بەزىلەر ئەمەلگە ئېرىشىپ قايتىپ كەلدى" دەپ ئۇنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇمۇ يولداش چۇڭمىننىڭ مۇھەببەت- نەپرىتىنىڭ ئېنىق، مەيدانىنىڭ مۇستەھكەملىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

(2)

شىڭشىسەي دۇچۇڭيۇەننى زەھەرلەپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن جىنايى پاكىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جەسەتنى يوق قىلىپ، ئىزىنى قالدۇرمىغان. ئازاتلىقتىن كېيىن يولداش چۇڭمىن شىنجاڭغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۇچۇڭيۇەننىڭ قەۋرىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزلەندى. ئۇ تەزىيە شېئىرىدا: "يوقلاي دېسەم بىگۇنانىڭ روھىنى، بىلەلمىدىم ئىزسىز قالغان قەۋرىنى" دەپ يازىدۇ. كىشىلەر دۇچۇڭيۇەننىڭ ھاياتىنى ئانچە چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىدا يولداش چۇڭيۇەنگە قەۋرە تۇرغۇزۇلماي قالغانىدى. يولداش چۇڭمىن دۇچۇڭيۇەنگە ئىنقىلاۋىي قۇربان تاختى-

سى تىكلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىدىغان يولداشلارنى ئەسلىمە يېزىشقا ھەركەتلەندۈرۈپ، چۇڭيۈەنىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ئىش ئىزلىرىنى كەڭ كولەمدە توپلاپ، ئۇلارغا ئاساسلىنىپ، ئۆزى بىۋاستە «دۇچۇڭيۈەن ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى» نى يېزىپ چىقىپ، يىغىنچاقلاپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگىياڭغا شىنجاڭدا چۇڭيۈەن ئۈچۈن بىر ئىنقىلاۋىي قۇربان تاختىسى تىكلەشكە تەكلىپ بەرمەكچى بولدى. بىراق بۇ خىزمەت تېخى ئورۇنلانماي تۇرۇپ، يولداش چۇڭمىن، لىن بياۋ، كاڭشېڭ "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ دەرت - ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. يولداش دۇچۇڭيۈەنىنىڭ قېپقالغان ئىشلىرى ئۇنىڭ ئورۇنلىيالماي قالغانغا ئەپسۇسلانغان ئىشلىرىدۇر. بۇ ھەم بىز كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پىشقەدەمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئالدى بىلەن پىشقەدەم يازغان ئىنقىلاۋىي قۇربان دۇچۇڭيۈەن ھەققىدىكى بارلىق ماتىرىياللارنى رەتلەپ، توپلام قىلىپ تۈزۈپ چىقىشتىكى دەسلەپكى ئارزۇيىمىزدۇر.

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جاللات شىڭشىسەي دۇچۇڭيۈەننى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئائىلى ۋە پەرزەنتلىرىگىمۇ قولىدىن كېلىشىچە زۇلۇم قىلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن يولداش چۇڭمىن بارلىق چارە - تەدبىرلەر بىلەن چۇڭيۈەننىڭ يېتىملىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارغا ئىقتىسات تەرەپتىن ياردەم بەرگەندىن باشقا، سىياسى - ئىدى-

يېڭى تەرەپتىنمۇ ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم قىلدى. يولداش چۇگمىننىڭ تۇپلانغان باردى - كەلدى خەت - چەكلىرىدىنمۇ يولداش چۇگمىننىڭ ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش ھېسسىياتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1930 - يىللارنىڭ بېشىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە مۇئاۋىن رەئىس جۇئېنلەيلەر يولداش دۇچۇگېيۇەننىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە كۆپلىگەن ئىلھام ۋە ياردەملەرنى بەرگەن ئىدى. 1935 - يىلى دۇچۇگېيۇەن تۈرمىگە سولانغاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سۈك جېنۇك (ھازىرقى ئىسمى سۇن داشىك) ئارقىلىق ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ماركسىزم - لېنىنىزم كىتاپلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىپ يولداش چۇگېيۇەننىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىلىرى ۋە شۇۋاقىتتىكى مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە بولغان كۆز قاراشلىرىدا بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئىدى. يولداش چۇگېيۇەن يولداش سۈك جېنۇكنى گاۋچۇگمىنغا تونۇشتۇرۇپ يولداش چۇگمىننىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

دۇچۇگېيۇەن شىڭشىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندا ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مۇئاۋىن رەئىس جۇئېنلەي، دۇڭبىۋۇ، سۈك چىڭلىڭلار بىرلىكتە شىڭشىسەيگە تېلېگراممىلار يوللىغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن جۇئېنلەي زۇڭلى دېڭيىڭچاۋ قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلار دۇچۇگېيۇەننىڭ يېتىم پەرزەنتلىرىگە ئىنتايىن

كۆڭۈل بولۇپ، ئائىلە تەۋەلىرىدىكى بالا - چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئوقۇش ۋە داۋالىنىش جەھەتلىرىدىكى غەمخورلۇق قىلدى. لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەريانىدا "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ شاڭخەيدىكى گوماشتىلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ 1930 - يىللاردا مەدەنىيەت ئىشپىيونى بولغان ئىپلاس تارىخىنى يوشۇرۇش ۋە ئۇ-لارنىڭ «تۇرمۇش ھەپتىلىك ژورنىلى»، «يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژورنىلى»غا زىيانكەشلىك قىلغان ئېغىر جىنايەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن ئاتالمىش "مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى" قۇرۇپ دۇ-چۇگيۇەنگە "بۇرژۇئا سىياسەتۋازى"، "خائىن" دىگەندەك تۆھ-مەتلەرنى چاپلىدى. يولداش چۇگيۇەننىڭ ئىنقىلاۋىي ھاياتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىنى خەلقى - ئالەمگە ئېلان قىلىپ ئۇۋال قىلىنغان چۇگيۇەننى ئاق-لاش زورۇردۇر.

## (3)

بىز ھازىر تۇپلىغانلىرىمىز يولداش چۇگىمىن يېزىپ قال-دۇرغان ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بولۇپمۇ «دۇچۇگيۇەن ئەپەن-دىنىڭ تەرجىمىھالى» ئەسلىدە دەسلەپكى قول يازما بولۇپ ئەھۋال بىلەن تونۇشلۇغى بار بىر قانچە يولداشلارنى يىغىپ مۇ-زاكىرە قىلىپ ئاندىن ماقالىنى بېكىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. بىز يىغىنچاقلاش ۋاقتىدا، بىرقانچە ئەھۋال بىلىدىغان يولداشلارنى تېپىپ يولداش چۇگىمىننىڭ بۇ ئەسىرىگە ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈز-گەن بولساقمۇ، يەنىلا ئەتراپلىق بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

دۇچۇگىيۇەن شىنجاڭدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ھەبسكە ئېلىنغاندا، يەنى ئۇنىڭ ئايرىم ئىشلارنىڭ كونكرېت ۋاقتى، ئورۇنلىرى ئانچە توغرا بولماسلىقى ۋە يېزىلغان «تەرجىمھال»نىڭ ئەينى ئەھۋال بىلەن قىسمەن پەرقلىنىشى مۇمكىن. بولارنى تارىخنى تەتقىق قىلىدىغان يولداشلارنىڭ ئېنىقلىشىنى كۈتىمىز، خالاس.

تۈپلىگۈچىلار:

گاۋسۇنشىن

بەيجىڭفەن

1979 - يىل 12 - ئاي

## 2 - دۇچۇگىيۇەن ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى

چۇگىيۇەن ئەپەندى جىلىن ئۆلكىسى خۇەيدې ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1897 - يىلى 9 - ئايدا دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەل ياپون - رۇسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن دولەت ۋەزىيىتى چۇشكۇنلىشىپ، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس بولۇپ قالغان چاغلار ئىدى. چۇگىيۇەن ئەپەندى دەل مۇشۇنداق بىر دەۋردە، بىر يېزىدىكى نامرات دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. بالىلىق ۋاقتىدىلا ئۇ زېرەك بولسىمۇ، لېكىن كىتاب ئوقۇشقا كۈچى يەتمەي ئۇرۇق - تۇققان، يار - بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 13 يېشىدا ئاران دىگەندە خۇسۇسى مەكتەپنى ئوقۇپ

تۈگەتتى. بالىلىق دەۋرىدىكى چۇڭيۇەننىڭ ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، تەبىي تالانتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى بولۇپ، دائىم بىلىمىنى ئاشۇرۇشنى ئويلايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ 1911 - يىلى ئائىلىسىنى ئېلىپ شېنياڭغا بېرىپ، پېڭتيەن ئۆلكىلىك ئىككى دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىۋىنىڭ شۇبە ئوتتۇرا مەكتىۋىگە ئىمتىھان بېرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە دۆلەت تەمىناتىغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلايدۇ. بۇ چاغدا ياپون جاھانگىرلىكى يۈەنشىكەيگە جۇڭگونى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرىدىغان 21 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ۋەقە، شەرقىي شىمال رايونلىرىدىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ. چۇڭيۇەن پېڭتيەن مىلىتارىستلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە قارشىلىقىغا قارىماي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەكتەپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تام گېزىت چىقىرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بىر قېتىملىق قىسقا ۋاقىتلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق، چۇڭيۇەن مەلۇم دەرىجىدە چېنىقىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى تىكلەيدۇ.

ياۋروپا ئۇرۇشىدىن كېيىن، چۇڭيۇەن بۇرژۇئازىيەنىڭ بەزى بىر دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ جۇڭگونىڭ ئاجىزلىقىنى ئاساسەن سودا - سانائەتنىڭ راۋاجلانمىغانلىقىدىن

كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ، دۆلەتنى بېيىتىپ قوشۇننى كۈچەيتىش، مىللىي كاپىتالىزىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدىيىسى بىلەن 1918 - يىلى تاۋچاك داۋئېي مەھكىمىسىنىڭ تەمىناتىدىكى ياپوندا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ياپونىيىنىڭ شەنتەي ئالىي مەكتىۋىگە كىرىپ، مەخسۇس خۇمدانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ياپونىيىدە ئوقۇغان مەزگىل، دەل ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قەدەممۇ - قەدەم تاجاۋۇز قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. بولۇپمۇ شەرقىي شىمال رايونلىرى ئاللىقاچان ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا، تالان- تاراج قىلىدىغان يېرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. دۆلەت قىسمىتى، ئائىلە ئۈچىيى ئۇنى خاتىرجەم ئوقۇشقا يول قويمىدى. شۇڭا جۇڭيۈەن دائىم ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شەرقىي شىماللىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ، كۆپچىلىككە "ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋەتەننى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى" مۇراجەت قىلدى. 1923 - يىلى دەل لۈيشۇن، (پورتئارتۇر) داليەن (دايرەن) لەرنىڭ رۇسىيە جاھانگىرلىكى ياپونىيىگە ئىجارىگە بەرگەن 25 يىلنىڭ توشقان بىر يىلى بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى لۈيشۇن، داليەنلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلانماستىن ئەكسىچە ياپونىيىگە بېرىلگەن ئىجارە ۋاقتىنى 99 يىلغا ئۇزارتىش تەلىۋىگە سۈكۈت قىلىپ يول قويىدۇ.

«لۈيشۇن، داليەننى قايتۇرۇۋالايلى» — جۇڭيۈەن دەرھال بۇ شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ توكيودا، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شەرقىي شىماللىق ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ لۈيشۇن، داليەن-

نى قايتۇرۇۋېلىش نامايىشى ئۆتكۈزدى. ياپونىيەنىڭ ژاندارما ساقچىلىرى كالتەكلەر بىلەن نامايىش قىلغانلارغا زىيانكەشلىك قىلسىمۇ، لېكىن چۇڭيۈەن باشتىن - ئاخىر قوشۇننىڭ ئالدىدا كۆپچىلىككە رەھبەرلىك قىلىپ «لۈيدانى قايتۇرۇپ بەر» دەپ شوئار توۋلىدى. بۇ قېتىمقى نامايىش ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى.

شۇ يىلى ئەتىيازلىق تەتىلدە، ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار چۇڭيۈەن باشچىلىقىدىكى 29 ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، "لۈيشۈن، دالىيەننى قايتۇرۇۋېلىش تەشۋىقات ئەترىتى" قۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ تەشۋىق قىلىپ، جامائەت پىكرى قوزغاپ، ھۆكۈمەتنى لۈيدانى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولدى.

ئۇلار تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياپونىيەدىن شېنياڭغا قايتىپ كەلدى، بىراق ئۇلار تېخى شەھەرگە كىرمەي تۇرۇپلا كونا ياپونپەرەست پېڭتيەن ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۇڭجياڭ شەھەرنىڭ سىرتىدا توساپ، ئۇلارنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەنۇپقا كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ بىۋاستە بېيجىڭغا بېرىپ، لى يۈەنخۇڭ پرېزىدېنتلىقىدىكى شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىماقچى بولدى. بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چۇڭيۈەن، لى يۈەنخۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەردانە سۆزلەر بىلەن، ئۇنى تېزرەك لۈيدانى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، لېكىن لى يۈەنخۇڭ قىلچە-

لىكمۇ تەسىرلەنمەي، بەلكى ئۇزىگە ئوت تۇتىشىپ قىپلىشىدىن ئۇلگىدەك قورقۇپ، چۇگيۇەن قاتارلىقلارنى ئويىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ئەترىتىدىكى ساۋاقداشلار جۇڭشەن باغچىسىدا مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنى ئوتكۇزىدۇ ۋە ئۇلاپلا بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوزغاپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىدۇ. كېيىن يەنە تيەنجىنگە بېرىپ، ھەرساھەدىكى يۇز مىڭدەك ئادەم بىلەن ئالاقە باغلاپ بىر قېتىملىق دائىرىسى ناھايىتى زور نامايىش ئوتكۇزىدۇ. چۇگيۇەن نامايىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بېيجىڭ ۋە تيەنجىن كوچىلىرىداكوپ قېتىم كىشىنى تەسىرلەندۇرىدىغان نۇتۇق سوزلەيدۇ.

1923 - يىلى قىشتا چۇگيۇەن ياپونىيىدىن ئوقۇشىنى تۇگىتىپ ۋەتەنگە قايتىدۇ. ئۇ ”سودا-سانائەت ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش“ تەك دەسلەپكى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ھوكۇمەتتە ئەمەلدار بولۇشنىڭ بارلىق پۇرسەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئوزىنى سودا - سانائەتكە بېغىشلاشقا بەل باغلاپ زامانىۋى پار - پۇر زاۋۇدى قۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ شېنياڭغا قايتىپ كېلىپلا، سودا- سانائەت مەبلىغى توپلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا جاڭ زولىڭنىڭ شەرقىي شىمالنى بېسىپ ياتقاندىن تاشقىرى پۇتۇن مەملىكەتنى كونتۇرۇل قىلىش غەرىزى بولغاچقا، شەرقىي شىمالنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئارقا سەپنى تولۇقلاپ، ئىچكىرىگە ئەسكەر ماڭدۇرۇشقا ئالدىراۋاتقان ۋاقتى ئىدى. شۇ سەۋەپلىك

چۇگيۇەننىڭ سودا - سانائەتنى گۈللەندۈرۈش تەكلىۋى ناھايىتى تېزلا ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىپ، بىر - دەمدىلا يىگىتىيەن يۈلىدىن بىرمىليون مەبلەغ توپلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي شىمالدىكى تۇنجى ماشىنىلاشقان پار - پۇر زاۋۇدى، چېشىن خۇمدانچىلىق شىركىتى شېنياڭدا قۇرۇلىدۇ. چۇگيۇەننىڭ كارخانا قۇرۇشتىكى مەقسىدى - دولەت ئۇچۇن سودا-سانائەتنى گۈللەندۈرۇپ، قۇرۇلۇش ماھىرلىرىنى يېتىشتۇرۇش بولغاچقا، كارخانا رەھبەرلىكىدە مەبلەغ توپلاش، قايتا ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۇزلۇكسىز ئۇستۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلار قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بىر نەچچە يىلغا قالمايلا چېشىن شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى كېڭىيىپ مەبلىغى بىر مىليوندىن 48 مىليونغا يېتىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر يۈزدەك ئادەمدىن كۆپىيىپ مىڭدىن ئاشىدۇ. مەھسۇلات جەھەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن تاشقىرى تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان پار - پۇر، چىنە - ساپاللارغىچە تەرەققىي قىلىدۇ. 1926 - يىلغا بارغاندا، چۇگيۇەن باشقۇرغان چېشىن شىركىتى شەرقىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ھەرخىل پار - پۇر مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

چۇگيۇەن ياش ھەم ئىستىبداتلىق، مول ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، سودا - سانائەتنى يارىتىش جەھەتلەردە

ئاجايىپ قابىلىيىتىنى كورسەتكەچكە ئەيىنى ۋاقىتتا ياپونىيىنىڭ
بوزەك تېپىشىغا ئۇچرىغان پىكىتىيەن سودا - سانائەت ساھەلىرى
ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ. 1927 - يىلى چۇڭيۇەن پىكىتىيەن
باش سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن خۇيجاڭلىقىغا سايلىنىدۇ.
شۇ يىلى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ رۇخسىتىنى
ئالمايلا ئۆزى خالىغىنىچە يالۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى لىن-
جياڭ ناھىيىسىدە كونسۇلخانا قۇرىدۇ. بۇ خەۋەر ھەممە ئادەم-
نى غەزەپلەندۇرىدۇ. چۇڭيۇەن سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى
بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، سودىگەرلەردىن 60 - 70 مىڭ ئادەم-
نى قوزغاپ نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا
ياپون ماللىرىغا بايقۇت قىلىش ھەركىتىنى قاناتيايدۇرىدۇ.
ھەيۋەتلىك ھەركەت ياپونىيىنى لىنجياڭغا تاجاۋۇز قىلىش سۇ-
يىقەستىدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭغا
ئۇلاپلا چۇڭيۇەن بىلەن يەن باۋخاڭ قاتارلىق يولداشلار "شەر-
قىي شىمال خەلقىنىڭ خارجى ئىشلىرى كېڭىشى"نى قۇرۇشنى تە-
شەببۇس قىلىپ، ھەر ساھە كۈچلىرى بىلەن كەڭ كولەمدە ئىتتى-
پاقلىشىپ ھوكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ ياپونىيە بىلەن سوزلىشىشىگە
ئارقا تىرەك بولىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئولكە،
شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە خەلق خارجى ئىشلىرى كېڭى-
شىنىڭ شوبە ئارماقلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. شۇ دەۋردىكى شەر-
قىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قار-
شى ھەركەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى "شەرقىي شىمال

خەلق خارجى ئىشلىرى كېڭەشى"نىڭ كورسەتكەن تىرىشچانلىغىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

سودىگەرلەرنىڭ قانۇنسىز مەنپەئەتىنى قوغداپ مىللى كاپىتالىنى ۋەيران قىلىدىغان ئېغىر باج - سېلىقلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، چۈڭچىڭ-ۋەن باش سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن خۇيجاڭى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە يېقىن دوستى گاۋچۇڭمىنىڭ ھەمكارلىشىش ئاستىدا، پىڭتيەن مىلىتارىست ھوكۇمىتى بىلەن كۈچلۈك كۆرەشلەرنى قىلىدۇ. سودا ئۇيۇشمىسىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە بىر قېتىملىق ئالۋاڭ - سېلىققا قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە شېنياڭدىكى سودىگەرلەردىن يۈز نەچچە مىڭ ئادەمنى قوزغاپ بازار تاشلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، پىڭتيەن مىلىتارىست دائىرىلىرىنى ئولكە باشلىغى ليۇشاڭچىڭ، سودا - سانائەت نازىرى جاڭ شەنفاڭ ۋە ساقچى نازىرى بەي مىڭجىن قاتارلىق داڭلىق ياۋۇزلارنى يوتكەشكە مەجبۇر قىلىپ، خەلقنىڭ غەزىۋىنى باسىدۇ. 1928 - يىلى يازنىڭ باشلىرىدا جاڭ زولىنىڭ تېلېگرام يوللاپ بېيجىڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئەسكەرلەرنى پىڭتيەنگە قايتۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، ياپون جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن قەستلىنىپ بومبىلاپ ئولتۇرۇلىدۇ. ئارقىدىنلا گېنېرال جاڭ شۇېلياڭ شەرقىي شىمالنى ئىگەللەپ، سىياسەتلەر تەدرىجى يوسۇندا ئوڭشىلىشقا يۈزلىنىدۇ، شۇ يىلى قىشتا، پۈتۈن مەملىكەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ياردەم بېرىش، ئاممىۋى سىياسەتنى قاناتيايدۇرۇپ، شەرقىي شىمالنىڭ سىياسى ئىسلاھاتىنى ئىلگى-

رى سۈرىدۇ. شۇڭلاشقا 2 - يىلى پېكتېيەن باش سودا ئۇيۇش-
مىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشچى-
لار ئۇيۇشمىسى، سودا ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرى-
دۇ. چۇڭيۇەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ۋە قوشۇمچە
جاڭ شۇېلياڭنىڭ ”قوماندان مەھكىمە“ سىنىڭ كاتىپلىقىنى ئۈس-
تىگە ئېلىپ ياپونىيە بىلەن بولغان ئالاقىلارنى بىر تەرەپ قى-
لىشقا ياردەملىشىدۇ.

1930 - يىلى چۇڭيۇەن چېشىن خۇمدانچىلىق شىركىتى-
نىڭ مەبلىغىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نەنجىڭ، شاڭخەيلەرگە بېرىپ
بىر قىسىم بىيۇروكرات كاپىتالىستلار، مەسىلەن، سۇڭ زىۋېن،
جاڭ گۇڭچۈەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشىدۇ، لېكىن بۇ كىشىلەر-
نىڭ ساندۇغىداغەرچە مىليونلىغان تىللا - كۇمۇشلەر بولسىمۇ ئەمى-
لىيەتتە پۈتۈن تۇرقىدىن ئەجنەبى قۇلچىلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا
چۇڭيۇەننىڭ ”سودا - سانائەت ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش“
تەشەببۇسىغا بەرگەن جاۋابى پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇشتىنلا ئى-
بارەت بولدى، خالاس. چۇڭيۇەن ئۈمىتسىزلىكتە قالغان مۇشۇ
كۈنلەردە بەختكە يارىشا يولداش زوتاۋفىن بىلەن ئۇچرىشىپ
ئىدىيىدە رىغبەتلىنىپ، يېقىن دوست بولۇپ كېتىدۇ. شۇن-
دىن كېيىن چۇڭيۇەن دائىم زوتاۋفىن باشقۇرغان «تۇرمۇش
ھەپتىلىك ژورنىلى»غا ماقالا يېزىپ، قەلەم ئارقىلىق ياپون
جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان جىنايىتى ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىدۇ.

1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون جاھانگىر-

لىگى ئاخىر شەرقىي شىمالغا قوراللىق ھۇجۇم باشلىغاندا شىنىياڭ ناھايىتى تېز قولدىن كېتىدۇ. چۇگيۈەن باشتا يوشۇرۇنۇپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈزىتىدۇ. نەتىجىدە ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىدۇ. جياڭ جيېشىنىڭ "ھەرگىزمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك" سىياسىتى ئاستىدا، پۈتۈن شەرقىي شىمال قولدىن كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالىدۇ. 11 - ئايدا چۇگيۈەن باشقىچە ياسىنىپ، بېيپىڭگە بارىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپلا گاۋچۇگمىن، يەن باۋخاڭ، ۋاڭ خۇايى قاتارلىق يولداشلار تەشكىللەنگەن "شەرقىي شىمال خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى"گە قاتنىشىدۇ. بۇ جەمئىيەت بىر تەرەپتىن شەرقىي شىمال خەلقىنىڭ بىۋاسىتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەركەتلەرگە ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىۋاسىتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق قوشۇن - پىدائىيلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. چۇگيۈەن يەنە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا چېپىپ يۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمالغا تاجاۋۇز قىلغان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدۇ. ئۇنىڭ «تۇرمۇش ھەپتىلىك ژورنىلى»دا ئېلان قىلغان «يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇش» دېگەن ماقالىسىدا شىنىياڭنىڭ قولدىن كەتكەن ۋاقىتتىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىسى بايان قىلىنغان بولۇپ،

ھەر بىر خېتىدىن قانلىق ياش تېمىپ، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

1932 - يىلى 1 - ئايدا شاڭخەيدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندا، چۈكيۈەن باتۇرلۇق بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان 19 - ئارمىيىگە ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ. شۇ يىلى قىشتا سەددىچىن ئۇرۇشى باشلىناي دەپ قالغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ شاڭخەيدىن ژېخېغا كېلىپ، فۇرونت تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، 1933 - يىلى 3 - ئايدا سەددىچىن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولىدۇ. 5 - ئايدا جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ياپون جاھانگىرلىرى بىلەن "تاڭگۇ كېلىشىمى"نى ئىمزالاپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكە ۋە ژېخېنى بېسىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ شىمالىي جۇڭگونىمۇ ياپونىيىنىڭ تەسىرى ۋە كونترۇللۇقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بۇ چاغدا چۈكيۈەن قايتا شاڭخەيگە كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ بىر تەرەپتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن شاڭخەيدە مەبلەغ توپلاپ، جياڭشى، جىندىدە، "گۋاڭدا" پار - پۇر زاۋۇتىنى قۇرىدۇ ۋە كۇرس ئېچىپ، پار - پۇرچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ.

جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى ياپون جاھانگىرلىرى بىلەن ۋەتەنگە خورلۇق كەلتۈرىدىغان شەرتنامىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە تېخىمۇ تەتۈر يولغا مېڭىپ، ئىنقىلابىي بازىلارغا "قورشاپ يوقىتىش" يۈرگۈزىدۇ. مەدەنىيەت

ساھەسىگمۇ ئىنتايىن ۋەھشىيانە ۋەيران قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، جۇڭگونى مۇستەبىت، فاشىزىم تېرورلۇغى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت چۇڭكىيۇەننىڭ ئىدىيىسىدە توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. شىن جۇنرۇ، زوتاۋفىن، خۇيۇيجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسىرىدە ئىدىيىدە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ھەممە بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىغا كېلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي «تۈرمۈش ھەپتىلىك ژورنىلى»، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن توختىتىلىدۇ. بۇ چاغدا زوتاۋفىن چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، چۇڭكىيۇەن زوتاۋفىننىڭ ئورنىغا دەسسەپ «تۈرمۈش ھەپتىلىك ژورنىلى»نىڭ ئىسمىنى «يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژورنىلى»غا ئۆزگەرتىپ داۋاملىق نەشر قىلىدۇ.

«يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژورنىلى»بىلەن «تۈرمۈش ھەپتىلىك ژورنىلى»نىڭ نەشر قىلىنىش يونۇلۇشى پۈتۈنلەي بىردەك بولغاچقا، دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا پۈتۈن مەملىكەتتە مەشھۇر بولۇپ، ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ. 1935 - يىلى 5 - ئايدا «يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژورنىلى»، «پوچى پادىشا» دىگەن بىر پارچە كىچىك ماقالىنى بېسىپ قويغاچقا، ياپون جاھانگىرلىكى ئۇلارنىڭ ساماۋىي پادىشاسىغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، زورلۇق بىلەن جياڭجيېشى ھوكۇمىتىدىن «يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژورنىلى»نىڭ مەسئۇلىنى جازالاشنى تەلەپ قى-

لىدۇ. جياڭجيېشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن، خوشامەت قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە چۇڭيۈەننى قولغا ئېلىپ، بىر يىل ئىككى ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە جياڭسۇ 2 - تۈرمىسىگە قامايدۇ. چۇڭيۈەن تۈرمىدە ياتقاندا جياڭجيېشىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ، ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىپ، كورگەنلا ئادەمگە، جياڭجيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى جۇڭگونى چوقۇم ھالاكەت گىرداۋىغا ئېلىپ بارىدۇ دەيدۇ.

1935 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەشھۇر «1 - ئاۋغۇست خىتاپنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇشقا چاقىرىدۇ. شىن جۈنرۇ ئەپەندى بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، شاڭخەي مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ. 1936 - يىلى باھاردا چۇڭيۈەن كېسەل سەۋەبى بىلەن شاڭخەي خوچياۋ ساناتورىيىسىدە بىرمەزگىل داۋالىنىپ، تېخى ئەركىن ھەرىكەت قىلالمىسىمۇ، شىن جۈنرۇ، زوتاۋفېن، خويۈيجې قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئەرباپلارغا "ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش" تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە "شەرقىي شىمالنى بىز مۇشۇ ئەۋلات كىشىلىرى قولدىن بېرىپ قويدۇق، بىز ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك" دەپ

مۇراجەت قىلىدۇ. شۇيىلى قىش پەسلىدە گېنېرال جاڭ شۇېلياڭ بىلەن گېنېرال ياڭ خۇچىڭ "شىئەن ۋەقەسى"نى قوزغايدۇ. بۇچاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چوڭگيۇەننى بىر مەزگىل نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئاچقان پار - پۇر زاۋۇدى ۋە پار - پۇر خادىملىرىنىڭ كۇرسىنىمۇ تاقىۋېتىدۇ. ئۇزۇن ئۇتمەي "شىئەن ۋەقەسى" تېچلىق بىلەن ھەل قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ دولەت ۋە خەلققە بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن "ئالدى بىلەن ئىچكى قىسمىنى تىنجىتىپ ئاندىن چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش" سىياسىتى ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ پۇتۇن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۇنى ياپون ئالۋاستىلىرى لۇگوچياۋدا ئۇرۇش ئوتىنى قوزغاپ، 8 - ئاينىڭ 30 - كۇنى سوڭخۇ ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ چاغدا چوڭگيۇەن كېچە - كۇندۇز دىمەي دائىم بېيجىڭ بىلەن شاڭخەي ئوتتۇرىسىدا قاتناپ، ئاكتىپلىق بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، شۇنىڭدەك "ۋەتەن قۇتقۇزۇش زايومى، شەرقىي شىمالغا ئىئانە توپلاشقا دەۋەت قىلىش كومىتېتى" نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن ئىئانە توپلاشتا پۇتۇن كۇچىنى ئايىمايدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ جاپالىق كۇنلىرىدە، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىل گۇرۇھى، ياپون

جاھانگىرلەرى بىلەن كېلىشىپ تەسلىم بولۇپ، كوممۇنىستلارغا قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى قايتىدىن قوزغاشقا ئۇرۇندى. چۇڭچىڭ جىياڭ جېيشىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۆزىنى ئۆزى قىرىدىغان سىياسىتىنىڭ قايتا تىرىلمۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدە ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ. بۇ چاغدا چۇڭچىڭنى سېتىۋېلىپ ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا قايتا - قايتا ئۇرۇنۇپ گۇماشتېيسى قىلماقچى بولىدۇ. لوزۇفۇ، جاڭ چۇن دېگەنلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا سانائەت - قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، چىڭدۇ - چۇڭچىڭ تۆمۈر يولى، شەرقىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ تەپتىش ھەيئىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئازدۇرماقچى بولىسىمۇ، چۇڭچىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاتالمىش ”يېڭى سىياسەت“ يۈرگۈزۈۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەي چۇڭچىڭنىڭ كونا دوستى بولغاچقا شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بازىسىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلايدۇ. شۇڭا 1934 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭغا كېلىپ، بىر قېتىملىق ساياھەت قىلىپ ئۇخەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن «شىڭ شىسەي ۋە شىنجاڭ» دېگەن كىچىك بىروشۇرا كىتاپنى يېزىپ كىشىلەرنى، غەربىي شىمالغا بېرىپ، چېگرا رايونلارنى ئېچىشقا ھەركەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ. چۇڭچىڭ بۇ بىروشۇراسىدا، خاتا ھالدا شىڭ شىسەينى بىر مەشھۇر ئەرباپ

دەپ تەرىپلەپ، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى سۇيىقەست، ھىلە - مىكىرلىرىنى بىلىۋالالماي ساختا كورۇنۇشلەرگە قايمۇقۇپ قالىدۇ. بۇ كىچىك بىروشۇرا ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ھەممە جايىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن "غەربىي شىمالغا بارايلى" نىڭ داقا - دۇمبىغى بولۇپ قالىدۇ.

1939 - يىلى شىڭ شىسەي چۇڭيۇەننى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى. تەكلىپكە بىنائەن كېلىپ، "شىنجاڭ دارىلفۇنۇن" نىڭ يۇەنجاڭى بولدى. بۇ مەكتەپ شىنجاڭ ئۈچۈن قۇرۇلۇش كادىرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. چۇڭيۇەن ئىچكىرىدىكى گومىنداڭ مائارىپىنىڭ پۈتۈنلەي ئارقىغا چېكىنىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، «شىنجاڭ دارىلفۇنۇن»نى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى تىپتا قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى. "ئىتتىپاق ۋە جىددىي بولۇش، ئاددىي - ساددا، تېتىك - جانلىق بولۇش" نى مەكتەپ تەربىيىسى قىلىپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى تەكىتلىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن چۇڭيۇەن مەملىكەت ئىچىدىكى مەشھۇر كىشىلەردىن ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى، شىمۇ قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ۋە ساۋكۇڭلىياۋ، جاۋدەن قاتارلىقلارنى شىنجاڭدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

چۇڭيۇەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىپ بىر يىل بولمايلا شىنجاڭنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى

كۆرسەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقى شىڭ شىسەينى قوغدايدىغان يالاقچىلارنىڭ كۆرەلمەسلىكىگە ئۇچرىدى. ئۇلار چۇگيۇەننى شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا دەسسەش غەرىزى بار دەپ ئىغۋا تارقاتقانلىقتىن، چۇگيۇەن شىڭ شىسەينىڭ يېنىدا سىغماس ئادەم بولۇپ قالدى. 1940 - يىلى قىشتا، شىڭ شىسەي ئۇنى نەزەربەنت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا چۇگيۇەن شىڭ شىسەيگە خەت يېزىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشماسلىقنى تۈگىتىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بېرىشقا رۇخسەت قىلىشنى ياكى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. چۇگيۇەننىڭ بۇ تەلەپلىرى رەت قىلىندى. 1941 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ناچار ئورۇندا تۇرۇپ قالغاچقا، شىڭ شىسەي، كوممۇنىستىك پارتىيە چوقۇم مەغلۇپ بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى شۈبھىسىز ھالدا فاشىست گېرمانىيىسى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىدىغان بولدى دىگەن تونۇشقا كېلىپ، دەرھال ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش چۇمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئالدىراپ - تېنەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تەسلىم بولۇش سۈيقەستىنى پىلانلاشقا كىرىشتى. شىڭ شىسەي جاڭ جيېشىگە ئۆز قەلبىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ قورۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ماۋزېمىن قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر كوممۇنىستلارنى ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ بېشىنى تەسلىم بولۇشنىڭ سوغىسى قىلماقچى

بولدى. چۇڭيۇەن شىڭشىسەيىنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى ئۆزى ھالاك
قىلىدىغان تەتۈر ھەركىتىگە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، شىڭشىسەيىنى
ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلماسلىققا ئۈندەپ كوردى. شۇ ۋاقىتتا شىن-
جاڭنىڭ ھەربى ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان شىڭشىسەيىنىڭ
ئىنىسى شىڭ شىچىمۇ ئۇنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تەسلىم
بولۇشىغا قەتئى قارشى تۇردى. بۇ، ئىككى قەلەم ۋە ئەلەم ئەھ-
لى شىڭ شىسەيىنىڭ كوزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدى. شىڭ
شىسەي تەسلىمچىلىك يولىدىكى ئاساسلىق توسالغۇلارنى تازىلاش
ئۈچۈن، تەدرىجى ھالدا ئىنىسى شىڭ شىچى بىلەن دۇچۇڭيۇەنگە
زەھەرلىك قولىنى سىلىپ، نەتىجىدە ئىنىسى شىڭ شىچىنى مەخپى
ئولتۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا 1941 - يىلى 7 - ئايدا
چۇڭيۇەنىنى تۈرمىگە ئالدى. دەسلەپتە چۇڭيۇەنىنى ۋەتەنساتقۇچ
ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دىدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭ-
غا تروتسكىچى دەپ توھمەت چاپلىدى. شىڭ شىسەي چۇڭيۇەن-
نى تۈرمىگە سولىغاندىن كېيىن، ئۇنى شەپقەتسىز قىيناپ سوراق
قىلىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ھەر خىل يالغان جىنايەتلەر-
گە ئىقرار بولۇشقا قىستاپ ئەڭ ئاخىرىدا چۇڭيۇەنىنى ئاشكارا
بولمىغان كومموۇنىست، ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا
قەست قىلغان دىگەن جىنايەتلەر بىلەن ئولۇم جازاسىغا ھوكۇم
قىلدى. جازانى ئىجرا قىلىش ئالدىدا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ
جياڭ جيېشىگە تەسلىم بولۇش كوڭلىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جياڭ
جيېشىگە ئالاھىدە تېلېگىرام ئەۋەتىپ قايتاتەكشۈرۈشنى ئىلتىماس
قىلدى. جياڭ جيېشى 1943 - يىلى يازدا، قول چومىغى ۋاڭ

دېڭو، جۇشۇشېڭ، جې يۈەنفۇلارنى ئاتاقتا دۇچۇڭيۈەننىڭ ئەنزىسىنى قايتا تەكشۈرۈش، ئەملىيەتتە شىڭ شىسەينىڭ تەسلىم بولۇش سەممىيىتىنىڭ قانچىلىكلىگىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىپ شىڭ شىسەينىڭ ھەقىقەتەنمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىكەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىن چۇڭيۈەنگە ھوكۇم قىلىنغان ئۇلۇم جازاسىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ۋاڭ دېڭو قاتارلىقلار چۇڭچىڭغا جياڭ جيېشىگە دوكلات قىلىشقا يولغا چىققاندا، شىڭ شىسەي ئۇزىنىڭ قول چوماق دوختۇرى خۇرۇبى ئارقىلىق چۇڭيۈەنگە زەھەرلىك ئوكۇل ئۇرۇپ ئولتۇرگۇزۇپ جەسەتنى يوق قىلىپ ئىزىنىمۇ قالدۇرمىدى. چۇڭيۈەن قازا بولغاندا ئەمدىلا 46 ياشتا ئىدى.

## قوشۇمچە 1.

چۇڭچىڭدا نەزەربەنت ئاستىدا تۇرغان چاغدىكى ئايرىم خاتىرىلەر. (مۇناسىۋەتلىك بولەكلەر)

1941 - يىلى ئەتىيازدا، ساۋاقدىشى ۋە يېقىن دوستى چۇڭيۈەن ئەپەندى شىنجاڭدا شىڭشىسەي تەرىپىدىن ۋەتەن ساتقۇچ ۋاڭ جېڭۋېي بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن دىگەن تۆھمەت بىلەن تۈرمىگە تاشلانغاندا مەن تېلېگىرام ئارقىلىق شىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، نۇرغۇن تېلېگىراممىلار ئەۋەتتىم، ئاخىرىدا شىڭشىسەي مېنى ئايرۇپىلان بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ بۇزمۇ - يۇز سوھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. (شىڭ بىلەن مەن بىر يۇرتلۇق ھەم كېيىنكى ئەۋلات تۇققان

كېلىمىز، پىڭتىيەندە بىللە ئوقۇدۇق؛ كەيىۋەن ناھىيىنىڭ تەمى-
ناتى بىلەن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ ياپونىيىدە
ئوقۇش تەمىناتىغا ياردەملىشىپ تۇرغان ئىدىم). شۇ ۋاقىتلاردا
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئايروپىلانلىرى
ئىشپىيون باشلىقى دەيلىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ
تەستىقىدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن چۇڭچىڭنىڭ
باشلىقى ۋاڭ خۇايى ئارقىلىق دەيگە خەت يېزىپ ئىلتىماس
قىلدىم. دەي قوشۇلدى. بىراق ئالدى بىلەن چۇڭچىڭغا كېلىپ
ئۆزى بىلەن بىر كۆرۈشۈشنى تەكلىپ قىلدى. 1941 - يىلى
4 - ئاينىڭ بېشىدا شەنشى فىڭشياڭدىن چۇڭچىڭغا يېتىپ
كەلدىم. بىراق دەي بانا كۆرسىتىپ 20 كۈنگىچە قوبۇل
قىلمىدى. مەن شىنجاڭغا بارىدىغان سەپىرىمنىڭ ئۆزگەرتىلگەن-
لىكىنى سەزدىم. دەي مەن بىلەن كۆرۈشكەندە، سوغاق
پوزىتسىيە بىلەن شىنجاڭغا بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى
ۋە ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، ئەگەر سىز جەزمەن شىنجاڭغا بارىمەن
دەيدىكەنسىز مەركەزدىن ئايرىلىشنى ئويلاپ قويسىڭىز بولىدۇ
دېدى. مەن ئاستا كۈلۈپ قويۇپ ئېغىر گەپكەنغۇ بۇدىدىم.
دەي ئاندىن چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ئويلانمايلا ۋېيىۋەنجاڭ
بىزدىن كۆپرەك چۈشىنىدۇ، ئەگەر سىز شىنجاڭغا بارسىڭىز
شىڭ شىسەي سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىزگە يول قويارمۇ؟
دۇچۇڭيۈەنمۇ مەركەزدىن بارغانتى. شىڭنىڭ كورەلمەسلىكىگە
ئۇچرىدى. سىزمۇ بۈگۈن مەركەزدىن شىنجاڭغا
بارسىڭىز شىڭ سىزگىمۇ دۇچۇڭيۈەنگە قارىغاندەك قارىمامدۇ؟

دېدى. بۇ سۆز مېنىڭ بىخەتەرلىگىمنى نەزەردە تۇتقاندەك بول-
سىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋاقىتتا گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتى-
پاقىغا ھۇجۇم قىلىپ شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
دوست بولۇش سىياسىتى تەۋرىنىپ، دۇچۇكيۇەننى قولغا ئېلىپ
ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ (شىڭشىنىڭ ئىنىسى شىڭشىچى سوۋېت ئىتتى-
پاقى قىزىل ئارمىيە ئالى مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ شىنجاڭ-
نىڭ ھەربى ئىشلىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئىدى) شۇ ئار-
قىلىق جياڭجيېشىگە سادىقىتىنى بىلدۈرگەن ئىدى. جياڭ مېنىڭ
شىنجاڭغا بېرىپ شىڭنىڭ يولۇنۇشىگە توسقۇنلۇق قىلىشىمدىن
ئەنسىرەپ، قەستەن قويۇپ بەرمىدى. ئاندىن مەن شىنجاڭغا
بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، شىئەنگە قايتىدىغانلىغىمنى بىلدۈردۈم.
لېكىن دەيلى يۇمشاق سۆزلەر بىلەن شىئەنگە قايتماسلىقتا ئۇن-
دەپ، ئەگەر سىز شىئەنگە قايتسىڭىز ئۇلار (ئۆزىنىڭ ئىشپىيون-
لىرىنى دېمەكچى) سىزگە ئاۋارىچىلىق سالىدۇ دېدى. مېنىڭ كې-
سەل ئايىلىم تېخىچە پىڭشىياڭدا دېسەم، دەي دەرھال چاكىرىغا
قاراپ، ئادەم ئەۋەتىپ، گاۋخېنىمنى ئېلىپ كېلىشكە بولىدۇ دې-
دى. ئاندىن مەن چۇڭچىڭنى دۈشمەن سامالىيوتلىرى ناھايىتى
قاتتىق بومباردىمان قىلىۋاتسا، كېسەل ئادەمنىڭ بۇنداق جاي-
غا كېلىشى قۇلايسىز دېسەم، دەي يېزىدا تۇرۇشىڭىز مۇمكىن دې-
دى. سۆز مۇشۇيەرگە كەلگەندىلا ئۆزەمنىڭ چۇڭچىڭغا كېلىشكە
تەكلىپ قىلىنىشىنىڭ ئەسلىدە نەزەربەنت قىلىنىش ئۈچۈن ئىكەنلى-
گىنى تونۇپ يەتتىم.

«جۇڭخۇامىنگو تارىخي ماتىرىياللار توپلىمى»نىڭ قوشۇمچە سانى 4 - قىسىم 13 - بەت.

1955 - يىل

## قوشۇمچە 2.

### بىر پارچە ئىسپات خېتى

مەن ئۆز ۋاقتىدا تونۇشقان كوممۇنىستلاردىن بىرىنچى ئادەم سۇڭ داشىڭ ئىدى. بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتلاردا سۇڭ جېنۇڭ ئىسمى بىلەن شاڭخەيدە تۇراتتى. بىز ئىككىمىز دۇچۇڭيۈەن ئەپەندى ئارقىلىق تونۇشقان ئىدۇق. مەن شۇ يىل (1935 - يىل) دىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قانداق بىر پارتىيە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزم - لېنىنىزم بىروشۇرلىرىنى ئوقۇغان ئىدىم (شاپىگىراپتا بېسىلغان) بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇڭ داشىڭنىڭ قىزغىن ياردىمىدە بولغان. شۇڭلاشقا مەن دائىم سۇڭ داشىڭنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچۇم دەيتتىم. ئۇ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغاندىن باشلاپ مېنىڭ سەۋىيەم بىلەن دېيىشكىدەك بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى يۇقۇرى قاتلام كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش بولۇپ، جاڭ شۆلياڭ، ۋاڭ يىجې (ئارمىيە باشلىغى) ليۇدۇچۈەن (دىۋىزىيە باشلىغى) قاتارلىقلار بىلەن تونۇشقان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى كوممۇنىستىك

پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىغا مېڭىشقا، گەرچە پارتىيىنىڭ سىياسى چاقىرىقلىرى ۋە تەسىرى سەۋەپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇز ۋاقتىدىكى يەر ئاستى خىزمەت ئىشلەيدىغان كوممۇنىست يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. سۇڭداشنىڭ بولسا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كورۇنەرلىك بىرسى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان (كېيىن جاڭشۇېلياڭ تەلەپ قىلىپ چىقىرىۋالدى) ئۇنىڭ ئۇز ۋاقتىدىكى شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئىچىدىكى ۋە غەربىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ يۇقۇرى قاتلامدىكى مۇناسىۋەت شارائىتى مۇشكۇل بولسىمۇ، لېكىن سىياسى مەيدانى مۇستەھكەم تەۋرەنمەس بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى پارتىيىنىڭ يونۇلۇش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشنى ئاساس قىلغان ئىدى، بىراق بەزىدە سولغا كېتىپمۇ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قولغا ئېلىنغان، شىئەندە خىزمەت ئىشلەش ئىمكانىيىتى قالمىغاچقا، تەشكىل ئۇنى يەنئەنگە يوتكەپ كەتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى ئۇقمايمەن.

## قوشۇمچە 3.

ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ
جاڭجۇڭشىغا يازغان جاۋاپ خېتى

(شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك 8 - باشقارما 66 - نومۇرلۇق)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەھرىر تەرجىمە ئىدارىسى ئارقىلىق يولداش جاڭجۇڭشىغا:

ئەۋەتكەن خېتىڭىزدە ۋەتەنپەرۋەر مەشھۇر زات دۇچۇڭيۈەننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلغان ئىكەنسىز. ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىكى ئەيىپكارلارنىڭ ئىقرارى ۋە ئىگىلىشىمىزگە قارىغاندا، دۇچۇڭيۈەننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋاقتى 1943 - يىلى (ئاي، كۈن ئېنىق ئەمەس) بولۇپ شىڭشىسەي باشتا دۇچۇڭيۈەنگە ۋەتەن ساتقۇچ ۋاڭجىڭۋېي شىنجاڭغا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئەۋەتكەن، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەپ تۆھمەت چاپلىغان. 1943 - يىلى يەنە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ باشلىقى جېيۈەنفۇ بىلەن دۇچۇڭيۈەننى كوممۇنىست دەپ بېكىتىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلماقچى بولغان. بۇنى قورچاق مەركەزگە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا يوللىغاندا، شىنجۇنرۇ قاتارلىق كىشىلەر زور كۈچ بىلەن قۇتقازغاچقا، سۇيىقەستىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورققان شىڭشىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۇچۇڭيۈەننى زەھەرلىك دورا بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن.

يۇقۇرقىلاردىن پايدىلىنارسىز.

ھۆرمەت بىلەن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى.

1979 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ۋە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئۆتمۈشى

چېڭ فىڭ

## (1) "12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن جاڭ پېيۈەننىڭ پوزىتسىيىسى

مەنچىڭ دەۋرىدە ئىلىدا جاڭ-جۈن تۈزۈمى ئورناتقان ئىدى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنى مۇداپىئە ئەلچىسى (ۋالىسى) قىلىپ ئۆزگەرتتى. مىنگونىڭ 19 - يىلى جىن شۇرېن نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋالىي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ، جاڭ پېيۈەننى ئىلىغا ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. مۇداپىئە ئىشلىرىدا يەنىلا موڭغۇل، قازاق مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا يۆلىنەتتى. ئاتالغۇ گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئىش ۋە ھوقۇق ئوخشاش ئىدى.

شۇ چاغدا "12 - ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە جىن شۇرېن ئۆلكىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ماناسقا يېتىپ بارغاندا، جاڭ پېيۈەنگە ئۆزىنىڭ ماناسقا كەلگەنلىكى

ئىلىغا بېرىپ يۈزمۇ - يۈز مەسلىھەتلىشىدىغانلىقى ھەققىدە تې-
لېگرام بەردى. جاڭ پېيىۋەن جايلار تىنىچسىز دەپ رەت قىلىپ،
چوچەكتە بارغاندىن كېيىن سۆزلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى.
جىن شۇرېن ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى بىلىپ، ئىلىغا بې-
رىش رايىدىن قايتىپ، ئۆز قىسىملىرى بىلەن چوچەككە بېرىپ
ئۆزىنىڭ قوغلانغانلىقىنى تېلېگرام ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىپ
پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچى قوشۇنلىرىنى جاڭ پېيىۋەننىڭ قول
ئاستىدا بولۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۆلكە تەرەپتىن لىيۇۋېن-
لۇڭ، شىڭ شىسەيلەر ئىلىغا تېلېگرام ۋە خەت ئەۋەتىپ جاڭ پېي-
يۈەن بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ جايلارنىڭ تېچلىقىنى ساقلاشنى
ئىلتىماس قىلدى. جاڭ پېيىۋەن ئۆز تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ
ئادەتتىكىدەك تېچ ئىكەنلىكىنى تېلېگرام ئارقىلىق مەلۇم قىلدى،
5 - ئايدا خۇاڭ مۇسۇڭ تەشۋىق - تەرغىب قىلىش ئۈچۈن شىنى-
جاڭغا كەلگەن چاغدا جاڭ پېيىۋەن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
مەھكىمىسىنىڭ ئادىيۇتانتلار باشلىقى شۈي ۋېنفاڭنى ۋەكىل قىلىپ
جۈشى ليۇۋېنلۇڭ بىلەن دۇبەن شىڭ شىسەيگە يەرلىك ئەھۋالنى
دوكلات قىلىش ۋە ئىپادە بىلدۈرۈش، خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن كۆ-
رۈشۈپ ئىلىغا قاراشلىق بارلىق ناھىيىلەرنىڭ تېچ ئىكەنلىكىنى،
ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان-
لىقىنى ۋە ئىلى تەرەپ بارلىق ئىشلاردا مەركەزگە بويسۇنىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

## (2) ئىلى بوز يەر ئوزلەشتۈرۈش مەھكىمىسى-نىڭ ئۈرۈمچىدە بەنىسچۇ قۇرغانلىغى

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نەنجىڭ گومىنداڭ ھوكۇمىتى لىيۇ-ۋېنلۇڭ، شىڭشىسەي ۋە جاڭ پېيۇەنلەرنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتى دەپ ئېلان قىلدى. جاڭ پېيۇەننى قوشۇمچە ئىلى بوز يەر ئوزلەشتۈرۈش ۋالىسى ۋە يېڭى تۈزۈلگەن 8-دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭلىغىنى ئوتەيدۇ دەپ جاكالىدى. جاڭ پېيۇەن تېلېگىرام ئەۋەتىپ مۇھىم ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش ۋە زورۇر تېپىلغاندا ئوزىگە ۋاكالىتەن ئولكىلىك ھوكۇمەت مەجلىسىرىگە قاتنىشىشقا ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە بەنىسچۇ قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغاندا لىيۇ بىلەن شىڭ بۇ-نىڭغا قوشۇلدى. جاڭ پېيۇەن شۇ ۋېنفاڭنى ئىلى بوز يەر ئوز-لەشتۈرۈش مەھكىمىسى بىلەن 8 - دىۋىزىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-رۇشلۇق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىغىغا تەيىنلىدى. شۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئولكىلىك ھوكۇمەت مەنچىڭدىكى خەنىۋاڭ ئوردىسىنى (يەنى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە موڭغۇل خەنۋاڭ مانچۇكجاپ ئۈچۈن سېلىنغان ئوردىنى) باشقارمىنىڭ ئورنى قىلىپ كورسەتتى. بەنىسچۇدا ئىش ئاز ئىدى. شۇ بىكارچىلىقتا دائىم سىرتتا ھەربى ۋە مەمۇرى خادىملارنىڭكىگە بېرىپ - كېلىپ يۈردى، زىياپەتلەر كوپەيدى. بۇ ئىشلار شىڭشىسەينىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقتىن ئادەم ئەۋەتىپ، باشقارمىغا قاندۇاق ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغانلىغىنى كۈزىتىپ، ئوز ۋاقتىدا دوكلات

ئېلىپ تۇردى. ئارىدىن بىر نەچچە ۋاق ئۆتكەندە، شۈي، جىن
شۈيىنىڭ بالدۇرقى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا
شىڭنى تاشلاپ، جاڭنى قوغداشقا كۈشكۈرتۈپتۇ ھەمدە كونا
ھەربى ۋە مەمۇرى خادىملار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ خىزمەت
ئۈچۈن ئىلىغا باردىغانلارنىڭ يول خىراجىتى، كۆپىنچە
باشقارما تەرەپتىن بېرىلىۋېتىپتۇ دىگەن گەپلەر پەيدا بولغاندا
شىڭ شىسەي شۈي ۋېنفاڭنى قولغا ئېلىپ جازالاشنى
ليۇ ۋېنلۇڭغا مەسلىھەت قىلىدۇ. ليۇ: "ھازىر ماجۇڭيىڭ
تۇرپان، پىچاندا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، تېچلىقتىن قىلچە
ئۈمىت يوق. قالايمىقانچىلىق بېسىلمىدى، ھازىر ئىچكى جەھەتتە
سۈركىلىش پەيدا قىلماي كۈچىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىش كېرەك.
شۈيىنىڭ ھەركىتى راست - يالغانلىقى تېخى ئېنىقلانمىدى،
يەنە تەكشۈرۈش كېرەك، دەيدۇ. ئەمما شىڭ بۇ پىكىرگە
قوشۇلمىدى. ليۇ يەنە: "ئەگەر شۈيىنىڭ باشقىچە ھەركىتى بولغان
تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ، خالىغان چاغدا
ئۇنى قولغا ئېلىش مۇمكىن، ئەمما ھازىرقى پەيتتە مۇمكىن
ئەمەس، چۈنكى ئەگەر شۈي قولغا ئېلىنغان ھامان، جاڭ چوقۇم
تېلېگىرام بېرىپ قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى
قويۇپ بېرىش توغرا ئىش ئەمەس، مېنىڭچە ئالدىراپ كەتمەسلىك
كېرەك"دىدى. شىڭ بۇ سۆزلەرنى ئورۇنلۇق دەپ بىلسىمۇ
يەنە ئىككىلەندى. ئەمما پاكىت ئېنىقلانمىغاچقا، ۋاقتىنچە
تاشلاپ قويدى.

## (3) ئىلى تەرەپ ھەربى كىيىم ۋە تەمناتىنى تۇتۇپ قېلىش ئەھۋالى

بىر كۈنى دۈبەن مەھكىمىسىدە، شىڭشىسەي خوشنا دۆلەتتىن ھەربى كىيىم سېتىۋاپتۇ، پات يېقىندا چوچەككە يېتىپ كېلىدىكەن دىگەن سۆزنى ئاڭلىغان شۈي باشقا تەرەپلەردىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن دەرھال ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بىرسىنى چوچەككە ئەۋەتىپ، خوشنا دۆلەتتىن سېتىۋالغان ھەربى كىيىملەر چوچەككە كەلگەن ھامان، ئىلىدىكى سىجاڭغا ۋە جىڭدىكى ياڭ تۈەنجاڭغا تېلېگىرام بېرىشكە يەنە بىر ئادەمنى بىر پارچە خەت بىلەن ئىلىغا بېرىپ سىجاڭ جاڭپېيۈەنگە ۋەقەنى دوكلات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا سالدى. نەتىجىدە چوچەكتىن توشۇلغان ھەربى كىيىملەر شىخوغا يېتىپ كەلگەندە، ياڭ دېشاڭ تۈەنجاڭ توساپ، ھەربى كىيىم قاچىلانغان ماشىنىلارنى ئىلىغا ئېلىپ كەتتى (ماشىنىدا قانداق قورال - ياراقلارنىڭ بارلىقى نا-مەلۇم). ماشىنىلارجىڭغا يېتىپ بېرىش ئارىلىقىدىكى بىرپارچە قۇملۇق يەرلەردە ماڭالماي قالغاندا كالىلارغا سۆرىتىپ تېچ - ئامان ئىلىغا يەتكۈزۈۋالدى.

## (4) شىڭشىسەي ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ھەقتە سۆزلەشكەنلىگى

ئولكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن دۈبەن مەھكىمىسى شىخو ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن چوچەك ۋالى مەھكىمىسى خادىملىرىنىڭ

”ھەربى كىيىم باسقان ماشىنىلارنى ياڭ دېشاڭ تۆەنجاڭ توساپ
ئۆلىمغا ئېلىپ كەتتى“ دىگەن تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، ئىۋ بىلەن شىڭ مەسلىھەتلىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
مىشۇسى لۇاۇن، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ جۇڭجاڭ دەرىجىلىك مى-
شۇجاڭى سىشىچاڭ، شەرقىي شىمال پىدائىي قىسىملار سىجاڭى
شىڭجەنچىڭ قاتارلىق 3 كىشىنى ئۆلىمغا ئەۋەتمەكچى بولدى،
دەل شۇچاغدا شىڭشىسەي شۇي ۋېنفاڭنى كورۇشۇشكە چاقىرغان
ئىدى. شۇي ئەمدى مەخپىيەتلىك چوقۇم ئاشكارا بولغان ئوخ-
شايدۇ، بۇگۈن بارسام بەلكىم قايتىپ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن دەپ
ئويلاپ، بەنسىچۇدىكى مۇھىم ھوججەتلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ قويۇپ، ۋاقتىدا بېرىپ شىڭ بىلەن كورۇشكەندە شىڭ ئۇ-
نىڭغا، ”تونۇگۇن چۈشتىن كېيىن چوچەكتىن بىر تۇركۇم ھەربى
ئەسلىھەلەر شىخوغا كەلگەندە ياڭ دېشاڭ توساپ قويۇپتۇ، مې-
نىڭچە جاڭ پېيىۋەننىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىسا كېرەك. مەن
ئىۋجۇشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوزلىشىش ئۈچۈن 3 كىشى ئە-
ۋەتمەكچى بولدۇق. مەن جاڭ پېيىۋەننى چوڭقۇر چۈشىنىمەن،
بىر پارچە خەت يېزىپ قويدۇم، سىزنىڭمۇ جاڭ پېيىۋەنگە بىر پار-
چە خەت يېزىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن. ئولكە بىلەن ئىلى تەرەپ،
بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىپ، ئوز ئارا ياردەملىشىپ، بىرلىكتە
جايلارنىڭ تېچلىقىنى ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنى ئالغا سۈرۈشى-
مىز كېرەك. بىزنىڭ ئىچكى قىسىمىمىزدا بىرئازمۇ سۈركىلىش
بولماسلىقى، ياڭ تۆەنجاڭ توتۇپ قالغان نەرسىلەرنى
ئوز پېتىچە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ئەگەر ئىلى تەرەپ ئېھ-

تىياجلىق بولغان نەسلەر بولسا، مەسلىھەتلىشىپ ئاجرىتىپ بې-
رىمىز دېدى.

شۇي دەرھال سوزلەپ: "ئەگەر دۇبەن خاتىرجەم بولسا، مەن ئۆزەم بىللە بارسام، چۈنكى ياڭ تۇەنجاڭ بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇتەرەپنىڭ فۇگۇەنجاگى، جەزمەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ" دېگەندە شىڭشىسەي نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ماقۇل كەلدى. بۇلار ماشىنىدا 3 - كۈنى ئىلىغا يېتىپ باردى. جاڭ پېيىۋەن ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، شەھەر تېشىغىچە ئادەم ئەۋەتىپ ماشىنىنى توپ - توغرا مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى، ئەتىسى جاڭ، سائەت 10 دا ئۇلار بىلەن سوھبەتلىشىپ: "لىيۇ" شىڭلار ئەۋەتكەن خەتنى كوردۇم. لېكىن 1 - قورال - ياراق سېتىۋېلىشنىڭ مۇددىاسى نىمە؟ 2 - نامى ۋە سانى، 3 - ئولكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئوتكەنمۇ؟ 4 - مەركىزىي ھوكۇمەتكە مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقانمۇ؟ دەپ سورىدى، شىڭشىچاڭ: "ماجۇڭيىڭنىڭ گۈچۈڭنى بېسىۋالغانلىقى ۋە زىمىچۈەنزىدىكى ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىق ۋە ئوقلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانلىقىنى، كېيىن داۋانچىڭدىكى مەغلۇبىيەتتە تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى سوزلەپ زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بۇ ئەسلىھەلەر سېتىۋېلىنغانلىقىنى، قالغان ئىشلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى" ئېيتتى. جاڭ يەنە: "سىزلەرنىڭ پىكرىڭىزلەرچە قانداق قىلىش كېرەك؟" دەپ سورىغاندا شىڭ جەنچىڭ جاۋاپ بېرىپ: ياڭ تۇەنجاڭ تۇتۇپ قالغان نەرسى-

لەرنى قايتۇرۇپ شىڭشىسەينىڭ جىددى ئېھتىياجى قـانـدۇرۇلـ
سا، كەلگۈسىدە ئەگەر ئۇلى تەرەپ مۇھتاج بولۇپ قـالسا، دۇـ
بەنمۇ مەسئۇل بولۇپ، بۇ نەرسىلەردىن ئېھتىياجلىقلىرىنى ئاجـ
رىتىپ بېرىدىغانلىقىنى تەكرار چۈشەندۈردى. جاڭ: ”خوشـنـا
دولەتتىن سېتىۋالغان قورال - جابدۇقلار چېگرىدىن كىرگەندە،
ئۇلى، چوچەك يوللىرىدىن ئۆتىدۇ، مېنىڭ چوققۇم ئېنىقلاش مەسـ
ئۇلىيىتىم بار“ سىزلەر ئارام ئېلىپ بىر قانچە كـۈن تۇرۇڭلار،
مـەن شىڭغا تېلېگرام بېرىمەن ۋە كەڭ - كۇشادە مـەسلىھەتـ
لىشىمىز دېدى. ۋەكىللەر خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا، ئۇلى تەـ
رەپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن هازىرلىنىۋاتىدۇ دېگەن
خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، مەسلىھەتلىشىپ چاپسانراق قايتىشنىڭ ئاـ
مالىنى قىلماقچى بولۇپ ئەتىسى شۇي ۋېنفاڭ بىلەن سۆزلەشتى.
بۇلار بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن قايتماقچى بولغاندا جاڭ
پېيىۋەن زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى، ئـۇلار ئۇلىدىن چىـ
قىپ شىخو دائىرىسىگە كەلگەندە ئۇلىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنـ
لىرى توساپ قـويدى (بۇ چاغدا ئۇلكە ئەسكەرلىرىمۇ مـاناسقا
كەلگەن ئىدى). شى شىچاڭ ئـەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنـى بىلىپ،
لۇ بىلەن شىڭگە قارىماستىن تۈن كېچىدە يالغۇز ئۆزى قاچىدۇ.
ئۇلى قوشۇنلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى كوپ ئىدى، ئۇلار
كېچىچە مۇداپىئە سىزىغىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا، سالامەت ئۈـ
رۈمچىگە قايتىپ كېلىپ شىڭشىسەي بىلەن كورۇشۇپ، 1 - تۇتۇپ
قالغان ھەربى ئەسلىھەلەرنى قايتۇرۇشتىن ئۈمىت يوق، 2 - ئۇلى
ئەسكەرلىرى شىخوغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، 3 - لۇلۇن بىلەن شىڭ

جەنچىلىك شىخودا ھەربىلەر ئىچىدە قالدى، ھازىرچە قىيايتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەت بەرگىلى بولمايدۇ، دەپ دوكلات بەردى ھەمدە ئىلىدا جاڭ پېيىۋەن بىلەن بولغان سوھبەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. شىڭ: "ئىلى تەرەپنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى بالدۇرلا بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق تېز بولۇشىنى ئويلىنمىغان ئىدى". ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى توساپ "شىڭشىسەي" دىگەن تامغا بېسىلغان يول خەت بولمىسا ھەر قانداق كىشىنى ئۆتكۈزمىدى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسى بىلەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى يوتكەپ ماناسقا توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوشنا دۆلەت بىلەن ئەسكىرىي ياردەم بېرىش ئۈستىدە مەخپىي سوھبەت ئېلىپ باردى.

## (5) ئىلى 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلىنىشى ۋە جاڭ پېيىۋەننىڭ ئۆلۈمى

"12 - ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇپ جىن شۇرېن قاچقان چاغدا، جاڭ پېيىۋەن ئۆز ئورنى، ئابرويى ۋە سالاھىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكە تەرەپنىڭ تېلېگىرام ئارقىلىق مەسلىھەت قىلىدىغانلىقىنى ئۈمىت قىلغان ئىدى، جەمئىيەتتە ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ جاڭغا شۇنداق قارىغان ئىدى. ئەمما شىڭشىسەي ئىشقا چۈشۈش بىلەنلا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ مەسلىھەت سالمىدى. بۇنىڭغا جاڭ پېيىۋەننىڭ قوسىقى كۆپۈپ، ھاكىمىيەتنى تالىشىش خىيالىدا بولدى. ئەمما

ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت كۈتكەن ئىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جاڭ پېييۇەننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، 8 - دىۋىزىيەنىڭ سىجاڭى دەپ جاكالىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قارا نىيىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوۋېنگەن ئىلىنى تەكشۈرگەن چاغدا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، بوليورۇق كورسەتكەن. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ھەربى ئەسلىھەلەرنى تۇتۇپ قېلىش ئىشلىرى يۈز بەردى. ئەمما بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. شۇ سەۋەپتىن ھەربى يۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ياڭ جىڭجۇڭنى ئالدى بىلەن ماڭدۇرۇپ شىخوغا ئەسكەر توپلىدى، 1933 - يىلى دىخانلار كالىندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلمىدىغانلىقىنى، شىڭ شىسەينى يوقىتىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىپ ئىدارە قىلىشقا كېلىشتى ھەمدە ياڭ جىڭجۇڭنى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىغىغا تەيىنلەپ 2000 كىشى بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ ماڭدۇردى. قوشۇن شىخەنزىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۆلكە ئەسكەرلىرى ئۇچرىشىپ ئىككى تەرەپ يېرىم كۈن، بىر كېچە ئۇرۇش قىلدى. شەرقىي شىمال پىدائىي قوشۇنلىرى ئۆلكە قىسىملىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولۇپ ئىلى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى بۇزۇپ تاشلىغاچقا، ئارقا سەپ ئۈزلۈكسىز بۇزۇلۇپ كەتتى. ياڭ جىڭجۇڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشكە بۇيرۇپ، قالدۇق قىسىملىرىنى توپلاپ موڭغۇلكۈرەگە چېكىندى، ئۆلكە ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاشمىدى. ئىلى قىسىملىرىنىڭ ئالدىن-

قى سېپى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان كۈنى خوشنا دۆلەتنىڭ شىڭ شىسەيگە ھەربى ياردەم بەرگەن ۋاقىتقا توغرا كەلگەن ئىدى. تەخمىنەن 500 - 600 كىشى قورغاس ئارقىلىق زىمىنىمىزگە كىردى. زەمبىرەك، پىلىموت كۈچى بىلەن يولبويى توسالغۇغا ئۇچرىماي توپ - توغرا كۈرەگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇچاغدا ئىلى قىسىملىرى پۈتۈنلەي ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەنلىكتىن ئىلىدا قالغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاز ئىدى. جاڭ پېيۇەن ئىلاج قىلالماي ھوقۇقىنى سودىگەرلەر جەمىيىتى بىلەن باشقا جەمىيەت ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ، سەنمۇجاڭ ئەنشىچاۋنى جەمىيەت ئامانلىقىنى قوغداشقا قالدۇرۇپ ئۆزى ئىشەنچىلىك بىرقانچە ئون ئادەمنى باشلاپ، شەھەردىن بىرقانچە يول نېرىسىدىكى بوربۇسۇن مازار دېگەن جايغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاق قار - كۆك مۇزدا ماڭىدىغان يول تاپالماي قالدى. بۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىكى تاغ ئۈستىدە ئەسكەرلەرنىڭ مېڭىش - تۇرۇش ھەركىتى كۆرۈنگەن ئەھۋالنى جاڭ پېيېيۇەنگە مەلۇم قىلغاندا، جاڭ پېيېيۇەن ئاز ئادەمگە تايىنىپ بىر ئىش قىلىشقا كۆزى يەتمەي مۇھاپىزەتچىلىرىنى سىرتقا چىقىشقا بۇيرۇپ ئۆزى ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ”1 - لۇ، 2 - ياڭ جىڭجۇڭنىڭ سۆزى بىلەن خاتالاشتىم، پۈتۈنلەي ۋەيران بولدۇم، قايسى يۈزۈمنى كۆتىرىپ يۈرەلەيمەن...“ دەپ يېزىپ بولۇپ تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۆزدىنىڭ ھايات يوللىرىنى ئىزلەپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى.

جاڭ پېيېيۇەن ئۆلگەندىن كېيىن خوشنا دۆلەتنىڭ ئاتلىق

ئەسكەرلىرى شەھەرنى توپقا تۇتتى. سودىگەرلەر جەمىيتى ئوت-تۇردىغا چىقىپ، سوزلەشكەن بولسىمۇ ئۇنۇم بەرمىدى. ئاخىرى ئەن شىچاۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ سوزلەشكەندە ئۇنى شەھەر سېپىلى-نىڭ راۋىغىغا باغلاپ توپقا تۇتتى، ئۇنىڭ جەسىدى توپا - تو-مانلار ئىچىدە كوككە سورۇلۇپ تۇگىدى. ياڭ جىڭجۇڭ ئوز قو-شۇنى بىلەن موڭغۇلكۇرەگە قايتىپ كېلىپ خوشنا دولەت ئەس-كەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ كۈچ ئېلىشالماي ئوز قو-شۇنى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىسى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچتى. خوشنا دولەت قوشۇنلىرى ئۇلارنى قوغلىماي، بىرئايدىن ئوشۇق تۇرۇپ ئىلىدىن ماناس ئەتراپىغا كېلىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

## (6) جاڭ پېييۈەن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىڭنىڭ تەدبىرلىرى

(1) ياڭ جىڭجۇڭ شىخەنزىدە مەغلۇپ بولۇپ ئىلىغا قايت-قان چاغدا، شىڭ شىسەي دەرھال چىڭ گەنىنى تەشۋىق - تە-سەللى بېرىش ئەزاسى قىلىپ تەيىنلەپ، موڭغۇل، قازاق ۋە شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىدىن تەركىپ تاپقان 5 كىشىلىك ھەي-ئەتنى ياڭ جىڭجۇڭ قوشۇنلىرىدىكى ھەرمىللەت ئوفىتسېر، جەڭ-چىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى. شىڭ شىسەي چىڭ گەنگە: ”ياڭ جىڭجۇڭنى كورگەندە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشىڭ كېرەك، مەن ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ھەر جەھەتتىن غەمىنى يەۋاتىمەن. قالايمىقان قاتراپ يۈرمەي، ھوكۇمەت بۇيرۇغىنى

كۇتسۇن، ھوكۇمەت ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ تاپ-
شۇردى. ئۇلار بورتالاغا يېتىپ بېرىپ، خوشنا دولەت قوشۇنلىرى
بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن، ياك جىڭجۇك تاغ ئىچىگە كىرىپ كەت-
تى، تەشۋىق - تەرغىب قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، تېزدىن ئورۇم-
چىگە قايتىڭلار، دىگەن سوزنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئورۇمچىگە قايتىپ كەلدى. دۇبەن مەھكىمىسى ليۇبىڭنى ئىلىنىڭ
گارنىزون سىلىڭى قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتتى.

(2) 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ليۇۋېنلۇڭ بىلەن شىڭشىسەي
نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە «سىجاڭ جاڭ پېيۈەنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ئوزگىرىش بولغانلىغى ئۇچۇن 40 - 50 كە يېقىن مۇھاپىزەتچى-
لىرى بىلەن قېچىپ موڭغۇلكۇرەدىن 40 يول يىراقلىقتىكى جايغا
بارغاندا ئوچلەشكەن ئامما تەرىپىدىن ئولتۇرۇلدى، ھازىر ۋاق-
تىنچە ليۇبىڭ گارنىزون سىلىڭلىغىغا تەيىنلەندى» دەپ تېلېگ-
راممىا يوللىدى.

(3) خوشنا دولەت قوشۇنلىرى قورغاس ناھىيىسى ئارقى-
لىق كىرىپ بورتالادىن ئوتكەندە، مەزكۇر ناھىيە شەنجاڭ رۇس
ئەسكەرلىرىنىڭ كىرىش ئەھۋالى ۋە موڭغۇلكۇرەگە بارغان ئەھ-
ۋاللارنى مەلۇم قىلغاندا دۇبەن مەھكىمىسى، مەزكۇر ناھىيىدىن
ئوتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەر رۇس ئەسكەرلىرى ئەمەس، ئالتاي-
دىكى قازاق ئورۇس ئەسكەرلىرى، شەنجاڭ تېگى - تەكتىنى بىل-
مەيلا ھەربى ئەھۋالنى يالغان مەلۇم قىلدى دەپ قاتتىق ئە-
يىپلەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئەسكەرلەر-
نىڭ ئوز دائىرىسىدىن ئوتۇش ياكى تۇرۇش ئەھۋاللىرى توغ-

رىسىدا ھېچكىم، ھېچقانداق ئېغىز ئاچالمىدى.

(4) 8 - دېۋىزىيە شىخەنزىدە مەغلۇپ بولغاندىن كې-
يىن جاڭ پېيىۋەن ئولۇپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى. ياڭ جىڭ-
جۇڭنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى راست، ئەمما جاڭ پېي-
يۈەننىڭ ئۆلگەنلىكى يالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئاما
ئىشەنمىدى، چۈنكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ چېگرىدىن كىرگەنلىك
سەۋىۋىنى ئۇقمايتتى. شىڭشىسەي جاڭ پېيىۋەن ئولۇگەنىنىڭ
باش قىسمىنى سۈرەتكە تارتىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى
تامغا ئاستى. ئامما ئۈچ كۈنگىچە كورۇپ بولغاندىن كېيىن ئې-
لىپ تاشلىدى.

(5) ليۇۋېنلۇڭ جۇشى، شىڭشىسەينىڭ خوشنا دۆلەتتىن
ياردەم ئالغان ئىشلىرىغا نارازى بولغان ئىدى. شۇڭا شىڭ شى-
سەي ليۇۋېنلۇڭنىڭ ئۆز نامىدا نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت مە-
مۇرى پالاتاسىغا تېلېگرام يوللاپ 3 ئايلىق رۇخسەت بېرىشىنى
ۋە جۇشلىق ۋەزىپىنى مالىيە نازىرى جۇرۇيچىڭ قوشۇمچە باش-
قۇرۇپ تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلدى. شۇ ئۇسۇل بىلەن ليۇۋېنلۇڭنى
نەزەربەنت قىلىپ قويدى.

## (7) ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشى، مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىشى

جاڭ پېيىۋەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ ئۇرۇمچىگە
ھۇجۇم قىلىشقا ۋەدىلەشكەندىن كېيىن، جاڭ پېيىۋەننىڭ ئالدىنقى

سەپ قوماندانى ياك جىنجوڭنىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكى، جاك چېيپۇەننىڭ ئۆزىنى ئولتۇرۇۋالغانلىغى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن ماجۇڭيىڭ بىخەۋەر ئىدى. ماجۇڭيىڭ تەخمىنەن 3000 دىن ئوشۇق ئادەم بىلەن ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار يولبويى قارشىلىققا ئۇچرىماستىن چىغ دەندە (جىجىسوزا) تۇرغان ئولكە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئولكە ئەسكەرلىرى چېكىندى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇرۇمچى شەھرىنى دىخانلار كالىنىدارى بويىچە 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ چاغدا ئىلى تەرەپ بىلەن سوقۇش قىلىش ئۈچۈن شىخەنزىدىگە ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر يېتىپ كەلمىگەن بولۇپ ئۇرۇمچىدە ئەسكەر ئاز ئىدى. شىڭشىسەي ئالدىراپ شەھەر مۇداپىەسىنى ئورۇنلاشتۇردى. شەرقىي شىمال ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شىمەگودىكى قورال - ياراق زاۋۇدى ۋە گۈمىدىدىكى مۇھىم جايلارنى ساقلاشقا، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى شەھەرنى ساقلاشقا، دۇبەن مەھكىمىسى مۇھاپىزەت ئۇيىنى نەنلياڭ ۋە نەنگۇەننى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىسى سەھەردە ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى دۇڭمىنغا (شەرقىي دەرۋازىغا) ھۇجۇم قىلىپ سېپىل ئىچىگە بوسۇپ كىردى، شىڭ دەرھال ياردەمچى قىسىملارنى ئاجرىتىپ توساپ زەربە بەردى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ چېكىندى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يەنە نەنلياڭغا قىلغان ھۇجۇمىدىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىلى ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتەتتى. يېرىم ئايدىن كېيىن (12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) ماجۇڭ-

يىلك ئەسكەرلىرى بىردىنلا غەربىي يولغا يۆتكىلىپ ماناسنىڭ تۇدۇڭخې دەرياسى ئەتراپىدا ئاتالمىش ئالتايىسكىلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار گەرچە كوپ بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بوش كەلمىدى، ئالتايىسكىلەر 2 قې-تىم موتسىكلىت بىلەن يادەمچى ئەسكەر كەلتۈردى، ئادەم سانى ئېنىق بولمىسىمۇ تەخمىنەن 1000 دىن ئوشۇق بولۇپ ھەر بىر موتسىكلىتتە 2 دىن ئادەم، ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا بىر مىلتىق، بىر ناگان ۋە بىردىن قىلىچ بار ئىدى، دىخانلار كاللىن-دارى بويىچە 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 27 - ۋە 28 - كۈنلىرى تۇدۇڭخېدا ھەر ئىككى تەرەپ شىددەتلىك ئارىلاشما جەڭ قىلدى، ئالدىنقى سەپ قوماندانى ماخۇسەن يارىدار بولغانلىغى سەۋەپ-تىن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىندى، 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىنى قورشاپ ھۇ-جۇم قىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەنۇپقا قاراپ چېكىن-دى، ئالتايىسكىلەر ئىز بېسىپ قوغلىدى، داۋانچىڭغا بارغاندا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇشۇپ يېرىم كۈن تاقابىل تۇرغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولدى، توخسۇندا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلدى، قاراشەھەردە 2 سائەتچە ئۇرۇش قىلغان ماجۇڭيىڭ قى-سىملىرى دەريادىن ئوتۇپ ئاستا - ئاستا جەنۇپقا چېكىندى. ئالتايىسكىلەر دەريادىن ئۆتمىدى ۋە قوغلاشنى توختىتىپ ئۇرۇم-چى تەرەپكە قايتتى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى كورلا، بۈگۈر ناھى-يىلىرى ئارقىلىق كۇچارغا باردى. ئىلى 8 - دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەق-قەت سىجاڭى ياڭ جىڭجۇڭ ئۇلاردىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ

شايار، كۆچار قاتارلىق ناھىيىلەرگە كىلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ماجۇڭيىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ياڭ جىڭجۇڭ ئۆزىنىڭ فۇگۇەن-جاڭى شۈي ۋېنفاڭ، ھەربى باشقارما باشلىغى خەنسۇڭ ۋە لۇ-ئۇن، (لۇئۇن ئولكىلىك ھوكۇمەت باش كاتىۋى بولۇپ ايۇ بى-لەن شىڭ ئۇنى سوھبەت ئوتكۇزۇش ئۇچۇن ئىلىغا ئەۋەتكەندە، ياڭ ئۇنى تۇتۇپ قىلىپ ئورۇمچىگە قايتۇرمىغان) 3 كىشىنى ما-جۇڭيىڭ بىلەن كورۇشۇشكە، ياڭ جىڭجۇڭغا ۋاكالىتەن ئىپادە بىلدۇرۇشكە ئەۋەتتى، ياڭ ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش، قو-شۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئوزىنىڭ پۇتۇنلەي ماجۇڭ-يىڭنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنىدىغانلىغىنى ئېيتتى، ئەمما بۇ ئۇچ كىشى سوھبەت داۋامىدا ئەمەلىي كۇچنى ساقلاپ قىلىش ئوزلى-رىنىڭ مەۋقەلىرىنى مۇستەھكەملەشنى كوزدە تۇتۇپ "ھەممىدە بۇيرۇققا بويسۇنۇش" دىگەن سوزنى ئوچۇق ئېيتمىغانلىقتىن، ماجۇڭيىڭ ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ، بىز، خەنزۇ، خۇيزۇلارنىڭ ئىتتىپاق بولالماسلىغىمىزغا مۇشۇنداق كىشىلەر سەۋەپ بولىدۇ دەپ بۇ ئۇچ كىشىنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى. ماجۇڭيىڭ كۇچاردا 3 كۇن ئارام ئالغاندىن كېيىن ياڭ جىڭجۇڭنى ئوز قو-شۇنلىرى بىلەن ئالدىدا مېڭىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئۇلار بىرلىك-تە قەشقەرگە بېرىپ 36 - دىۋىزىيە بىلەن 8 - دىۋىزى-يىنى مارالۋېشى ناھىيىسىگە توپلاپ، قايتا تۇزۇپ رەتكە سالدى. 8 - دىۋىزىيىنىڭ توفتىسىر، جەڭچىلىرىنى 39 - دىۋىزىيىگە قوشۇۋەتتى. جەمى پىيادە ۋە ئاتلىق 9 لۇي (بىرگادا) قىلىپ تۇزۇپ چىقتى. ياڭ جىڭجۇڭ 36 - دىۋىزىيى-

نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (سېجاڭى) بولۇپ تەيىنلەندى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە كىرىپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلەشكەندە سوۋېت كونسۇلى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنى كېلىشتۈردى. ئۇلكە تەرەپ ماجۇڭيىڭنىڭ خوتەن، كېرىيە، قارىقاش ۋە قاغىلىق قاتارلىق 7 - 8 ناھىيىدە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ سىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە ۋاقىتلىق ماخۇسەننى مەسئۇل قىلىپ، خوتەنگە يولغا سالدى. ئۆزى چەتكە چىقىشنى سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىپ رەسمىيەتلەرنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن يېقىن كىشىلىرىدىن بىر مۇنچىلىرىنى ئېلىپ، ئەركەشتام ئارقىلىق موسكۋاغا كەتتى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، مەن جاڭ پېيۈەن بىلەن بىر مەھكىمىدە بىللە ئىشلىگەن ئىدىم. ئادەتتە دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى. "12 - ئاپرېل" ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جاڭ شۇي ۋېنفاڭنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەندە، بەزى ئىشلار توغرىسىدا مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى تاپشۇرغان ئىدى. شۇنىڭدەك شۇي بىلەن مەن بىر يۇرتلۇق بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە بولدۇق. شۇ سەۋەپتىن ئىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ۋە شۇي ۋېنفاڭنىڭ ئورۇمچىدىكى پائالىيەتلىرىنى بىر قەدەر تەپسىلى بىلىمەن. جاڭ بىلەن مابىرلىشىپ ئورۇمچىگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا، مەن بىر ئىش بىلەن ساۋەنگە كەتكەن ئىدىم. ئورۇمچى مۇھاسىرىسى تۈگىگەندىن كېيىنلا ئورۇمچىگە كەلدىم. شۇ سەۋەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئورۇمچىنى مۇھاسىرە قىلىش ئەھۋاللىرىدىن ئانچە خەۋەردار ئەمەسمەن.

# شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ سوھبىتى توغرىسىدا

ۋۇئەيچېن

مەن 1932 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت جۇشىسى جىن شۇرېننىڭ تەكلىۋى بويىچە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدىم. شىڭ شىسەي زىلڭشاۋلۇغا ئەگىشىپ، مەندىن بىر يىل بۇرۇن كەلگەن ئىدى. جىن شۇرېن ئۇنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەنلىكتىن، جىن شۇرېن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شىڭ شىسەينىڭ ياپونىيە ھەربىي مەكتىۋىدە ئوقۇپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 2 مىڭدىن ئارتۇق ئاق ئورۇس ۋە ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە باش قوماندان قىلىپ قۇمۇلغا ئەۋەتتى.

مەن كېيىنكى يىلى قىشتا تيەنجىندىن يولغا چىقىپ ياپونىيە ئارقىلىق ئۆلكىلىك ھوكۇمەت مۇشاۋىرى گۇاڭلۇ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىللىرىدىن گۇڭ بىچىڭ، بەي يۇشيۇلار بىلەن بىرلىكتە سىبىرىيە ۋە تۈركسىيە تومۇر يولى ئارقىلىق 36 كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم.

ماجۇڭيىڭ 1931 - يىلى قۇمۇلغا بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئەنشى، دۇڭخۇاڭ، بۇيىمىن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ كەتتى. ئەمما قۇمۇلدىكى خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. مەن يېتىپ كېلىپ بىر قانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا پىچان، تۇرپان ناھىيىلىرى بۇزۇلدى. شىڭشىسەي ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ پىچانغا كەتتى. ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ئۇنىڭغا يەنە بىر پولك موڭغۇل ئاتلىق ئەسكىرى قوشۇپ بەرگەن ئىدى.

1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ماشىمىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى چوڭ كوۋرۈككە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالدى. ئەتىسى ئۇرۇش خۇڭسەنزۇيگە كۆچتى، ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن دەرىزە ئەينەكلىرى تىترەپ تۇراتتى. مەن شۇ ۋاقىتتا «شىنجاڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» نى كۆچۈرۈۋاتاتتىم، ئىككى كۈندە ئون مىڭدىن كۆپرەك خەت يېزىپ بولدۇم. شۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بولغان ئۇرۇشتا، قېرى - ياش، ئوغۇل - قىزلاردىن بولۇپ 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ئىدى. دېمەك مەن ھەر 4 خەت يېزىپ بولۇش ئارىلىقىدا تاشقىرىدا بىر ئادەم ئۆلۈپ تۇرغان ئىدى!

شىڭشىسەي ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، ئىۋداۋان ئەتراپىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، شەھەرگە كىرمەستىن قوزغىلاڭچىلارنى چەتتە ئايلاندۇرۇپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەتەردىن ساقلىنىپ قالدى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەنە ئۇرۇش قوزغىلىپ چىداۋەندە جەڭ بولدى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈ-

نى شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىدىن 500 كىشىلىك قوشۇن بىرىگادا باشلىقى جىڭدۇچىڭ لۇيجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. 28 - كۈنى ئەتىگەنلىكتە دۈشمەن يوموسەن تاغلىرىدا پەيدا بولۇپ شەھەرگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئىچىگە 3 پاي زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ پارتلىدى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىڭشىسەي سەندوبادىن ئەسكەر تارتىپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. 8 - كۈنى شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلدى. ئۈرۈمچى دەرۋازىسى شۇ چاغدا جەمى 46 كۈن تاقالغان ئىدى. شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىگىمۇ قورال تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇلار شىخو، گۇمۇدى، سەندوبا قاتارلىق جايلاردا تۇردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. ”12 - ئاپرېل“ ئۆزگىرىشى دەپ ئاتالغان سىياسىي ئۆزگىرىش ئەنە شۇ ئىدى. تولۇق قوراللانغان بىر قىسىم ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىرگەندە جىن شۇرېن تامدىن ھالقىپ قاچتى. شۇ ئاخشىمى بىرىگادا ئىشتاۋىدا يىغىن ئېچىپ، مائارىپ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭنى مۇۋەققەت رەئىسلىككە، جىڭ رۇچىڭ لۇيجاڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ھەيئەت باشلىقى قىلىپ بەلگىلەپ چىقتى. بۇ چاغدا شىڭشىسەي قىسىملىرى ئۈرۈمچى چوڭ كوۋرۈككە يېتىپ كەلگەن ئىدى. بەي يۇشيۇ كېچىچە خەت يېزىپ ئەھۋالنىڭ ئوتەۋشىنى شىڭشىسەيگە مەلۇم قىلدى. شىڭ

شىسەي شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-لىك بولۇشىغا ياردەم كۆرسەتتى. جىن شۇرېن شەھەردە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلالماقچى بولدى. بىـــراق ۋاقىت-نىڭ كېچىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا قېچىپ چىقىپ چۆچەك ئارقىلىق نەنجىڭگە كەتتى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق يىغىن چاقىرىپ، شىڭ شى-سەيىنى خۇيزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل مىللەتلەردىن تەكشى ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ، ۋاقىتلىق دۇبەنلىككە سايلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ھەربىي ھوقۇققا تولۇق ئىگە بولدى. ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ۋە شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ئارمىيىلەر بۇنى ھىمايە قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى كۆپەيتىپ 15 كىشىگە يەتكۈزدى. ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشتىن بوشاتتى.

”12 - ئاپرېل“ سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ كېيىنكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا پائال كىرىشتى، ھەر-قايسى ناھىيىلەرگە تەشۋىق - تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى، پۇل ئاجرىتىپ ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى. شىمالىي شىنجاڭ تەرەپنىڭ ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. خوجا نىياز ھاجى جىن شۇرېن-غا قارشى چىققاندا، ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىپ، مەخپىي يوسۇندا بولۋاسىنى ئەۋەتىپ، شۆيجۇدا تۇرۇشلۇق 36 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى ماجۇڭيىڭنى ياردەم ئۈچۈن شىن-جاڭغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ ئالدىنقى قېتىم

كېلىپ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ جىددى تەييارلىق كورۈپ، ئوز دىۋىزىيىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا 2 - قېتىم كەلدى. يول يىراق،قاتناش-ترانسپورت مۇشكۇل بولغانلىقى ئۇستىگە شىنجاڭنىڭ مەركىزىدە سىياسى ئوزگىرىش بولۇپ، جىن شۇرېن قوغلانغان ئەھۋاللاردىن ماجۇڭيىڭ خەۋەرسىز ئىدى. شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىدىن بىرنەچچە مىڭ كىشى سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلدى. بۇ ئىشلاردىنمۇ بىخەۋەر ئىدى. ئولكە تەرەپمۇ شۇيىجۇ تەرەپتىن ماجۇڭيىڭ بىر دىۋىزىيە ئەسكەر باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن، قىسقىسى گۇچۇڭنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۇنى ئولكىلىك ھوكۇمەت گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق لى خەيرۇ سىلىڭدىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجېنىڭ بىر نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا كەلگەنلىگىنى جىن شۇرېنغا قارشى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئېلان چىقارغانلىقىنى دوكلات قىلىپ يوللىغان تېلېگراممىا ئالدى. بۇ تېلېگراممىنىڭ ئۇچۇرى كەلگىچىلىك ماجۇڭجې مورىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. شىڭ شىسەي ئوز كۇچىنى توپلاپ يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقاندا ماجۇڭيىڭ، ماجۇڭجېلار 4 مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقى، مورىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. شىڭ شىسەيمۇ 4 مىڭ ئەسكەر باشلاپ (ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى مىڭدىن ئارتۇق ئىدى) 5 - ئاينىڭ 26-كۇنى يولغا چىقىپ سەنتەيگە ئورۇنلاشتى. ئۇرۇشنىڭ مۇداپىيە

ئىشلىرىنى جىڭرۇئچىڭغا تاپشۇردى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىسى شىڭشىسەي ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. ئەسكەرلەرمۇ پۈتۈنلەي قايتىپ كەلدى، گۈچۈڭ قولدىن كەتتى. 2 - كۈنى شىڭشىسەي بىزنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە چاقىرتتى. نىمە ئىش-تۇ دەپ ئالدىراپ باردۇق، ئۇ يەردە تاۋمىڭيۈي، (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىۋى) لۇلۇن، گۇاڭلۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بولدۇق. شىڭشىسەي بىزگە ماجۇڭيىڭدىن كەلگەن تېلېگراممىنى ئوقۇپ بەردى. شۇ كۈنى مەسلىھەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماجۇڭيىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ مەسلىنى قورال-لىق توقۇنۇش بىلەن ئەمەس تېچلىق يولى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى. مەن شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن بولغاچقا ئەھۋال بىلەن ئانچە تونۇشمىغانلىقىم ئۈچۈن باشقىچە خىياللاردا بىلمىدىم. لۇلۇن قاتارلىقلار ۋەكىل بولۇشتىن قورقتى. چۈنكى ئۇلار بۇرۇن گەنسۇدا ماجۇڭيىڭ تەرەپ مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان توقۇنۇش بۈگۈن شىنجاڭدا يەنە پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەر مىللەت ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى لۇلۇن (خەنزۇ)، جياۋگولياڭ (خۇيزۇ)، خۇسەيىن باي (تاتار)، مەنسۇرجان باي (ئۆزبېك)، توكباۋ (شىۋە) لەرنى ۋەكىل سايلاپ گۈچۈڭغا ماجۇڭيىڭ بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى لۇلۇن گۈچۈڭغا بارغىلى ئۇنىماي چۈش قايىرلىغىچە يولغا چىقمىدى. لىۋۋىنلۇڭ بىلەن شىڭشىسەي مېنى بېرىشقا دەۋەت قىلدى. ئامالسىزلىقتا جياۋ، خۇسەيىن باي،

مەنسۇرجان باي، توگباۋ قاتارلىقلار بىلەن ۋەكىل بولۇپ ماڭ-
ماقچى بولدۇم.
مېڭىش ۋاقتىدا ليۇۋېنلۇڭ شىڭشىسەي ئىككىسى بىزگە
مەدەت بېرىپ ۋەكىللەر قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇلكە تەرەپ
ھەربى ھەركەت قوزغىمايدۇ. بۇ توغرىدا سىلەر ئەندىشە قىلماڭلار
دېدى. ئۇلار يەنە ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئوتۇپ كەت-
سە، ھوكۇمەت تەرەپ بىلەن توقۇنۇشمايدۇ، بۇنى سوھبەتنىڭ
شەرتى قىلىش لازىملىغىنى جېكىدى. بىز ئام-مۇۋى تەشكىلاتلار
بىلەن شەرقىي شىمال ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭ خەتلىرىنى ئېلىپ
ۋە خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى نىياز
بىلەن بىرلىكتە جەمى 6 كىشى 6 - ئاينىڭ 3 - كۇنى چۇشتىن
كېيىن سائەت ئىككىدە ماشىنىدا يولغاچىقتۇق. ماشىنىغا ھەرقاي-
سى ئۇيۇشملارنىڭ باي-راقلىرىنى قاداپ ماڭدۇق. ماجۇڭيىڭ
ئۇرۇمچى ۋەكىللىرىنى جىمسارادا كۇتۇۋالىمىز دەپ تېلېگىراممىا
ئەۋەتكەن ئىدى، بىز 240 يول مېڭىپ سائەت 7 لەردە زىمىچۇەن-
زىگە يېتىپ كەلدۇق. خوجانىياز ھاجى گۇچۇڭدىن ئۇرۇمچىگە ئە-
ۋەتكەن ۋەكىللەرمۇ شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن، ئۇلار بىلەن
ئۇچرىشىپ قالدۇق. كوزۇم ئۇيقىغا كەتكەن ئىكەن، خۇسەيىن باي
مېنى ئويغىتىپ خەنزۇچە: «ئەپەندىم بىز بارمايلى» دېدى. مەن
بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ ماڭا: «ئاڭلىسام گۇچۇڭدا قاتتىق
قىرغىن-چىلىق بوپتۇ، تەسلىم بولغان ئاق ئوروس ۋە موڭغۇل
ئەسكەرلىرىنىمۇ قىرىپ تاشلاپتۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز
بارساق خەتەر چىقمامدۇ!» دەپ قايتىپ كېتىشنى تەشەببۇس

قىلدى. جياڭ گولياڭ ئالدىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېرىم يولدىن قايتىپ بېرىپ قانداق جاۋاپ قىلىمىز دىدى. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ سۆزىنى قايرىپ، جەمساردا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئاندىن مەسلىھەت قىلايلى دىدىم. كوپچىلىك بۇ پىكىرگە قوشۇلدى.

4 - كۈنى كەچ سائەت 8 دە يولغا چىقىپ 90 يول مېڭىپ سەنتەيگە كەلدۇق. خوجا نىياز ھاجى بۇ چاغدا مەھمۇت سىجاڭنى بىرنەچچە ئاخۇنلار بىلەن تاغدىن ئەۋەتىپ بىز بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇلار يېڭى قۇرۇلغان ئۇلكىلىك ھوكۇمەت بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. بىز ئۇلار بىلەن كورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ئالدىغا ماڭدۇق، ئۇلارمۇ تاققا قايتىپ كەتتى. بىز يەنە 70 يول مېڭىپ جەمسارغا يېتىپ كەلدۇق. سېپىلنىڭ تېشىدا خەندەك كولاۋاتقانلار ماشىنىمىزنى كورۇپلا مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ توستى. كېلىش سەۋەبىمىزنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ما تۇەنجاڭ بىلەن لىۇ شەنجاڭ دىگەنلەر چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى. ئۇلاردىن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇ يەرگە ۋەكىل ئەۋەتمىگەنلىكىنى تېلېفۇندا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى گۇچۇڭغا يولغا سېلىپ قويۇڭلار دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ داۋاملىق ئالغا ماڭدۇق.

سائەت 7 يېرىمدە گۇچۇڭغا يېتىپ باردۇق، شەھەر دەرۋازىسىدا بىر تۇەنجاڭ ماشىنىمىزغا چىقتى - دە، سىلىڭبۇ ئىشتاۋىغا باشلاپ بېرىپ بىزنى تەكشۇردى. بىز ئىككى قولنى ئىگىز كوتىرىپ تۇردۇق. تەكشۇرۇش تۇگىگەندىن كېيىن ئاندىن ما

سىجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ما سىجاڭ ئالدى بىلەن مېنى سورىدى. مەن ئۆزەمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ما سىجاڭ ئوچۇق پوزىتسىيىدە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: مەن بولسام ئىنقىلاۋىي ياش، غەربىي شىمالدا داڭقىم چىققان 23 ياشلىق ماجۇڭيىڭ دىگەن مەن بولىمەن. مېنى گەنسۇلۇقلار گاسىلىڭ دەپ ئاتايدۇ دىدى. بىز كېلىشىمىزدىكى سەۋەپنى ۋە ئالغاچ كەلگەن خەت - ئالاقىلارنى تاپشۇردۇق. ئۇ كىشى خەتنى ئېلىپ ئوقىدى. ئاندىن ئازراق سوز قىلىپلا، بىزنى مېھمان كۈتۈشكە بېرىپ ئارام ئېلىشقا تاپشۇرۇپ، قالغان سوزلەرنى ئەتىلىككە سوزلىشەيلى دەپ چىقىپ كەتتى. بىزنى ياڭبۇچىڭ، يىجيەنۋېي ۋە ماپەملىلىك ئۈچ كىشىگە تاپشۇرۇپ قويدى. پاراڭلىشىش جەريانىدا ماجۇڭيىڭ ئوزىنىڭ نەنجىڭدە شاۋجياڭ دەرىجىلىك ھەربى مۇشاۋىر بولغانلىغىنى، سەندۇڭ، خېنەن ئىككى ئولكىدە ھەربى قوماندان بولغانلىغىنى سوزلەپ بەردى. بۇ قېتىم گوچۇڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، نۇرغۇنلىغان مىلتىق - ياراق غەنىمەت ئېلىپ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنلىگىنى سوزلەپ، ئولكە تەرەپ ھەربى قوماندانى لىخەيرۇ ئەسىر ئېلىندى، قوماندانلى رۇگخۇا ئۇرۇشتا ئولتۇرۇلدى. ئولكە تەرەپ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇلدى ۋە بىر نەچچە سائەتلىك ئۇرۇشتا ئولگەنلەر مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە ئوز ئىنىسى ماجۇڭجې قەھرىمانلىق قىلىپ سېپىلغا ئېسىلىپ چىقىۋاتقاندا ئوق تېگىپ ئولدى دەپ سوزلەپ بەردى.

5 - كۆنى ياڭجۇرېن 2 قېتىم كېلىپ ئۇزۇن سوزلەشتى.

قومۇللۇق يولۋاس لۇيجاڭ بىلەن ما لۇيجاڭ دېگەنلەرمۇ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. يولۋاس شۈيجۇغا بېرىپ ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ چىققان ئىدى. ئۇلار بىزنى مەشىق مەيدانىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ مەيداندا بار ئىكەن. بىز بېرىشىمىز بىلەنلا ئەسكەرلەرنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. بىردەمدىلا مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر توپلاپ، ئىنتايىن رەتلىك، تەرتىپلىك تىزىپ كۆرەكتىن ئۆتكۈزدى، ماھارەت كۆرسەتتى، قىلىچۋازلىقتا ئىنتايىن ماھىر ئىدى. ئەسكەرلەر خىل، 20 ياش ئەتراپىدىكى ياشلار ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەر ئون كىشىنىڭ ئىچىدە 6 - 7 سى خەنزۇلار بولۇپ يىڭجاڭ (باتالىيون كوماندىرى) دىن يۇقۇرى ئەمەلدارلار خۇيزۇلاردىن ئىدى. بۇ قېتىم گۇچۇڭغا ئۈچ مىڭدەك ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ ھۇجۇم قىلدى. گەرچە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم تارتقان بولسىمۇ، ئەمما 7 - 8 مىڭ تال قورال ئولجا ئېلىپ، ھەر ۋاقىتتا ئەسكەر تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى.

كەچ سائەت 8 لەردە ماجۇڭيىڭ بىز بىلەن سۆزلەشكىلى كىردى، ئۇ ناھايىتى روھلۇق ئىدى، ئۇ ماڭا پات - پات قاراپ قوياتتى. مەنمۇ قاتتىق ئولتۇرۇپ ئۇ كىشىگە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىش پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار كۆپ بولۇپ، ماجۇڭيىڭنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. سۆھبەتلىشىش داۋامىدا ئۇ كىشى

ئويلىنىپ كورىدىغانلىقىمنى ئېيتتى: سوھبەت 3 - 4 سائەتكە سو-
زۇلدى، ھېرىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇيقۇم كېلىپ، تولاراق ھەپ-
شىپ كەتتىم. بۇ ئىنقىلاۋىي ياش ماجۇكىيىڭ ناھايىتى جۇشقۇنلۇق
بولۇپ، ئەلپازىدىن ھارغىنلىق كورۇنمەيتتى.

ۋەكىللىرىمىزدىن خۇسەيىن باي شىنجاڭ بويىچە بىرىن-
چى دەرىجىلىك باي سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ شىركىتى ۋە شو-
بە شىركەتلىرى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ
ماجۇكىيىڭ بىزگە ھەربىي كورەك قىلىپ بەرگەنلىكىگە جاۋابەن
قوي، چاي، چاقماق قاتارلىق بۇيۇملارنى تەييارلاپ ئول-
كە خەلق بىرلەشمىلىرى نامىدىن سوغا قىلغان بولدۇق.

6 - كۈنى ماجۇكىيىڭ بىزگە زىياپەت بەردى. زىياپەت-
كە ئۇنىڭ پۈتۈن ھەربىي باشلىقلىرى قاتناشقان ئىدى، ئۇنىڭ
باش كاتىۋى جاڭ ياشاۋ بېيجىڭ داشۆيىسىدە ئوقۇش پۈتتۈر-
گەن، موسكۋاغا بارغان كىشى ئىدى، ماجۇكىيىڭ ياڭ بۇچىڭنى ئۈ-
رۈمچىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دە بىز ياڭ بۇچىڭ بىلەن بىرلىك-
تە گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جىمساردا يەنە
بىزنى ماتۇەنجاڭ، ليۇشەنجاڭلار قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ ئېي-
تىشىچە ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئايروپىلان كېلىپ 2 دانە بومبا
تاشلاپتۇ، بىرسى شەھەر ئىچىگە يەنە بىرسى شەھەرنىڭ سىرتىغا
چۈشۈپ پارتلىغان بولسىمۇ بەختكە يارىشا ئادەم چىقىم بولماپ-
تۇ، چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەردە زىمچۈەنزىغا كېلىپ خو-
جانىياز ھاجىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى قوكاڭ تەرەپكە

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار ئەسلى تۇرغان يېرىدە ئوت-
چۆپ بولمىغاچقا فوكاڭغا كېتىۋاتقان ئىكەن. بىز فوكاڭغا يېتىپ
كېلىپ، باپىڭگوت قوماندانلىقىدىكى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى-
نى كۆردۇق. خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ تەرەپكە كې-
لىۋاتقانلىقىنى ئايروپىلاندىكىلەر خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، بۇي-
رۇق بويىچە باپىڭگوت فوكاڭنى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن ئى-
كەن. ئۈرۈمچىدە رەئىس ليۇۋېنلۇڭ بىزنىڭ بۇ كەمگىچە قاي-
تىپ كەلمىگەنلىكىمىزدىن ئەنسىرەپ ئالدىمىزغا ماخۇڭشيالڭ قا-
تارلىقلارنى ئەۋەتىپتۇ، بىز ئۇلار بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ
بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن ئاخشىمى ليۇ، شېڭ ئىككىسىگە
ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ
جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈش پىكرىنى قوبۇل قىلدىغانلىقىنى دوك-
لات قىلدۇق.

8 - كۈنى ئەتىگەن تەرەپتە، مەن بىلەن ياڭ بوچىڭ
ئىككىمىز رەئىس ليۇۋېنلۇڭ ۋە شېڭشىسەي بىلەن كۆرۈشتۇق.
كەچتۇرۇنلۇغى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىزگە كەچلىك
زىياپەت بەردى. 9 - كۈنى ئامىۋى تەشكىلات ئۇيۇشمىلىرى
زىياپەت بەردى. بۇ زىياپەتتە مەن بىلەن ياڭ ئىككىمىز سۆزلىدۇق،
ليۇۋېنلۇڭمۇ سۆز قىلدى. شۇ ئاخشىمى ليۇۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ
شىسەي ئىككىسى ماجۇڭيىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتسە ئۇنىڭغا
قانداق نام بېرىش توغرىسىدا ئۆزئارا مەسلىھەتلەشتى. لېكىن
شېڭشىسەينىڭ ئەندىشىسى، گۇمانى كۆپلۈكىنى سېزىپ قالدىم. شۇ-
ڭا نام بېرىش، ئورۇن بېرىش مەسىلىلىرىدە بىر توختامغا كې-

لىشەلمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەن لېۋۇپېنلۇڭنىڭ ئۇستىلىدىن بىر ۋاراق ئىش قەغىزىنى ئېلىپ: (1) ماجۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭنى تېچلاندۇرۇش سىلىكى قىلىش، نەنجىڭ ھوكۇمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئېلان قىلىش، (2) ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىۋاشتىن يوقلىما قىلىپ رەسمىي يوسۇندا ئۆلكە قوشۇنى قىلىش، (3) ئۆلكىلىك ھوكۇمەت مەسئۇل بولۇپ ئايمۇ - ئاي مائاش بېرىش، (4) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەنجاڭلارنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەت تەيىنلەشتىن ئىبارەت 4 ماددىلىق پىكىر يازدىم. بۇنى لېۋۇپېنلۇڭ كورۇپ "بولىدۇ، مۇۋاپىق" دېدى. شىڭشىسەيمۇ لايىق تاپتى.

مەن بۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەش - پەش دېگىچە بىر سىياسى ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. ئۆلكىلىك ھوكۇمەت باش كاتىۋى تاۋمىڭيۇي، دۇبەن مەھكىمىسىدىكى باتالىيون مۇشاۋىرى چىڭجۇڭ، ئاۋىاتسىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىشاۋتيەنلەر ئۆلكىلىك ھوكۇمەتتە جىددى يىغىن چاقىرىۋاتقان پەيتتە، شىڭشىسەي بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنى قولغا ئېلىپ، سوراق قىلمايلا ئېتىپ تاشلىدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياڭ بۇچىڭ تېچلىق شەرتلىرىنى ئېلىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ گۇچۇڭغا ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا مەركەز ۋەكىلى خۇاڭمۇسۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالدى. ئۇنى ئايرودۇرومدا قارشى ئالىمىز دەپ ياڭ بۇچىڭ بىر كۈن كېچىكىپ ماڭدى. شىڭشىسەي ھەربى ئىشلار ئالدىراش بولغانلىقتىن خۇاڭمۇسۇڭ بىلەن ئانچە - مۇنچە كورۇشۇپ قو-

يۇپلا قايتىپ كەتتى. ئۇلكە تەرەپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ سەنتەيگە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇڭا شىڭشەي بىلەن جىك رۇچىڭ ئىككىسى فۇكاڭغا كەتتى، مەن خۇاڭ مۇسۇڭغا بۇ قېتىم گۇچۇڭغا ۋەكىل بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن تېچلىق توغرىسىدا بولۇنغان سوھبەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدىم. ياڭ بۇچىڭمۇ ماجۇڭيىڭغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

ئۇلكە تەرەپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ زىمچۇەنزە تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن، زىمچۇەنزە بىلەن فۇكاڭنىڭ ئارىلىقى پەقەتلا بىر مەنزىل يول بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا چوقۇم توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ماجۇڭيىڭ تەرەپ ئىككى گۇرۇھ بولۇپ قالغان ئىدى. ئاخۇنلار تەرەپ تېچلىقنى تەشەببۇس قىلسا، ھەربى ئوفىتسېرلار ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، مەن گۇچۇڭغا بارغان ۋاقتىمدا تېچلىق كەيپىياتى ئۇستۇن ئىدى. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇۋالغانلىقتىن ھەربى قوشۇنلار داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن ئىكەن. ئۇلكە تەرەپمۇ ئىككى خىل كوزقاراشتا ئىدى. ليۇۋېنلۇڭ بىلەن مەن تېچلىقنى تەشەببۇس قىلاتتۇق، گەنسۇلۇق ھەربى ئەمەلدارلار بىلەن ئاق ئورۇس باشلىقلىرى ماجۇڭيىڭ بىلەن كېلىشىم قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئىمكان قەدەر ئۇرۇشۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماجۇڭيىڭ گەنسۇ ئۇلكىسىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئىككى يىل ئۇرۇش

قىلىپ، گەنجۇ، لياڭجۇلارنى ئىشغال قىلغان. شەرقىي جەنۇپتا خېنەنجۇغىچە، شەرقىي شىمالدا نىڭشياغىچە، غەرپتە شىنىڭغىچە غەربىي شىمالدا شۇيجۇغىچە داڭ چىقارغان، كېيىن نىڭشيادا گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا، نەنجىڭگە بېرىپ سەندۇڭ، خېنەنلەردە ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقان، كېيىن ئۆز مەيلىچە گەنسۇغا قايتىپ كېلىپ، يەنە ئەسكەر توپلاپ، پىلىكيۇيشياڭنىڭ ئارقا يولىغا زەربە بەر- گەن. مىنگونىڭ 19 - يىلى يۈزلىگەن ئادەملىرىنى باشلاپ شىنى- جاڭغا چىقىپ قۇمۇلنى بىرنەچچە ئاي مۇھاسىرە قىلغان، ئۇرۇش- تا پۇتىغا ئوق تېگىپ شۇيجۇغا قايتىپ كەتكەن ۋە ئەسكەرتەر- بىيىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇۋاپىق ۋاقىت كۈتكەن ئىدى. بۇقېتىم گۇچۇڭغا كەلگەندە ئۇ ئىنتايىن كورەڭلىگەن هال- دا ئاغزىدا تېچلىق دەپ ئەمىلىيەتتە دەم ئېلىۋېلىش ۋە ئەس- كەر تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلاتتى.

ياڭ بۇچىڭ ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن يولغا چىقالىدى. ئۇنىڭ بىلەن لۇلۇن بىرگە باردى، بۇلار گۇچۇڭغا بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇچراشماقچى، ئەمما ياڭ بۇچىڭ ئۇرۇمە- چىدىن گۇچۇڭغا يولغا چىققاندا ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى زىمىچۇەنزىدە ئۇرۇش باشلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىنقى سەپكە بارغاندا، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بول- مىغانلىقتىن، كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ شىڭشىسەينىڭ قول ئاستى- دا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

ماجۇڭيىڭ 2 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، 3 مىڭ پىيادە ئەسكەر

بىلەن شىددەتلىك ئىلگىرىلىدى، ھوكۇمەت تەرەپ قارشى تۇرۇپ
زەربە بەردى، ئالدىنقى سەپتە ئولكە ئەسكەرلىرى جىلىڭ ئول-
كىسىدىن كەلگەن پىدائىلار ۋە ئاقئورۇس ئەسكەرلىرى بولۇپ 2
مىڭدەك ئەسكەر بار ئىدى. بۇ يەردە بىر نەچچە سائەت جىددى
ئۇرۇش بولدى، بۇ ئۇرۇشتا شىڭشىسەي مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ
تىرىك قولغا چۇشكىلى قىل قالغان ئىدى (شىڭ شىسەينىڭ ئېيت-
ىشىچە ئومرىدە ئەڭ خەتەرلىك بولغان ئىش مۇشۇ مۇھاسىرە بول-
غان ئىكەن). بەخ-تكە يارىشا شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش
ئارمىيىسى ياردەمگە كېلىپ خەۋپ-تىن قۇتۇلۇپ قالغان. بۇ قې-
تىمقى ئۇرۇش ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. ئولكە تەرەپ-نىڭ
ئالدىنقى سەپتە جىلىنىدىن كەلگەن پىدائىي قوشۇنلارنىڭ باشلى-
غى ليۇجىنباڭ ئون نەچچە ئەسكەر بىلەنقالغان بولسىمۇ قەھرى-
مانلىق قىلىپ دۇشمەندىن 300 تال قورال - ياراق غەنىمەت
ئالدى. بۇ سوقۇشتا يامغۇر يېغىپ قاتتىق جۇدۇن بولدى، ئول-
كە تەرەپ ئەسكەرلەرگە پاختىلىق كىيىم تارقىتىپ بەرگەچكە ئان-
چە كوپ چىقىمغا ئۇچرىمىدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى گۇچۇڭدىن
چىققاندا بىر قۇر يالاڭ ئىشتان، كوينەك بىلەن چىققاچقا ئەتى-
دىن-كەچكىچە يامغۇردا چىلىقلاپ يۇرۇپ جەڭ مەيدانىدا توڭ-
لاپ ئولگەنلەر كوپ بولدى. ئەگەر جۇدۇن بولمىغان شارائىتتا
كىمنىڭ غالىپ بولۇشى، كىمنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەش
قىيىن ئىدى. ئىككىنچى كۇنى ئەتىگەنلىكى ماجۇڭيىڭ مىڭدىن
ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چېكىندى، پىيادە ئەسكەر-
لىرىنىڭ تولىسى مىلتىقنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەت-

تى، ئۇلكە تەرەپ مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق، 4 دانە پىلىموت غە-
نىمەت ئالدى.

شىڭشىسەي 15 - كۈنى جىمسارغا كەلگەندە ماجۇڭيىڭ
گۇچۇڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن
چېكىنىپ قاچتى، شىڭشىسەي گۇچۇڭنى ئىشغال قىلدى، ماجۇڭيىڭ
مىڭدىن ئارتۇق قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇيغۇر، تۇڭگان
بولۇپ 2 مىڭدەك ئادەم 3 مىڭدەك تۆگىگە مىلتىق - ياراق ۋە
باشقا بايلىقلارنى يۈكلەپ موريدىن قاچتى، ئەسىرگە چۈشكەنلى
خەيرۇنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى (ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان-
دا ئېتىپ تاشلىدى). شىڭشىسەي تەرەپ قوغلاپ زەربە بېرىش
ئەترىدى تەشكىللەپ چىڭجۇڭ سەنمۇجاڭنى قوماندان-
لىققا بەلگىلىدى. ماجۇڭيىڭ تۇرپان، پىچانغا قاراپ كەتتى، چىڭ
جۇڭ قوغلاشماستىن گۇچۇڭغا كېلىۋالدى. شىڭ شىسەيمۇ قوغلاپ
زەربە بېرىش پىلانىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

ماجۇڭيىڭ چېكىنىپ ۋەزىيەت بىر ئاز پەسەيدى، ھال سو-
راش ۋەزىپەم تۈگىدى دېگەن خۇاڭمۇسۇڭ نەنجىڭگە قايتى-
ماقچى بولدى - دە 27 - كۈنى بىللە كەلگەن ئادەملىرىنى
ئېلىپ، ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭگە قايتتى. 8 - ئاينىڭ 3-
كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ليۇۋېنلۇڭ، شىڭشىسەي، جاڭ پېيى-
يۈەنلەرنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، ليۇۋېنلۇڭ قو-
شۇمچە ئۆلكە رەئىسى، شىڭ قوشۇمچە دۇبەن، جاڭ قوشۇمچە بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى ھەم قايتا رەتلەپ تۈزۈلگەن 8-
دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى بولغانلىقى توغرىسىدا تېلېگرامما
كەلدى.

ماجۇڭيىڭ تۇرپان، پىچانغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۈرۈم-
چى نەنسەن ۋەزىيىتىدە بىر ۋەقە يۈز بەردى. نەنسەندە تۇرۇشلۇق
مادىشاڭ سىجاڭ بىلەن يەنە بىر ئىككى تۈەنجاڭلار (پولكوۋ-
نىك) نىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەش-
تى. ئاندىن بىر پولكوۋنىك بىرلەشكىلى قارشى چىققاندا، ماسى-
جاڭ ئۇنى ئېتىۋەتتى. بۇ ۋەقەنى قاراشەردە تۇرۇۋاتقان
ماشىمىڭ ئاڭلاپ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ مەزكۇر سىجاڭ بىلەن
ئىككى پولكوۋنىكنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن نەنسەندە
تۇرۇشلۇق ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يەنىلا ئۈرۈمچىگە قارشى تۇ-
رۇش ۋەزىيىتىدە تۇردى. ئۆلكە تەرەپ شەرقىي شىمال ئارمىيە-
سى ۋە گەنسۇ ئارمىيىسى ھەمدە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى
ئەۋەتىپ، نەنسەندە تازىلاش يۈرگۈزدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جىلىن پىدائىي قوشۇنلىرىنىڭ
سىلىڭى ليۇجىنباڭنىڭ قوسىغىغا ئوق تېگىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ
كېلىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆلدى.

ئۆلكە تەرەپتىن ۋۇجاۋشۇن، لەنيەنشۇلارنى ۋەكىل قى-
لىپ ماجۇڭيىڭ، ماشىمىڭلار بىلەن كورۇشۇش ئۈچۈن تۇرپانغا
ئەۋەتتى. بۇ قېتىمقى سوھبەتكە ماجۇڭيىڭنى قومۇل، باركول
تەرەپكە چېكىنىشنى شەرت قىلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىنمۇ ما-
جۇڭيىڭنى ئەسلى ئورنىغا چېكىنىش توغرىسىدا تېلېگرامما كەل-
گەن ئىدى. تۇرپانغا بارغان ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە قايتقاندا ما-
جۇڭيىڭمۇ ئىككى ۋەكىل تەيىنلەپ قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ
شەرتى، قومۇلغا قايتىپ كېتىشنى قوبۇل قىلىش، ھۆكۈمەت تە-

رەپنىڭ تەمىنات بېرىشىنى تـەلەپ قىلىش بـولدى. ليۇ بىلەن شىڭ ئىككىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھـالدا: (1) بىرلىشىپ بانـدىتلارنى تازىلاش، (2) يولنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى ماجۇڭـيىڭ ئـۈستىگە ئېلىش، (3) ئـاشلىق تەمىناتىنى ئـولكە تـەرەپ يەتكۈزۈپ بېرىشنى شەرت قىلىپ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارـلار ئـەۋەتمەكچى بـولـۇپ ليۇبىڭ سـەنمۇجـاڭنى تـەيىنلىدى. ليۇبىڭ شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقتا تۇرپانغا ماڭدى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە ليۇبىڭ، ماجۇڭيىڭ ۋەكىلى جاڭ ياشاۋ، ياۋجۇ پىڭلار بىلەن مۇداپىئە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كـەلدى. مەن شىڭشىسەيگە ئـەگـەر ھەقىقى بىرلەشمەكچى بولساق، ئوتتۇرىدىكى ئىشەنچسىزلىكنى تـۈگىتىش ئۈچۈن، ئارىلىقتا ئۆزئارا مۇھىم خادىملارنى ئىشلىتىش لازىملىـقىنى بىلدۈرۈپ تەكلىپ سۇندۇم، شىڭشىسەي ئۆز قـولى بىلەن 10 مادىدىلىق تېچلىق چارىسى تۈزۈپ ماجۇڭيىڭنى شەرقىي يولـنىڭ گارنىزون سىلىڭى بولۇپ، پىچان، قۇمۇل، بـارىكولدە تۇـرىدىغان قىلدى. ماجۇڭيىڭ بۇنىڭغا مـاقۇل كەلدى. ئولكە تەـرەپ ۋۇياۋشۇنى تۇرپانغا، لـەن يەنشۇنى پىچانغا شەنجاڭ قىـلىپ ئەۋەتتى.

ماجۇڭيىڭ ئـولكە تەرەپنىڭ بـۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، ۋەزىيەت بىر مەزگىل ئـوڭشالغاندەك بـولدى. خوجانىيازھاجى بىرنەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن توخسۇنغا بېرىپ ماشىمىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلىپ قـاراشـەر تەرەپكە چېكىندى. مـاشىمىڭ قـاراشەرگە يېقىنلاپ بـارغـاندا، خـوجـانىيازھاجى كـۈچـارغا

چېكىندى، ماجۇڭيىڭ بىلەن ماشىمىڭ بىرلەشكەندىن كېيىن يولار تۇرپان، پىچاندىن چىقىپ كېتىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلكە ھوكۇمىتى نەنجىڭ مەمۇرى پالاتاسىدىن خارجى ئىشلار مىنىستىرى لوۋېنگەن شىنجاڭنى كوزدىن كەچۈرۈشكە بارىدۇ دەيدىغان تېلېگىرام ئالدى. 9-ئاينىڭ 2 - كۈنى لوۋېنگەن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 7 - كۈنى ليۇۋېنلۇڭ بىلەن شىڭشىسەينىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لوۋېنگەننىڭ بۇ قېتىم كېلىش مەقسىدى ئىككى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىشىش ۋەزىيىتىنى قانداق قىلىپ پەسەيتىش مەسىلىسى ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندا تۇرۇۋالغانلىقى كوزگە قادالغان مىختەك ئۆلكە تەرەپنى خاتىرجەم قىلمايتتى. ئوتتۇردىكى ئىشەنمەسلىك كەيپىيات ھامان مەۋجۇت ئىدى. ھەممە ئادەم لوۋېنگەندىن مەركەزدىن كەلگەن كاتتا ئەرباپلىق سالاھىيىتى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىت قىلاتتى. ماجۇڭيىڭ، جاڭ پېيۋەنلەرمۇ لوۋېنگەننىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتكەن ئىدى. شۇڭا لوۋېنگەن ماجۇڭيىڭ بىلەن سوزلىشىشنى خالاپ بىر مۇنچە ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ تۇرپانغا باردى. شىڭشىسەي ماجۇڭيىڭنى لوۋېنگەن بىلەلە ئۈرۈمچىگە كەلسە ئوتتۇردىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ھەقىقى بىرلەشكىلى بولىدۇ دەپ ھىساپلايتتى. شۇڭا 4 - ئىنىسى شىڭشىچى بىلەن سەنمۇجاڭ ليۇبىڭنى بىللە ئەۋەتتى. ئۆلكىلىك ھوكۇمەت تەرەپمۇ ئۈرۈمچى

ۋالىسى لى رۇڭنى ئەۋەتتى. مەخسەت ماجۇڭيىڭنى خاتىرجەملەن-
دۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇلار 8 - ئاينىڭ 9-
كۈنى ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى لوۋيىڭەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ
كەلدى. ماجۇڭيىڭ تەرەپتىن جاڭ ياشاۋ، ياۋجېژېڭ، بەي
زىلىلەر بىرلىكتە كەلگەن ئىدى. ماجۇڭيىڭ بۇلارنى ئۇزىتىپ
داۋانچىڭغىچە بىللە كېلىپ ئۆزى توختاپ قالدى. ليۈۋيىنلۇڭ
بىلەن شىڭشىسەيلەر ماجۇڭيىڭنىڭ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇ-
نىڭدا سەممىيەت يوقلۇغىنى باھالىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقاي-
سى ھەربى باشلىقلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۈرۈشقا تەييارلىق
قىلىشتى. ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى يەنە جىددىيلەشتى.

17 - كۈنى لوۋيىڭەن تارباغاتاي، ئىلى تەرەپلەرنى كۆزدىن
كەچۈرۈشكە كەتتى، ليۇ، شىڭ ئىككىسى مەن بىلەن ماياۋخۇانى
قوشۇپ ئەۋەتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى جاڭ، ياۋ، بەيلەر
ۋە ماخۇڭشىياڭلار دۇبەن مەھكىمىسى تەرەپتىن قاماپ قويۇلدى.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالنى بىلمەيمەن.

لوۋيىڭەن تارباغاتايدىن ئىلىغا باردى. 10 - ئاينىڭ
5 - كۈنى ئىلى كۆرەدە، ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى
قوشۇمچە 8 - دىۋىزىيە باشلىقى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. شىڭ
شىسەيدىن جاڭ پېيۈەنگە ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى ئۈرۈش
بولغانلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەپرىقىچىلىقنىڭ كۈنساناپ ئۆل-
غايغانلىقى، جاڭ پېيۈەننىڭ 11 - كۈنى ئەسكەرتارتىپ ئۈرۈم-
چى تەرەپكە يولغا چىقىشى توغرىسىدا تېلېگرامما كەلدى.

ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭدىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ ھۇ-
جۇم قىلغاندا، جاڭ پېيىۋەنمۇ ئەسكەر تارتىپ، شىخوغا كېلىپ
ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنى ماراپ ياتتى. شۇنداقلا ئۈرۈمچى بىلەن
تارباغاتاي يولىنى كېسىپ تاشلىدى. ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى بىر
ئاي قامال قىلىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاساسىي نۇقتىلارنى
ئىگەللىۋالدى. ئۈرۈمچى ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە قالغان پەيتتە
بەختكە يارىشا خوشنىمىز ياردەمگە ئەسكەر كىرگۈزدى. ماجۇڭ-
يىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى.

# يولۋاسنىڭ قۇمۇل گارنىزون سىلىڭلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى

ليۇيىڭلىڭ

يولۋاسنىڭ تېگى قەشقەرلىق، ئەرجەنزە، ئۇنىڭ ئاتىسى خۇنەنلىك. چىڭ خاندانلىغى گۇاڭشۈي يىللىرىدا زوزۇڭتاڭنىڭ خۇنەنلىك ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەردە يەرلىشىپ بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، شۇنىڭدىن يولۋاس تۇغۇلغان. يولۋاس بالىلىق دەۋرىدە كەپسىز، ئۇكتەم ھەم تاز ئىدى. باشقىلار ئۇنى تاز دەپ ئاتايتتى. كۇنبويى مەھەللىدىكى كەپسىز بالىلار بىلەن يۈرۈپ ھېچقانداق تەربىيە كورمىگەن ئىدى. كېيىن قۇمۇلغا كېلىپ ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىدى، ئۇ زېرەك بولغاچقا مەخسۇت ۋاڭ ياخشى كۆرۈپ تەدرىجى ئوستۇرۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دوغىلىغىغا ئوستۇردى. شامەخسۇت بىلەن بېيجىڭغا بارغاندا يىخېتۇەندىن چەنباشچىلىقنى ئۇگەنگەن، بىر نەچچە ئېغىز ئەپسۇن بىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا خەنزۇچە راۋان سوزلەيتتى. خەنزۇلارنىڭ ئورپ-ئادەتلىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئىش باشقۇرۇشقا قابىلىيەتلىك. ئەمما گومانخور ئىدى. شامەخسۇت ئولۇپ ئوغلى نەزىر ۋاڭلىققا ئولتۇرغاندا يولۋاس يەنىلا ئوردىنىڭ دوغىسى

ھەم قۇمۇلدىكى قازاق، خەنزۇ قىسىملىرىنىڭ يىغىجاقى بولۇپ ئىشلىدى.

1931-يىلى قۇمۇل تۇخۇلۇدا قوزغالغان ۋەقەدە ئىككى تەرەپنى جاڭجالغا سېلىپ قويۇپ ۋەقەنى كېڭەيتكەن يولۋاس، ئۆزىنى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش سىلىگى دەپ ئاتىۋالغان، ماجۇڭيىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقتى. ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭغا لۇيجاڭلىق ئەمەل بەردى.

يولۋاس لۇيجاڭ بولغاندىن كېيىن قارا نىيەتى ھەددىدىن ئېشىپ، شىڭشىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجالدىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن ماجۇڭيىڭغا ئەقىل، پىلان كۆرسىتىشتە بارلىق كۈچىنى ئايىمىدى. 1933 - يىلى قىشتا ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى بىر ئايدىن كۆپرەك قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، شىڭشىسەي چەتنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلدى. ئاتالمىش «ئالتايىسكى» قوشۇن ئايروپىلان، توپ - زەمبىرەك بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ، قەشقەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. قالدۇق قوشۇنلىرى خوتەن تەرەپكە كەتتى. شىڭشىسەي ماجۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىش جەريانىدا ئايروپىلاندا تەشۋىق ۋەرەقلىرى تارقىتىپ، ماجۇڭيىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگۈچىلەرگە ئەسلىدىكى خىزمىتىدىن بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان ئىدى. يولۋاس قېچىپ كېتىۋېتىپ توخسۇن يولىدا تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى كۆرۈپ، ماجۇڭيىڭنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ

كەتكەنلىگىنى، ئۇزىنىڭ خام خىيالى بىتچىت
بولغانلىغىنى چۈشىنىپ، تۇرپانغا قايتىپ ئۇرۇمچىگە بېرىپ
شىڭشىسەيگە ئەل بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا شۈبھىلىنىپ
قومۇلغا قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. بىر تەرەپتىن
شىڭشىسەيگە ئۆزىنىڭ جۇڭيالىڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىگىنى
مەلۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قالدۇق قىسىملىرىنى
ئەگەشتۈرۈپ شىڭشىسەيدىن يوشۇرۇن ھالدا يول يۈرۈپ
8 - 9 كۈنلۈك يولنى 4 كۈندە بېسىپ قومۇلغا بېرىۋالدى ۋە
شىڭشىسەيگە ئۆزىنىڭ قومۇلدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانلىغىنى
مەلۇم قىلدى. شىڭشىسەينىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى
لۈيجاڭلىقتىن دىۋىزىيە باشلىقلىغىغا ئۆستۈرۈشىنى كۈتتى.
لېكىن شىڭشىسەي ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي ئۇنىڭغا قومۇل
ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى بەردى. قىسىملىرىنى
ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ - سوز قىلمىدى.
يولۋاس ئالدىن يوليورۇق سورىماي، ئوز بېشىمچىلىق بىلەن
قومۇلغا قايتىپ كېلىپ يولسىزلىق قىلغانلىغى ئۈچۈن ھاكىم
بولۇشقا رازى بولغان بولسىمۇ لېكىن يۈرۈش - تۇرۇشىدا
ئوزىنى يەنىلا لۈيجاڭ دەپ قومۇل ھاكىملىغىنى قوشۇمچە
ئوتىدى. بۇ چاغدا ئولكىلىك ھوكۇمەت قومۇلنى
تاشلىۋەتكەنلىگىگە 3 يىلدىن ئاشقان ئىدى. يولۋاس باشقۇرىدىغان
ئادەم يوق رايوندا ھەربى، مەمۇرى چوڭ ھوقۇقنى ئوز ئالدىغا
ئىگىلەپ، كورەڭلەپ خالىغىنىنى قىلىپ يۈردى.

1935 - يىلى ئەتىيازدا شىڭشىسەي 12 - ئاپرېل

بايرىمىنى خاتىرىلەشنى كېڭەيتىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ئۇرۇمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇش قىلغاندا، يولۇۋاس قۇمۇلدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچە كىشىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇشقا ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. بۇ پۇرسەتتە ئۇ ھۆكۈمەت قۇمۇلنى تاشلىۋەتكىلى نەچچە يىل بولدى. بالا ئانىسىدىن ئايرىلغاندەك پۇقرالار ئىگىسىز قالدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن چوڭ ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ قۇمۇلنى تەرتىپكە سېلىپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى تېچلاندۇرۇشنى مۇراجەت قىلدى. شىڭشىسەي تەختكە چىققانلىقىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان كۈنلەردە قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن چوڭ قالايمىقانچىلىق ئەمدىلا بېسىلىپ، يولۇۋاسنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنۇش - سۇنماسلىقىغا گۇمانلانغان بولسا، ئىككىنچىدىن قۇمۇل بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ ئارىلىقى 5 مىڭ يول بولغانلىقتىن ھەممىگە تەك ئېتىۋار قىلالىشى ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. لېكىن كۈچنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئارزۇسى بولغانلىقتىن، يولۇۋاسنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ھۆكۈمەت باشلىقى تەيىنلەش تەلىۋىدىن پايدىلىنىپ بارىكولنى بىر ۋىلايەت قىلىپ بەلگىلەپ، مېنى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمە باشلىقلىقىغا، شۇي يۇشىڭنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ گارنىزون سىلىڭلىقىغا قوشۇمچە بىرىنچى پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ قۇمۇلغا ئە-ۋەتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا، شىڭ شىسەي شۇي يۇشىڭنى بىر

نەچچە كۆن كېچىكىپ ماڭغىن دەپ ئەپقالدى. مەن قۇمۇلغا كەلگەندە يولۋاس بىلەن بېشىر ۋاڭ باشلىق ھەر مىللەت، ھەرساھەنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇل ۋالى مەھكىمىسى قۇرۇلدى. مەن رەسمى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدىم. يولۋاس قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىق سۈپىتى بىلەن ھەممە ئىشنى مەندىن يولىيورۇق سوراپ، سەمىمىيەت كورسەتتى. شۇي يۈشىڭنىڭ قۇمۇلغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان يولۋاس بەكمۇ مەمنۇن بولدى. چۈنكى ئۇ قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا كەلسە، ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.

يولۋاسنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يۈزدىن ئارتۇق ئىدى. ئەڭ كوپ بولغاندىمۇ 200 دىن ئاشمايتتى. يولۋاس يەنە بارىكولدىكى قازاقلار بىلەن كەڭ تىل بىرىكتۈرگەن ئىدى. قازاقلارمۇ ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلايتتى. قۇمۇلنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم يوللارغا چازا قۇرۇپ، ئادەم تەيىنلەپ، قاراۋۇل قوياتتى. ئازراق ئىش بولسىلا، قاراۋۇللار دەرھال دوكلات قىلاتتى. مەن خىزمەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىرەر ئاي ئۆتكەندە بىر كۈنى يولۋاس ئۈشتۈمتۇت كېلىپ، شۇي سىلىڭ قوشۇن باشلاپ اياۋدۇڭغا كەپتۇ، ھازىر دەل سىرىقتال ۋاقتى، قوشۇننى بېقىش بىر مەسىلە، لېكىن ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، بىز ئۇدۇللۇق پىشقاننى ئۇدۇللۇق ئورۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئامال قىلىپ تەمىنلەش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق دىدى. مەن بۇ ئىشنىڭ ئۈشتۈمتۇت بولغانلىقىدىن ھەمدە شىڭ شىسەيدىن بۇ توغرىدا تېلېگىرامما كەل-

مىگەن بولغاچقا ئىشەنمىدىم. يولۋاس بۇ ئىش راست دەپ
خۇددى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدىغاندەك ئەلپازىنى بۇزۇپ مۇداپىئە ئو-
رۇنلاشتۇردى. مەن شىڭ شىسەيگە دەرھال تېلېگرامما بەردىم،
يەنە بىر تەرەپتىن يولۋاس ئەۋەتكەن كىشىلەر بىلەن لياۋدۇڭغا
بېرىپ شۆي سىلىڭنىڭ ۋاقىتىنچە توختاپ تۇرۇشىنى، دۇبەننىڭ
يولىيورۇقىنى كۈتۈشنى سورىدىم. شۆي سىلىڭ مەن بۇيرۇققا بې-
نائەن قوشۇن باشلاپ ھەم ئائىلەمنى بىرگە ئېلىپ كەلدىم. باشقا
ھېچقانداق مەقسەت يوق دىدى. مەن بەزى سۈركىلىشلەرنىڭ
بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەتئىي توسىدىم. ۋەزىيەت ئازراق
پەسەيدى. كۈتۈلمىگەندە شۆي سىلىڭ يەنە بىر بېكەت ئالدىغا
مېڭىپ چىلان بۇلاق دىگەن يەرگە كەلدى. يولۋاس بۇ ھەر-
كەتنى شىڭ شىسەينىڭ پىلانى بويىچە بىرسى ئىچىدىن، بىرسى
سىرتىدىن ماسلىشىپ مېنى جايلىۋەتمەكچى بولسا كېرەك دەپ گۇ-
مان قىلىپ تېلېگرام ئىدارىسىغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ
رۇخسىتىسىز ھەر قانداق كىشىنىڭ تېلېگرامما يوللىشىغا يول
قويمىدى. لېكىن ماڭا كېلىدىغان تېلېگراممىنىڭ مەخپىي نومۇ-
رىنى زادى تاپالمىدى. مەن شىڭ شىسەيگە ئارقىمۇ - ئارقا تې-
لېگرامما بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم. شىڭ شىسەي تېلې-
گرامما يوللاپ يولۋاسنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىنى ئۈمىت
قىلدى. ھۆكۈمەت روزى ھاجى (ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ
باشلىقى) باشچىلىقىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ، كۈتۈپ تۇ-
رۇڭلار دەپ خەۋەر قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن شۆي يۈشىڭنى
ۋاقىتىنچە توختاپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى، بۇ چاغدا شۆي يۈشىڭ

يەنە بىر بېكەت ئىلگىرىلەپ ئىككى نەپەر ئادەمنى ھەربىلەر
چۈشىدىغان ئورۇن ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئىشلىرى ئۈستىدە مەس-
لىھەتلەشكىلى قومۇلغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار كېلىپ مەن بىلەن
كۆرۈشتى. مەن يولۋاسنىڭ خاتا چۈشىنىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە
تەييارلىنىۋاتقان ئېغىر ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۇلارنىڭ
ۋاقتىنچە ھەربىلەر چۈشىدىغان ئورۇن ۋە ئوزۇق - تۈلۈك
ئۈستىدە سۆزلەشمەستىن، قايتىپ كېتىپ شۈي سىلىڭنىڭ ئېھتىيات
قىلىشىنى ئېيتىپ قويۇشقا مەسلىھەت بەردىم. ئەمما بۇ ئىككى-
لەن ماقۇل دەپ كېتىپ يولۋاس بىلەن كۆرۈشۈپ قىسىملار
كېلىۋاتىدۇ دەپ تۇرىدىغان جاينىڭ قەيەردە بولۇشى توغرىسىدا
سۆزلەشكەندە، يولۋاس يالغاندىن قارشى ئالغان بولۇپ: سىلىڭ-
بۇ مەن ئۆزەم تۇرغان بىنادا بولسۇن، قوشۇنلار شەھەر ئىچىگە
چۈشسۇن دېگەن. بۇ ئىككىيلەن خۇشال قايتىپ بېرىپ شۈي
يۈشىڭغا: يولۋاس ھاكىم بىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىمىزنى قارشى
ئالدى. لېكىن مەمۇرى مەھكىمە باشلىقى ليۇ قارشى تۇرۇش
پوزىتسىيىسىدە بولدى، بىزنى قومۇلغا كەلمەڭلار دىدى، دەپ
دوكلات قىلغان. شۈي سىلىڭ بىردىنلا گۇمانلىنىپ، داۋاملىق
ئىلگىرىلىگەن. بىز ئىككىنچى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، ھەقىقىي ئەھ-
ۋالنى تەپسىلىي ئېيتقاندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. لېكىن يول-
ۋاس قومۇلدا داۋراڭ سېلىپ: شۈي سىلىڭ داۋاملىق ئىلگىرى-
لەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى چۈشىنىشلىك، بۇنداق ئەھۋال ئاس-
تىدا مەن قومۇلدا تۇرالمايمەن. لېكىن كېتىش ئالدىدا نەچچە
كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئاندىن كېتىمەن. بولمىسا ھەرگىزمۇ

كۆڭلۈم تىنمايدۇ، دەپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇمۇل شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى كوچىلارغا مۇداپىيە پوسلىرى قۇردى. پوس قۇرۇلمىغان بارلىق كوچا ئېغىزلىرىنى توساپ ئادەم ماڭدۇرمىدى. يەنە ۋالى مەھكىمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا پوس قويۇپ، كىرىپ - چىققان كىشىلەرنى نازارەت قىلىپ ۋەزىيەتنى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. مەن شىڭ شىسەيگە يەنە بىر قېتىم تېلېگىرامما يوللاپ قۇمۇلغا چاقماق تېزلىكىدە ئادەم ئەۋەتىپ چۈشەنچە بېرىش خىزمىتىنى ئىشلەشنى سۆيلىدىم، لېكىن خەۋەر كەلمىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىيە دۇبەن مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىگىنىڭ گېنېرال مايور مەسلىھەتچىسى كوددىياكىسكى باشچىلىقىدىكى جەمى 10 نەچچە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىلدى دېگەن تېلېگىرامما ئالدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، تاتار، خۇيزۇ، ئۆزبېكلەرمۇ بار ئىدى (ئۇلارنىڭ ئىسىم - پەمىلىسى ئېسىمدە قالماپتۇ). ۋەكىللەر ئۆمىگى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يولۋاس ئۇلارنى ئۇدۇل ئۆزى تۇرغان بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قارشى ئالدى ھەمدە ۋەكىللەر قۇمۇلنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدۇ، ۋاقتىنچە دەم ئېلىپ ئەتە ھەر ساھەگە بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئاندىن سۆزلىشەيلى دېگەن تەكلىپنى بەردى. لېكىن كوددىياكىسكى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماي گەپنىڭ ئۇچۇغىنى ئېيتىپ، يولۋاستىن قوشۇننى تاپشۇرۇشنى خالامسەن - يوق؟ دېدى. يولۋاس يالغاندىن مەنمۇ دەل مۇشۇ قوشۇن ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتىم. ئورۇنلاش-

تۈرۈشقا ئامالىم يوق، دۈبەنمۇ بۇ توغرىدا يولىيورۇق بەر-
مىدى. شۇڭا ۋاقىتىنچە ئۇلارنى سورەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بول-
دۇم. مەسلىھەتچى بۇنى سوراپ قالدى، مەن دەرھال تاپشۇ-
رۇشقا رازىمەن. لېكىن كىمگە تاپشۇرۇش توغرىسىدا دۈبەن
تېلېگراممىا ئارقىلىق يولىيورۇق بەرسە ئاندىن بولىدۇ دېدى.
كودىياكىسكى دۈبەن ماڭا ئېيتقان، سەن ماڭا تاپشۇرساڭ بو-
لىدۇ دېگەندە، يولۋاس بۇ چاغدا بىرنەچچە ئۇيغۇرلارنى چاقى-
رىپ كېلىپ كودىياكىسكىغا بۇ ×× پولك باشلىقى، بۇ
×× باتالىيون باشلىقى، بۇ ×× روتا باشلىقى، سىز ئۇ-
لارغا ھەممە ئىش ئۈستىدە يولىيورۇق بەرسىڭىز بولىدۇ دەپ
بولۇپلا تېلېگرام ئىدارىسىغا بېرىپ شىڭشىسەيگە قوشۇننى
كودىياكىسكىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دوكلات قىلىپ، تېلېگى-
رامما بېرىۋەتتى. كوچا ئېغىزلىرىدىكى پوسىلارنى قايتىدىن
مەخپى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ كودىياكىسكىغا:
دۈبەن سىلەرنى تېچلاندۇرۇشقا ئەۋەتتىمۇ ياكى ئوت ئۈستىگە
ياغ چېچىشقا ئەۋەتتىمۇ؟ ئەھۋالنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ، مېنىڭ
قوشۇنۇمنى تاپشۇرۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ. سەن دېگەن سو-
ۋېت ئادىمى، بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا قانداق ئارىلىشالاي-
سەن؟ مەن شىڭشىسەينىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنى بىلىمەن.
بىزنىڭ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىۋەتتى. ھازىر مەن
سېنى پولاتتەك پاكىت قىلىپ، سىلەر ئولتۇرۇپ كەلگەن ماشى-
نىغا بېسىپ نەنجىڭغا ئاپىرىپ، شىڭشىسەي ئۈستىدىن ئەرز قى-
لىمەن دەپ ۋاقىرىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوراللىق مۇھاپىزەت-

چىلىرى كودىياكىسكىنىڭ تاپانچىسى بىلەن بىر تال ئۇزۇن مىلـ
تىغىنى تارتىۋېلىپ قورالسىزلاندۇردى. ئەھۋال ئىنتايىن جىدـ
دىيلەشتى. كودىياكىسكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئومىگـ
نىڭ مەسلىھەتچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەكىللەر ئومىگىنىڭ
ئەزالىرى ئىچىدىن ھېچكىم بىر ئېغىز سوز قىلالمىدى. مەنمۇ شۇ
جايدا بار ئىدىم. ئۇيغۇر ۋەكىل ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن
تاتار ۋەكىل تۇرسۇن بابا قاتارلىقلاردىن سىلەر ۋەكىل تۇرۇپ،
مۇشۇنداق جىددىي ھالەت كېلىپ چىققىچە نىمىشقا سوزلىمەيـ
سىلەر؟ دەپ سورىسام، ئۇلار مەسلىھەتچىنىڭ ئەمىلى چوڭ، بىز
سوزلەشكە جۇرئەت قىلالمايمىز. لېكىن بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز
بار، ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇـ
گۇن كېچە بىز يولۋاسقا نەسىھەت قىلايلى دېدى. ئۇلارنىڭ كېـ
چىسى نىمە دېيىشكەنلىكى ماڭا نامەلۇم. يولۋاس بىلەن كودىـ
ياكىسكى سوزلەشكەندە مەن بار ئىدىم. ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىكلىـ
كىنى كوروپ كودىياكىسكىغا تەكشۇرۇپ - تەتقىق قىلغاندىن كېـ
يىن، سوھبەت ئوتكۇزۇشنى تەكلىپ قىلسام، ئۇ زادىلا قوبۇل
كورمەستىن بەلكى، سەن نىمىنى بىلىسەن؟ دېدى (بۇنى تەرـ
جىمان لۇيىفۇ ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى، ئۇ يەنە سەن ئەمـ
دى ئارتۇق سوزلىمە، سوزىڭنى ياقتۇرمايۋاتىمىز دېدى). مەن
قايتا تەكلىپ بەرمىدىم. ئىش قىيىن ھالەتكە يەتكەندە، كودىياـ
كىسكى ۋالى مەھكىمىگە بېرىپ سوزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. يولـ
ۋاسنىڭ ساقچىلىرى نازارەت ئاستىدا ۋالى مەھكىمىسىگە ئېلىپ
باردى. ئۇ يەردە سوزلەشكەن بولساقمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالـ

ماي كېتىپ قېلىشتى. شۇ كېچىسى يولۋاس تۇرغان بىنادا يې-
تىپ ئەتىسى چۈشتىن ئاۋال كودىياكىسكى يولۋاستىن: سەن قۇ-
مۇلنىڭ گارنىزون سىلىڭى بولۇشنى خالامسەن؟ ئەگەر خالىساڭ
ئۇنى ئۇتكۇزۇۋالىغىن دىدى. يولۋاس: سەن دىگەن بىلەن ھە-
ساپ ئەمەس، دۇبەن رەسمى تەيىنلىسە ئاندىن بولىدۇ دىدى.
كودىياكىسكى بۇ ناھايىتى ئاسان، مەن شىڭ دۇبەنىنىڭ تەيىن-
لىگەن رەسمىيىتىنى ئېلىپ بېرىمەن دىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەمە-
مىمىز تېلېگىرام ئىدارىسىغا بېرىپ شىڭشىسەيىنى سوزلىشىشكە
چاقىردۇق. شىڭشىسەي ئوزى كەلمەي مۇشاۋىرلار ئومىگىنىڭ
باشلىغى مالىكوك بىلەن سوزلىشىشنى ئورۇنلاشتۇردى. كودىيا-
كىسكى دوكلات قىلدى ھەمدە يولۋاسقا سىلىڭلىق ۋەزىپىسىنى
بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مالىكوك شۇئان شىڭشىسەيگە ۋاكالى-
تەن ماقۇل بولۇپ، دۇبەن مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەيىنلەش
بۇيرۇغى ئەۋەتمەكچى بولدى. يەنە شۇي يۈشىڭغا ۋەزىپىسىنى
يولۋاسقا تاپشۇرۇپ، ئورۇمچىگە قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىل-
دى. شۇنىڭ بىلەن جىددى ۋەزىيەت پەسەيدى. كودىياكىسكى
ئورۇمچىگە قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا، يولۋاس: سىزلەر يىراق-
تىن قۇمۇلغا كېلىپ، جاپا - مۇشەققەت چەكتىڭىزلەر، بىز ئوزد-
تىش زىياپىتى بېرىپ كۇتۇۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقىسڭىزلار
بولىدۇ دىدى. بۇ ئارىدا بارىكولدىن تەخمىنەن يۈزدىن ئار-
تۇق شىراقلىق مىلتىق كوتەرگەن قازاقلار كېلىپ كورۇنۇش
قىلدى. كودىياكىسكى باشچىلىغىدىكى ۋەكىللەر ئومىگى مېڭىش
ۋاقتىدا يولۋاسنىڭ قىسىملىرى، قازاقلار ۋە قۇمۇلدىكى ھەر

ساھە كىشىلىرى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويىدى. ئۇزىتىش ئورنىدا ئەسكەرلەر بىلەن قازاقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارىلىغىنى نەچچە قەدەم قالدۇرۇپ تىزىپ ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىپ، ملىتىقىنى كوتىرىپ ئىھتىرام بىلدۇردى. كودىياكىسكى بۇنىڭ ئىچىدە ئويۇن بار، قۇتقۇلغىلى بولماي قالامدىكىن دەپ قورقۇپ، ئۇزىنىڭ دۇربۇنىنى يولۋاسقا تەقدىم قىلدى. يولۋاس بۇنى قوبۇل قىلىپ خوشال - خورام ئۇزىتىپ قويىدى. يول ئۇستىدە يولۋاسنىڭ يەنە بىر نەچچە جايدا چازىلىرى بارئىدى. ئۇيەرلەردىن قانداق ئوتكەنلىگى ماڭا نامەلۇم. يولۋاس قۇمۇلنىڭ كارىزون سىلىكلىغىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئوز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر سودىگەر ئادىل ھاجىنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىغىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدەك شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىگە ماسلىشىپ ئوز ئوغلى ياقۇپنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئابلىسوۋ ۋە شىڭشىسەي قاتارلىقلارغا سوغا تەقدىم قىلىش ئۇچۇن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى (ئات ۋە باشقا بۇيۇملار). بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئوزىگە تارتماقچى بولدى. ياقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يولۋاسقا: ئابلىسوۋ سىزنى ئۇرۇمچىگە كېلىپ كورۇشۇپ كەتسۇن دىدى دىگەن سوزنى قىلغاندا، كاللىسى ئازراق ئىشلەيدىغان تۇنجى ئوغلى نىياز قەتئى قوشۇلمىغانلىقتىن يولۋاس ئۇرۇمچىگە بارمىدى.

# تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بىر نەزەر

خېۋىر تۆمۈر

تارىخىي دەۋرلەردە ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلار سىنىپىي مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مىللىي زىددىيەت، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى سۈنئىي بوسۇندا پەيدا قىلىپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى يەنى سىنىپىي مەنپەئەتىنى بېقىپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن ئەزەلدىن ئىناق كېلىۋاتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئۇقۇشماسلىقلار، قانداقتۇر ناچار گۇمانى كوزقاراشلار پەيدا بولغان ئىدى. بۇ خىل ناچار گۇمانلىنىشلار تاكى ئازاتلىققا قەدەر ئېغىر هالدا داۋام قىلىپ كەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن جۇڭگو گۆڭچەنداڭىنىڭ توغرا رەهبەرلىكىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقى يېڭى باسقۇچقا — سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقلىق باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 50 - يىللاردا يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق بىر قاتار ئىجتىمائىي هەرىكەتلەردە ساغلام بولغان سوتسىيالىستىك مىللىي ئىتتىپاق هەممىلا جەهەتتىن نامايەن بولغان ئىدى. لېكىن كېيىنكى يىللاردا بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىللىرىدە

مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بىر مۇنچە نۇقسان يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تارىخىي دەۋرلەردىن قېپقالغان گۇمانىي كوز قاراشلارنىڭ ساقىندىلىرى قايتىدىن باش كوتىرىپ چىقتى. ھازىرقى تېنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتتە، ئىلگىرىكى ئۇقۇشماسلىقلاردىن سىرقىپ كېلىۋاتقان گۇمانلار ئۇستىدە بىر ئاز مۇلاھىزە يۇرگۇزۇپ بىر قەدەر توغرا چۇشەنچە ھاسىل قىلىش، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاق ئوتۇشىمىزگە پايدىلىق بولار دىگەن مەقسەتتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزەلدىن پاكىتقا ھورمەت قىلىدىغان ئۇلۇغ ئەنئەنىسىنى كوز ئالدىمىغا كەلتۇرۇپ «تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بىر نەزەر» سەرلەۋھەسىدە ئوز چۇشەنچەمنى توۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. يېتەرسىز جايلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

مەن بۇ ماقالىنى مەملىكەت مىقياسىدا ئەمەس، شىنجاڭ دائىرىسى بويىچە، يىراق تارىخىي دەۋرلەرنى ئەمەس بەلكى ئوزەم ياشىغان يېقىنقى دەۋرلەردىكى تارىخىي پاكىتلارنى كوز ئالدىمىغا كەلتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزەلدىن ئىناق ئوتكەنلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار قايسى تەرىقىدە ئاياق ئاستى قىلىپ بۇزغانلىقىنى پاكىتلار ئارقىلىق كورسىتىپ توغرا چۇشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## (1)

تارىخىي ئەكسىيەتچى سىنىپلار ئوز سىنىپىي مەنپەئەتىنى كوزلەپ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا ھەر خىل زىددىيەتلەرنى سېلىپ

ئۈنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىن چىققان دىنىي مۇتەئەسسىپلەر بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتىنى "كاپىر، زالىم" دىگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتىغان بولسا، خەنزۇلاردىن چىققان ئەكسىيەتچى مۇتەئەسسىپلەرمۇ، بىز ئۇيغۇرلارنى "چەنتۇ، سىڭگۇ" دىگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتاپ ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك قىلىشتى. "كاپىر" سۆزى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئوتتۇرىغا قويغان سۆز بولۇپ مەنا جەھەتتە "ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىغانلار، غەيرى دىندىكىلەر" دىگەندىن ئىبارەت. "زالىم" سۆزى تارىخىي دەۋرلەردىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇلار بولغىنى ئۈچۈن شۇنداقلا بۇ ئەمەلدارلار خەلققە ئىستىبداتلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈپ زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ زالىملارغا قارىتا ئېيتقان سۆزى بولسىمۇ، مىللى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن پەيتلەردە ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچىلەر بۇ سۆزنى سۈيى ئىستىمال قىلىپ پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىگە قارشى قويۇش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

شۇنىڭدەك خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى "چەنتۇ" دىگەن سۆزىمۇ مەنا جەھەتتە بېشىغا سەللە يۆگەيدىغانلار دىگەن سۆز بولۇپ، خەنزۇلار ئېتىقات قىلغان دىن نۇقتىسىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ، ئۇقۇم جەھەتتە مەلۇم ھاقارەت خاراكتېرىگە ئىگە. "سىڭگۇ" دىگىنى مەنا جەھەتتە "ھايۋان" دىگەن سۆز بولۇپ، تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇر

خەلقنى كوزىگە ئىلماي قىلغان ھاقارەتلىك سوز. بۈگۈنكى كۈندە
"چەنتۇ" سوزى بىلەن "زالىم" سوزى ئاساسىي جەھەتتىن
ئۇنتۇلغان (تۈگىگەن) بولسىمۇ، "كاپىر" سوزى بىلەن
"سىڭكۇ" دىگەن سوزلىرى تارىخىي گۇمانى كوز قاراش-
لارنىڭ ساقىندىسى سۈپىتىدە ئازدۇر - كوپتۇر
مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، مەيلى
تارىخىي دەۋرلەردە ياكى ھازىرقى مەزگىللەردە بولسۇن، ئۇيغۇ-
رلار پۈتكۈل خەنزۇ مىللىتىنى يۇقۇرقىدەك سوزلەر بىلەن
ھاقارەت قىلغىنى يوق، شۇنداقلا خەنزۇلارمۇ پۈتۈن ئۇيغۇر
مىللىتىنى يۇقۇرقى سوزلەر بىلەن ھاقارەت قىلغىنى يوق. ئۇن-
داق قۇلاققا ياقمايدىغان سوزلەرنى پەقەت ئەكسىيەتچى سىنىپ
ۋە ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار ئوزى پەيدا قىلدى، ۋاقىت -
شارائىتقا قاراپ يەنە سۈيى ئىستىمال قىلىپ مىللى زىددىيەت
ۋە مىللى ئوچمەنلىك تۇغدۇرۇشقا تۇتۇرۇق ئوتۇن سۈپىتىدە
پايدىلاندى.

ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئۇنىڭ گۇپپاڭچىلىرى كەلتۈرۈپ
چىقارغان تارىخىي ئۇقۇشماسلىقلاردىن، سىرقىپ كېلىۋاتقان گۇ-
مانى كوز قاراشلار تۇپەيلىدىن، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوت-
تۇرىسىدا تارىختىن بۇيان شۇنداق بىر خاتا ئۇقۇم مەۋجۇت
بولۇپ كەلدىكى: ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرىكى يىغىلىقلاردا خەنزۇلار
بىز ئۇيغۇرلارنى ئاق - قارا دىمەستىن قىرقىپ تاشلىغانىكەن دىسە؛
خەنزۇلاردىمۇ، بىرەر قوزغىلاڭ كوتىرىلسە ئۇيغۇرلار بىز خەن-
زۇلارنى بالا - چاقىلىرىمىزغىچە ئۇرۇپ - يوقىتىپ تاشلىغان

دەيدىغان ئۇقۇم بار بولۇپ كەلدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈ-
چۈن 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئارمىيىسى ماناس
دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچى ئە-
مەلدارلارنىڭ بالا - چاقىلىرى پۈتۈن روزىغارلىرىنى تاشلاپ
قاچقانلىقى ھەرگىز تەسادىپى ئەمەس. ھازىرمۇ بۇ خىل خاتا
چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىنى يوق دىگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك
ئۇيغۇرلاردىمۇ بىھۇدە ئەندىشىلەرنى يوق دىگىلى بولمايدۇ.
ئەپسۇسكى، كىشىنى خاتىرجەم قىلمايدىغان يۇقۇرقى خاتا چۈ-
شەنچىلەرنى ئەكسىيەتچى سىنىپ پەيدا قىلغانلىقىنى، خەنزۇلار
ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر، بىر پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىگە ۋەكىل-
لىك قىلالمايدىغانلىقىنى؛ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر
بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى بىز-
نىڭ كىشىلىرىمىز تولۇق پەرق ئەتمەي تولا ۋاقىتلاردا قايمۇ-
قۇپ قالىدۇ. مۇنداق بولۇش بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىمىزغا
زىيانلىق، ئىناق ئۆتۈشىمىزگە پايدىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇ-
قۇرقىدەك خاتا چۈشەنچە ۋە گۇمانى كوزقاراشلىرىمىزنى تۈ-
گىتىمىز دىسەك قۇرۇق سوزنى قايرىپ قويۇپ تارىخىي پاكىت-
لارغا مۇراجەت قىلىپ كورەيلى:

1930 - يىللاردا خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا قومۇل
دىخانلار قوزغىلىڭى كوتىرىلدى. 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا
تۇرپان، پىچان، توخسۇن ناھىيىلىرىدە قۇمۇل دىخانلار قوزغى-
لىڭىغا ماسلىشىپ دىخانلار قوزغالدى. قوزغىلاڭچى ئامما تاياق -
توقماقلىرىنى كوتىرىشىپ شەھەر - يېزىلارنى ئىشغال

قىلدى. زالىم ئەمەلدارلارنى، جازانىخورلارنى، گوروكەش، ئەپـ
يۈنكەشلەرنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. قـوزغـ
لاڭ بولغان ئىكەن، تەرتىپ بۇزۇلىدۇ - ئەلۋەتتە. لېكىن قـۇ-
مۇل، تۇرپان، پىچان، توخسۇنلاردا قوزغىلاڭچى ئـامـا زادى
قانچىلىك ئادەم ئۆلتۈردى، بۇنىڭ تەخمىنەن سانى بـار. مـەـ
سىلەن، مېنىڭ بىلىشىمچە توخسۇندىكى قوزغىلاڭچى ئاما تـەرىـ
پىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدار ۋە جـازانىـ
خور، گوروكەش خەنزۇلارنىڭ سانى 10غا يەتمەيدۇ. تۇرپاندىكى
ئەھۋالمۇ ئوخشاش. تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى ئـامـا قـۇمـۇل،
پىچاندا قىرغىن يۈرگۈزۈپ قولى قان بىلەن بـويـالغان شـۇن
فايۇ ۋە ئۇنىڭ كاتىۋىنى تۇرپان شەھرى ئىچىدە سـازايـى قىـ
لىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا يەنە قانچىلىك
خەنزۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ھېچقانچە چوڭ سان يـوق. دېمەك
قوزغىلاڭ كوتەرگەن ئاما كـورگەنلا خـەنـزۇلارنـى قـاكـى
ئۇرۇق - ئەۋلادىغىچە يوق قىلىۋەتكەن دىگەن پـاكـىـت تـاـ
رىختا يوق. خەلق ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى كـوزلـەيـدۇ،
ئالدى - كەينىنى ئويلايدۇ. ئىتتىپاقلىقنى، تېچ ئـوتۇشنى كوز-
لەيدۇ. شۇڭا خەلقنىڭ ئـومـۇمىـۇزلـۇك غـەزـىۋى ئـورلـىـ
گەن. يـەنى قـوزغىلاڭ كـوتەرگـەن پـەيتلەردىمـۇ، خـەلقنىڭ
غەزىۋى ئورلەپ تاشقان زالىم ئەمەلدار، جازانىخور، گوروكەشـ
لەرنى ئۆلتۈرگەندىن تاشقىرى ئادەتتىكى پـۇقـرالارغـا زىيان
سالمايتتى، ئەل بولدۇم، مۇسۇلمان بولدۇم دىگەنلەرگە قـوز-
غىلاڭچىلار رىايە قىلاتتى. بەلكى چىقىش يولى بېرىپ، ئـۇلارغا

"مومۇن ئاخۇن"، "ئىسلام ئاخۇن" دىگەندەك ئىسىملارنى قوغۇپ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سەدىقە ئېھسان بىلەن بېقىپ كېتەتتى. مۇنداق ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھەرقايسى يۇرتلاردا ھازىرقى كۈندە كوپلەپ تېپىلىدۇ. 1933 - يىلى ئەتىيازدا توخسۇن ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ بولغاندا خەنزۇلار كوپرەك ئورۇنلاشقان ئىلانلىق رايونىدا زايىت قازى دىگەن ئادەم شۇ رايوندىكى خەنزۇلارنى ئۆز ھويلىسىغا توپلاپ، ھەرقانداق خەۋپ-خەتەرلەردىن ساقلاپ قالدى. تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى ئاممىمۇ، ماداخەنزە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ھېچقانداق زوراۋانلىق ھەركەتلەردە بولمىدى. دىمەك بۇ ئۈچ ناھىيىدىكى قوزغىلاڭنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالى شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت باشلىغى جىن شۇرېن، شىڭشىسەي، شۇنفايۇغا ئوخشاش جاللاتلار خەلقنى قانلىق باستۇرۇش تەدبىرى قوللىنىپ، مەزكۇر ئۈچ ناھىيىدە قانچە مىڭلىغان بىگۇنا پۇقرالارنى قىرغىن قىلىۋەتتى. جىن شۇرېن ھوكۇمىتى ئۈچ ناھىيىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شىڭشىسەينىڭ قوماندانلىغىدا 2 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن پىچان، تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاھالىلارنى قىرغىن قىلغاندىن كېيىن، توخسۇننىڭ ئۆزىدىلا ئۈدا 3 كۈن قىرغىن يۈرگۈزۈپ مىڭلىغان پۇقرالارنى ئولتۇرۇپ پۈتۈن ناھىيىنى قان بىلەن بوياپ تاشلىدى. قوزغىلاڭ قىلغان، قولىغا قورال ئالغانلارنى چىقىمىغا ئۈچرىتىش، ئۇرۇش ئۈستىدە رۇخسەت قىلىنغان قانۇنيەت. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تېچ پۇقرانى قىرغىن قىلىش

ئىنسانىيەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىنسانىيەتسىزلىكنى قىلغۇچىلار جىن شۈرپىن، شىڭ شىسەيگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىلەر ئەمەسمۇ؟ جىن شۈرپىن بىلەن شىڭ شىسەي گەرچە خەنزۇ بولسىمۇ، ئەمما بىر پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىگە ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قوشۇنى خەنزۇلار، رۇسلار، موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئۇلارنى پەقەتلا ئەكسىيەتچى، قىرغىنچى قوشۇن دېيىشكە بولىدۇ، بۇ قىرغىنچى قوشۇن پۈتۈن ناھىيىنىڭ بۆلۈك - پۇشقاقلىرىغىچە تارقىلىپ كۆرۈنگەنلا ئەركەكنى ئېتىپ - چېپىپ ئۆلتۈردى. ئالتۇن بارمۇ؟ كۈمۈش بارمۇ؟ دەپ ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز تېرورلۇق يۈرگۈزدى. بۇ دەھشەتلىك قىرغىننىڭ مەسئۇلىيىتى زادى كىمدە؟ روشەنكى بۇ مەسئۇلىيەت بىر پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۈستىدە بولماستىن جىن شۈرپىن ۋە شىڭ شىسەيدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى جاللاتلار ۋە ئۇلارنىڭ قىرغىنچى ئەسكەرلىرىنىڭ زىممىسىدە. ئەمەلىي پاكىت شۇنداق بولىدىكەن، ئۇنى ھەرگىزمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانلىقى دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر پاكىتتىن چەتنەپ ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ قارايدىغان بولساق چۈشەنچىدىكى زور خاتالىق ھېساپلىنىدۇ.

1947 - يىلى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرىدە دىخانلار ئىنقىلاۋى بولدى. بۇ ئىنقىلاپنىڭمۇ سىياسى، ئىجتىمائىي سەۋەپلىرى بار، ئەلۋەتتە. بىز بۇ يەردە ئىنقىلاپنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلىمەستىن، شۇ ۋاقىتتىكى گومىن-

داگىنىڭ گارنىزون سىلىگى سوْكْشىلىيەن، توْرپاندىكى تيەنزىمى
(تيەنلوْيجاك) ۋە 5 - ئاتلىق كورپوْس قوماندانى ماچىڭشياڭ-
لاردىن ئىبارەت بىر ئوچوْم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دىخانلار ئىنقى-
لاۋىنى قانداق باستوْرغانلىقىنى ئەسلەپ ئوتسەك كوْپايە قىلى-
دوْ. ئوْ چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا توْروْشلوْق ئارمىيىسى
تېچ شارائىتتا قانات - قوْيروْغىنى تەڭشىۋالغان، قورال - يا-
راق جەھەتتە خىل ئىدى. توْرپان دىخانلار ئىنقىلاۋى بولسا
يەنىلا پارتىزان شەكلىدە ئىدى. سىڭگىم ئېغىزىدىكى بولغان
ئوْروْشتا ئاز ساندىكى قوراللىقلاردىن تاشقىرى مىڭلىغان دى-
خانلار ئاممىسى تاياق - توقماق كوتىرىپ سەپنىڭ ئالدىدا
ماڭغان ئىدى. بوْ ئەھۋالنى گومىنداڭ تەرەپ ياخشى بىلەتتى.
ئوزىنىڭ خىللانغان قوراللىق كوْچلىرىگە تايىنىپ بوْ ئىنقىلاپنى
باستوْروْپ تاشلاشقا كوزى يەتكەنلىكتىن، ئىنقىلاپچىلاردا 20
نەچچەتال ئېغىر - يېنىك پىلىموت، گىراناتلار بار دىگەندەك ئويى-
دوْرما سوزلەرنى ياساپ چىقىپ، ئىنقىلاپنى قەتئىي باستوْروْشقا
سەۋەپ ھازىرلاپ قوْموْل، قاراشەر، ئوْروْمچى — ئوچ تە-
رەپتىن زور توْركوْمدە ياردەمچى قىسىملارنى چاقماق تېزلىگىدە
يوتكەپ كېلىپ ئون باراۋەر ئوْستوْن كوْچ توپلاپ دىخانلار
ئىنقىلاۋىنى باستوْروْشقا كىرىشتى. سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئوْروْشتا
قورچاق 5 - كورپوْسنىڭ ئاتلىقلىرى قورالسىز پىيادە ئاممىنى
كەڭ سايدا قوغلاپ قانلىق قىلىچ ئويىنىتىپ بىر پەللە دەھ-
شەتلىك قىلىچۋازلىق قىلدى. بوْ ئوْروْش ئەسەبىلىگى بىلەن ئا-
تايىن قىلىنغان قىلىچۋازلىق ئىدى. دىخانلارنىڭ ئاتلىق قوراللىقلىرى

چېكىنىپ ئالغۇي ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن تۇرپاندا لى خۇگيۇن باشچىلىقىدىكى ئىشپىيون
گۇرۇپپىسى يۈزلىگەن گۇناسىز دېخانلارنى ئۆلتۈرۈپ بالا - چا-
قىلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. تۇرپان خەلقى لى خۇگيۇن بى-
لەن ئابدۇرېھىم-جاننىڭ، پىچان خەلقى ماشاگفۇ بىلەن نوھ-
نىڭ قىلغان تېرورلۇقلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايدۇ. ئو-
مۇمەن ئۈچ ناھىيىدە دېخانلار ئىنقىلاۋى جەريانىدا 500 دىن
ئارتۇق بىگۇنا خەلق ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋك شىمىلىيەن،
تيەن زىمى، ماچىڭشياڭ، لىخۇگيۇنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىلەر
بۇ قىرغىنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى باش جىنايەتچى ئەمەسمى-
دى؟ بۇ قىرغىنىدا ئەكسىيەتچىلەرگە يانتاياق بولغۇچىلارمۇ يەنە
شۇ پىچاندىكى ماشاگفۇ، نوھ، تۇرپاندىكى ئابدۇرېھىمجان،
جاپپار شياڭجاڭ، توخسۇندىكى تېيەن پېيخۇا،
قورچاق جۇيجاڭ ئاۋامسىلىم قاتارلىق پومىشچىك
زومىگەرلەر ئەمەسمىدى؟ دېمەك قىرغىنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى-
لار ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرسا،
قانداقمۇ بىر پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىگە يۈكلىگىلى بولسۇن!؟ سوۋك
شىلىيەنگە ئوخشاش ئازساندىكى ئەكسىيەتچىلەر قانداقمۇ بىر پۈ-
تۈن خەنزۇ مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلالىسۇن؟ دېمەك شۇ ۋاقىتتا
ئىشىنى ئۇلغايتىپ قىرغىن قىلىشنى پىلانلىغۇچى ۋە ئەمەلىي ئىشلى-
گۈچىلەر ئەنە شۇ ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر، ئۇزلىرى ئىشلى-
گەن ۋەھشىلىك بىلەن قىرغىنچىلىقنى ئەيمەنمەستىن مىللىي قىر-
غىنچىلىق دەپ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا ئۇچمەنلىك سېلىش ئارقى-

لىق ئۆزلىرىنىڭ جىنايى مەسئۇلىيىتى-نى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇن-
غانلارمۇ يەنە شۇ ئەكسىيەتچىلەردۇر. ئەگەر بىز ئاشۇ ئەكسىيەت-
چىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە مىللى قىرغىنچىلىق دەپ چۈشىنى-
دىغان بولساق، ئاشۇ ئەكسىيەتچىلەر چالغان داپقا ئۇسسۇل ئويناپ
قالغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي پاكىتلارنى توغرا چۈشى-
نىپ غەزەپ - نەپرەتلىرىمىزنى دەل شۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ
ئۆزىگە قارىتىشىمىز كېرەك.

1933 - يىلى كۇچاردىن قەشقەرگە قاراپ ماڭغان تومۇر
ئېلى ياقىرىدىقا يېتىپ بارغاندا قەشقەردىن كەلگەن ياڭ چىكىمىن
تۇەنجاڭ (پولكوۋنىك) توساپ ئۇرۇش قىلغاندا، مەغلۇپ بول-
غان ياڭ تۇەنجاڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ ئاقسۇ جامدا ئۆزلىرى
ئۈچۈن ئوتتۇن - سامان ئېلىپ كەلگەن يۈزدىن ئارتۇق پۇقرا-
نى بىر دەڭگە (سارايغا) سولۇۋېلىپ قىرىپ تاشلىغانلىقى دەل
شۇ ئەكسىيەتچى ياڭنىڭ ۋەھشىلىكى ئەمەسمۇ؟

1934 - يىلى جىن شۇرېن ھوكۇمىتى ئۇرۇمچى ئەتراپىدا
چاڭسەنزىدىكى خۇيزۇ دېخانلىرىنى قىرغىن قىلغانلىقىمۇ ئەكسى-
يەتچىلەرنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئەسلىدە
چاڭسەنزىدىكى خۇيزۇ دېخانلار جىن شۇرېنغا ۋەكىل ئەۋەتىپ:
”بىز ماجۇڭيىڭغا ئەگەشمەيمىز، تېچ دېخانچىلىقىمىزنى قىلىمىز!“
دىگەندە جىن شۇرېن چاڭسەنزىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ بىر مەسچىت-
تە سوھبەت ئۆتكۈزىدۇ. شۇچاغدا ئۇرۇمچىگە تەھدىت سېلىپ
نەنسەندە تۇرۇۋاتقان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر
تېپىپ يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتكەن ۋەكىل-

لەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. جىن شۈرېن ھوكۇمىتى بۇ ئەھۋالنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن چاكسەنزىدىكى خۇيزۇ پۇقرالار ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ - دەپ كېچىلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ چاكسەنزىدىكى قورالسىز خۇيزۇ دېخانلىرىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى. دېمەك بۇ قىرغىننى ماجۇڭيىڭ ئەكسىيەتچىلىرى سەۋەپ بولۇپ جىن شۈرېننىڭ قولى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشتا نەقەدەر مەككار، نەقەدەر پۇرسەتپەرەست ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇنداق مىساللار تارىختا ناھايىتى كۆپ. تارىختا پەيدا بولغان ھەرقانداق خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ سەۋەپچىسى ئەكسىيەتچىلەر بېلغىنىدەك، قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقاندا خەلقنى قىرغىن قىلغانلارمۇ يەنە شۇ ئەكسىيەتچىلەردۇر.

1934 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچى ئەتراپىدىن قوغلاندى بولۇپ قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا، قەشقەر كونىشەردە بولغان بىر ئۇرۇشتا ئوكۇشسىزلىققا ئۇچراپ چىقىمدار بولدى، بۇ چىقىم ئىككى تەرەپ قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان چىقىم. ئەمما ماجۇڭيىڭ ئۆز دەردىنى قەشقەر كونىشەردىكى تېچ ئاھالىدىن ئالماقچى بولۇپ بىر قېتىم قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئىگەللىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا شۇ قېتىمقى قىرغىنىدا 4 مىڭدىن ئارتۇق قەشقەر ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ پەقەتلا

ماجۇگىيىڭنىڭ تەلۋىلىگى، غالجىرلىغى، شۇنداقلا ئەكسىيەتچى
جاللاتلىق تەبىئىتى بولماي نېمە؟ بەزەنلەر ماجۇگىيىڭنىڭ قەش-
قەردە يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقلىرىنى تىلغا ئالماي، ماجۇگىيىڭ
ئىلغار ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كوممۇنىستلار بار ئىدى
دېگەندەك بىر نېمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماجۇگىيىڭنى ئاتايىن
پەدەزلەپ كۆرسىتىپ، كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئىگىدىغان سۆزلەرنى
قىلىشقا باشلىدى. ئەگەر ئۇلار ئېيتقاندەك ماجۇگىيىڭ ئىلغار ئى-
دىيىلىك بولسا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا جۇڭگو
كوممۇنىستلىرى بولسا، قەشقەردە 4 كېچە - كۈندۈز قىرغىن يۈر-
گۈزۈپ ياۋاغ دەرۋازىسىدىن قان ئاققۇزمىغان بولاتتى!

تارىختا ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار
ئۆز ياۋۇزلۇقى بىلەن قىرغىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىپ، يەنە ئۆز
ئاغزى بىلەن مىللى قىرغىنچىلىق دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزىدۇ.
بۇنداق سۆزلەر تارىخ ياكى يازما خاتىرە بولۇپ قالىدۇ - دە،
كېيىنكى ئەۋلادلار كۆرۈپ شۇ پېتىچە چۈشىنىپ خاتا ھالدا مىل-
لەتلەر بىر بىرىنى ئۆچ كۆرىدىغان ياكى گۇمانلىنىدىغان كۆز
قاراشلارغا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخى پاكىتلارنى
چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز، بولۇپمۇ توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى-
مىز، ھەر قانداق ۋاقىتتا زىيانلىق ئەمەس.

ئۆز كىتاۋىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە 3 - سانىدا بەزەن پاكىتلار-
نىڭ قويۇلۇشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇنداق خام ما-
تىرىيال تارىخچىلارغا ھەرگىز توغرا چۈشەنچە بەرمەيدۇ. مەسى-
لەن، شۇ ماتىرىيالدا: ”تومۇر سىجاڭ ئاقسۇ كونىشەرگە كىردى.

بۇ يەردىكى خەنزۇلارنى تـامامەن قىرىپ تاشلىدى. ئاقسۇ كونىشەر بىلەن يېڭىشەرنىڭ ئارىلىغى گەرچە ئون نەچچە كىلومېتىر بولسىمۇ، بولۇنغان ئەھۋال زور دەرىجىدە ئوخشاشمايدۇ، ماريك باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلار يېڭىشەردە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمىدى" دەپ يېزىلغان. تومۇر سىجاڭ ئاقسۇ كونىشەرگە كىرىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى ياقىرىقتىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ياڭ چىڭمىن تۇڭگانجاڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ جامغا كەلگەندە ئوتتۇن - سامان ئېلىپ كەلگەن يۈزدىن ئارتۇق پۇقرانى دەڭگە سولۇۋېلىپ قىرىپ تاشلىغان پاكىتتىن سۆز ئاچماي، تومۇر سىجاڭ كونىشەردە قىرغىن قىلدى دەپ بىر تەرەپلىمىلىك كورسىتىش پاكىتقا ھورمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ. مەسىلىنى بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك قويۇش سەلبى چۈشەنچە، سەلبى تەسىر پەيدا قىلىشتىن باشقا رول ئوينىمايدۇ. جامدا قەتلى قىلىنغان گۇناسىز پۇقرالارنىڭ جەسەتلىرىنى تومۇر سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كـورۇپ يىغا - زارە قىلىپ دەپنە قىلدى. ئەتىسى ئاقسۇ كونىشەرگە كىرىپ كـوچىدا كېتىۋاتقاندا ئاقتۇر بىر گوروكەشنىڭ دۇكىنىدىن تومۇر سىجاڭنى قەستلەپ ئوق ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن كونىشەردە يوشۇرۇنغان دۇشمەن بار ئىكەن دەپ، ئويمۇ - ئوي ئاختۇرۇپ بىر مۇنچە دۇشمەن دەپ تونۇلغان ئەپيۇنكەش، جازانىخور، گوروكەشلەرنى ۋە بۇزۇق - پاھىشە ئاياللارنى ئولتۇردى. تامامەن قىرىپ تاشلىدى دىگەن سوزمۇ ئەمىلىيەتكە ئـۇيغۇن ئەمەس. ئاقسۇ كـونىشەردە تومۇر سىجاڭ ئوزى 16 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى نەپەر خەنزۇ بالىسىنى بالا قىلىپ بىرسىگە "ماموت"، بىرسىگە "ئىسمايىل"

دەپ ئات قويدى. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. يەنە بىر ئادەم ئاقسۇدىن بېقىۋالغان خەنزۇ بالىسى ھازىر تۇخسۇندا بالا-چاقىلىق بولۇپ ياشاۋاتماقتا. شۇنىڭدەك مۇسۇلمان بولدۇم دىگەنلەرنى ئۇلتۇرمەي ھايات يولى بەردى.

يەنە شۇ ماتېرىيالدا تومۇر سىجاڭ قەشقەرگە بارغاندا كونىشەھەردىكى خەنزۇ ئەمەلدارلارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي قىرىپ تاشلىدى. ماشياۋۇ (مادوتەي) قورقۇپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە قېچىپ بېرىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن پانا تىلىگەن دەپ كۆرسىتىلگەن. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى يەنىلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. قەشقەر كونىشەھەردە تومۇر سىجاڭ ھېچقانداق قىرغىن قىلغىنى يوق، تومۇر سىجاڭ قەشقەرگە ئۇرۇشسىز كىردى. قەشقەرنى ئوسمان ئېلى ئىشغال قىلغان. ئۇ ھەم بىرەر خەنزۇنى ئۆلتۈرگىنى يوق. مادوتەي قەشقەردە ھاكىمىيەتنى تومۇر سىجاڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن بالا - چاقىلىرى بىلەن كونىشەھەردە ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېغىدا ئارام ئېلىپ ياتتى. پۇتىدىن يارىلانغان ياڭ چىڭمىن يېڭىشەھەردە داۋالىنىپ ياتتى، شۇنىڭدەك دوتەي يامۇلىنىڭ باغ تەرىپىدە تۇتاش بىر ھويلىدا كونا خەنزۇ ئەمەلدارلار، چەتلەردىن قېچىپ كەلگەن ئەمەلدارلار بالا-چاقىلىرى بىلەن ئارام ئېلىپ ياتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي پاكىت. ئەگەر مەسىلە ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى دەپ دەھشەتلىك كۆرسىتىلىدىغان بولسا، ئۇنداق ماتېرىيالنىڭ ھېچقانداق ئىجابى رولى بولماستىن بەلكى قانداقتۇر سەلبى تەسى-

رى يەنى دەھشەتلىك سىيسىق بۇس پەيدا قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭتا-
رىخىمىي ئىتتىپاقلىقىمىزغا نۇخسان يەتكۈزىدۇ - خالاس. شۇنىڭ
ئۈچۈن تارىخىمىي پاكىتلارنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇپ توغرا چۈ-
شەنچە بېرىش، ئەۋلاتلىرىمىزنى توغرا تونۇشقا كەلتۈرۈپلا قا-
ماستىن مىللەتلەر ئىتتىپاقىمۇ غايەت زور پايدىلىق.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقى قىسقا مۇددەتلىك ئىش
بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى ئىتتى-
پاقلىقتىن بۈگۈنكى جۇڭخۇا دۆلىتى شەكىللەنگەن. جۇڭگونىڭ
2 مىڭ يىللىق تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ بۈگۈنكى جۇڭخۇانى شە-
كىللەندۈرۈشتە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، ئور-
تاق مەسئۇلىيىتى، ئورتاق باشقۇرۇشى، يىغىپ ئېيتقاندا بىرلىك
ئىتتىپاقى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرىنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرۈشىمىز ۋە ئۇ-
نى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ھۆرمەت قىلىدىكەنمىز، تارىخنى ۋە
تارىخىي پاكىتلارنى توغرا ئوتتۇرىغا قويۇپ توغرا چۈشەنچە بې-
رىشىمىز كېرەك. كىمنىڭ قولىغا قەلەم ئالىدىدا چىقسا، ئۆز خا-
ھىشىغا ياتقۇزۇپ پاكىتلارنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىش، تېگى- تەكتى-
دىن ئېيتقاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىسىز.

تارىختىكى كۆپلىگەن ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا تولاراقنا
توغرا چۈشەنچە ۋە گۇمانى كۆز قاراشلار سەۋەپ بولغاندەك
تەسادىپىي پەيدا بولغان ۋەقەلەرنى ئادىللىق بىلەن بىرتەرەپ قىلى-
نماسلىقمۇ بەزەن تەبىرىقچىلىقلارغا سەۋەپ بولغان.
دىمەك تېچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنى

مەڭگۈ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىپ توغرى تونۇش ھاسىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇشتۇمتۇت تۇغۇلغان ھەرقانداق ۋەقەلەرنى توغرا ۋە ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئازاتلىقتىن بۇيان مىللەتلەر مەسىلىسى زور دەرىجىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشقان، ئىناقلاشقان بولساقمۇ، لېكىن يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك تارىخىي پاكىتلارنىڭ بۇرمىلانغان نۇسخىلىرى، يەنى ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا داۋاملىق زىددىيەت پەيدا قىلىشى تۈپەيلىدىن قىسمەن گۇمانلىنىشلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق بولۇشقا ئەكسىيەتچى ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى سەۋەب بولدى. ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى مىللەتلەر مەسىلىسىدە تولىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلدى. بەزەن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ توغرا ھەل قىلىۋېلىشنىڭ ئورنىغا يەنى بىر كېچە ئۇخلاپ قوپسا تۈزۈپ كېتىدىغان ئاچچىقنىڭ ئورنىغا ئالدىراقسانلىق ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن باستۇرۇپ تاشلاش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئاز كۈن ئوتمەيلا چوڭ پۇشمان قىلىشتى. يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن باستۇرۇلغانلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئادەملىرى — ئوز قېرىنداشلىرىمىز ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك بولۇپ چىقتىغۇ!؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مىللى مەسىلىدىن ئىبارەت ئىچكى ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلغاندا بىرىنچىدىن ئادىل بولۇش، ئىككىنچىدىن سوغاق قانلىق بولۇش تېخىمۇ زورۇر.

# قورچاق ئاتلىق 5 - دىۋىزىيىنىڭ ھەقىقەت-كە قايتىش جەريانى توغرىسىدا ئازغىنە ئەسلىمە

خەن يۈۋېن

1945 - يىلى شىنجاڭغا كىرىپ گۈچۈڭ، فۈكاڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان ئاتلىق 5 - كورپۇس يەنى ئاتالمىش خۇيزۇ قوشۇنى گەنسۇ، چىڭخەيدىكى خۇيزۇلارنى ئاساس قىلغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان سالا مىللىتىنى تايانچ كۈچ قىلغان قوشۇن ئىدى. سالا مىللىتى گەرچە نەچچە ئونمىڭ ئاھالىگە ئىگە ئارقىدا قالغان ئازسانلىق مىللەت بولسىمۇ، لېكىن جاسارەتلىك، قەيسەر، كۆڭلى تۈز مىللەت. يەرلىك مىلىتارىستلار ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا سادىقلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەپ بېرىشىنى مەقسەت قىلغان ھالدا ھەر بىر پولك، باتالىيونلارغا مەخسۇس ئىشتاتلىق ئاخۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسلام قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىپ، 5 ۋاق ناماز ئوقۇش، روزى تۇتۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، دىنىنى پۈتۈن قوشۇنغا سىڭدۈردى، قورچاق ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گوچۈەنلياڭ ۋە 8 چوڭ باشقارمىنىڭ قىسمەن ئەمەلدارلىرى ھەساپقا

ئالمىغاندا، ئىزۋوت، روتىدىن يۇقۇرى پولك، بىرىگادا، دىۋىزىيە كوماندىرلىرىنىڭ مۇتلەق كوپ ساندىكىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ئىدى. بۇ قوشۇن جياڭجېيشى گورۇھىغا قاراشلىق بولماستىن مابۇفاڭ مىلىتارىست گورۇھىغا قاراشلىق "يەرلىك" قوشۇن ئىدى، بۇ قوشۇنغا ئەسلىدە گەنسۇ خېشىدە تۇرۇشلۇق يەرلىك مىلىتارىست مابۇچىڭ قوماندانلىق قىلاتتى، كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى مابۇفاڭ ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

1945 - يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قوشۇنلىرى بارغانسېرى ئىلگىرىلەۋاتقان، گومىنداڭ قوشۇنلىرى مەغلوپ بولۇپ ھەدەپ چېكىنىۋاتقان جىددى پەيتتە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، جياڭجېيشىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ قوشۇننى چىڭخەيدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلدى.

شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇن 1 - كورپۇس دەپ نام بېرىلـگەن بۇ قوشۇننىڭ ئەمىلىي "ئەسكىرى سانى 10 مىڭغا، ھەربى ئەمەلدارى مىڭغا يەتمەيتتى" شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن جەنۇپتا تۇرپان، پىچان، توقسۇننى، شىمالدا گۈچۈڭ، فۇكاڭ، مورىلارنى بۇ قوشۇننىڭ موداپىە رايونى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. باش ئىشتاپ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1947 - يىلى گومىنداڭ ئۆزقىسىملىرىنى قايتىدىن رەتلىگەندە ئەسلىدىكى ئاتلىق 5 - كورپۇس ئارمىيىسىنى 1 - دىۋىزىيىگە ئۆزگەرتتى. ئەسلىدىكى 5 - كورپۇسنى 6 - بىرىگادىغا، ئەسلىدىكى 1 - دىۋىزىيىنى 7 - بىرىگادىغا ئۆزگەرتىپ، ئاتلىق 1 - كورپۇسنىڭ قارمىقىغا

ئۆتكۈزۈپ بەردى. ماچېڭشيانىڭ كورپۇس كوماندىرلىقىغا، خەنرۇڭفۇ 6 - بىرىگادا كوماندىرلىقىغا، مەن 7 - بىرىگادا كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندۇق. شۇچاغدا بىز گەرچە سۇڭ شىلىيەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولساقمۇ، لېكىن ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر- نىڭ كۆڭلىدە پەقەتلا مابۇفاڭغا ئېتىقات قىلىشتەك يەرلىك ئايرىلىپ تۇرۇش ئىدىيىسى بار ئىدى.

1948 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قوشۇن ئىچىدە شەرقىي گەنسۇغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەندى. كەم ئاتلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن گۇچۇڭ، فۇكاڭ، مورىلاردىن مىڭغا يېقىن، قاراشەھەردىن مىڭدىن ئارتۇق ئات سېتىۋالدۇق. 1949- يىلى 6 - ئايدا بىز مابۇفاڭنىڭ خېتىگە بېرىپ ئازات- لىق ئارمىيىسىنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەش يولىنى توساپ زەربە بېرىش، لۇشۇرېننىڭ 179 - بىرىگادىسىنى بىرگە ئېلىپ مېڭىش توغرىسىدىكى رەسمىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. قوشۇننىڭ تەييارلىقى ھازىرلىنىپ بولدى. 6 - ئايدا ئائىلە تەۋەلىرىنى پۈتۈنلەي يۇرتقا قايتۇردۇق. 7 - ئايدا ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرى يولغا چىقتى. ئالدىنقى قىسىم گۇچۇڭغا يېتىپ بارغان ئىدى. بۇ چاغدا شەرقىي گەنسۇدىكى ئۇرۇشلاردا مابۇفاڭ قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭدەك مابۇفاڭنىڭ كونا ئۇۋىسى چىڭخەيگە قېچىپ كېتىپ پۈتۈن سەپ بويىچە بىتچىت بولۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى. شۇڭا قوشۇنغا جىددىي بۇيرۇق بېرىپ

ئەسلى تۇرۇۋاتقان جايلىرىغا قايتۇردۇق. ئازاتلىق ئارمىيە پۈتۈن مەملىكەتكە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان غەلىبە خەۋەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىۋاتقان، جياڭ جيېشى خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەجەلى توشۇپ ھالاكەتى مۇقەررەرلىشىپ قالغان، پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشى جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن تاۋسىيۇ باشچىلىقىدىكى ھەقىقەتكە قايتىش تەرەپدارلىرى بىلەن ماچىڭشياڭ، يېچىڭ، لۇشۇبىنلار باشچىلىقىدىكى ئۇرۇشپەرەسلەر ئوتتۇرىسىدا كۈرەش جىددى بولدى. ئارقا - ئارقىدىن يىغىن ئېچىلىپ ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىشى ناھايىتى كەسكىنلەشتى، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ماچىڭشياڭ ئۆز ئويىگە مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى گوچۈەنلياڭ، سەنمۇجاڭ جاڭ ۋۇمى، 6-بىرىگادا كوماندىرى خەنرۇڭفۇ ۋە 7- بىرىگادىدىن مېنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ بىزنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى سىناپ كۆرمەكچى ۋە ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقچى بولدى. شۇكۈنلەردە مەن قايتا - قايتا ئويلانسامۇ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلار تۈپەيلىدىن گۇڭچەنداڭ سىياسىتىنى زادىلا چۈشەنمەيتتىم، ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇش مەسىلىسىدە قايغۇراتتىم. ئەمما ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا قاراپ پۈتۈن مەملىكەت مۇقەررەر ئازات بولۇشقا يۈزلەنگەن تارىخ ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى

ئۇچۇق چۈشىنەتتىم. بىز بىرقانچە يىلدىن شىنجاڭدا تۇرۇپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاش-تۈزىنى يېدۇق. ناۋادا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى چىقىرىدىغان بولساق گۇناسىز پۇقرالارنى بالايى-ئاپەتكە سۆرەپ كىرىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى چىڭخەي، گەنسۇلۇق قېرىنداشلار بولۇپ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۆيلىرىدىن ئايرىلغانلار ئىدى، ناۋادا ئۇرۇش قىلىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆلدە قالمامدۇ؟ قاراپ تۇرۇپ شۇنداق ئەھۋالغا كىرىپ قالىدىغان بولساق ۋىجدانسىزلىق بولمامدۇ؟! بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەقەتلا ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت داغدام يوللا بار ئىدى. كەڭ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئىنقىلاۋىي فرونتقا ئاتلىنىپ باي، مۇنبەت شىنجاڭنى قايتىدىن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىگە سېلىپ قويماسلىق، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋە تارىخىي ئېقىمغا ئۇيغۇن ئىدى. شۇڭا مەن ھەقىقەتكە قايتىش تەشەببۇسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدۇم، كۆپچىلىك بۇنىڭغا باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ماجىڭشىياڭمۇ بىر نەچچە ئېغىز چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپلا بىزنى ئۈزۈپ قويدى. 9-ئاينىڭ 14-كۈنى ماجىڭشىياڭ پولكتىن يۇقۇرى كادىرلار يىغىنىنى ئېچىپ يىغىندا ئۆزىنىڭ ئارمىيىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىككە مۇۋەققەت دىۋىزىيە كوماندىرى سايلاپ چىقىشنى ئېيتتى. كۆپچىلىك قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى ھوقۇقنى تاپشۇرۇۋېلىش

لازىم ئىدى. لېكىن گوچۈەنلياڭنى كورسەتكەندە ئۇ دەرھال رەت قىلىپ ئۆزىنى چەتكە تارتتى، گوچۈەنلياڭ دەرھال خەنرۇڭ-فۇنى كورسەتتى، خەنرۇڭفۇ ئالاقزادە بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى ھېچكىم خالىمايتتى. ئاندىن مېنى كورسەتتى، گوچۈەنلياڭ ۋە خەنرۇڭفۇلار ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىش ئۈچۈن مېنى جېنىنىڭ بېرىچە پۈيلەپ كوككە كوتەردى. بۇ دەل ماچىڭشياڭنىڭ كوڭلىدىكىدەك بولغانلىقتىن ماقۇل كەلدى. شۇ چاغدا مەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋە كەڭ ئەسكەر-لەرنىڭ ئامانلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى كوز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ۋە ئارمىيىنى تېچ ئامان خەلق قوينىغا تاپشۇرۇپ، ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئازدۇر-كوپتۇر ھەسسە قوشۇش يولىدا، ھەر قانداق خېيىم-خەتەر بولسىمۇ ئوز ئۈستۈمگە ئالسام ئولسەممۇ ئارمىنىم يوق دېگەننى ئويلاپ دەرھاللا ئار-مىيىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىشتەك ئېغىر يۈكنى ئۈستۈمگە ئالدىم. 23 - كۈنى ماچىڭشياڭ قاچتى. مەن دەرھال تاۋسيۈنى ئىزلەپ ھەقىقەتكە قايتىش يونۇلۇشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم (چۈنكى ھەقىقەتكە قايتىشتا تاۋسيۈنىڭ بىردىن بىر غېمى ئاتلىق 5 - كورپۇس ئىدى). پۈتۈن ئارمىيىنى ھەقىقەت-كە قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن تاۋسيۈنى قوشۇنىمىزنىڭ ئىزۋوتتىن يۇقۇرى كادىرلىرىغا ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم. بۇ يىغىن لومەنچىڭدىكى باش ئىشتاپ زالىدا ئوتكۈزۈلدى. 179 - بىرىگادىنىڭ كادىرلىرىمۇ قاتناشتى، دوكلات بىر كۈن داۋام قىلدى. گېنېرال تاۋسيۇ جانلىق ۋە

كىشىنى تەسىرلەندۈرەرلىك سۆزلەر بىلەن نۇۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ بىردىن بىر يولىمىز ھەقىقەتكە قايتىش ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق كۆرسەتتى. يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كادىرلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشتىكى غەم-ئەندىشىسى تۈگەپ توغرا تونۇشقا كېلىپ ھەقىقەتكە قايتىش قەدىمى تېزلەشتى. ئاخىرىدا 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگىراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىمىزنى رەسمىي جاكالاپ ئىنقىلاۋىي سەپكە قوشۇلدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدېلار جاۋاپ تېلېگىرام يوللاپ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىمىزنى تەقدىرلىدى ھەمدە بىزگە ئۆتكەننى سۈرۈشتۈرمەسلىك سىياسىتىنى تاپشۇرۇپ خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىمىزغا رىغبەتلەندۈردى. بۇ جاۋاپ تېلېگىراممىا بىزگە ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى. بىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن كۈرەش ئاخىرلاشمىغان ئىدى. ئۇرۇشپەرەسلەرگە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي ھەرخىل ۋاستىلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تېز ئازات بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئىشپىيون باشلىغى ليۇخەندۇڭ راۋتېشەنلەر قېچىش ئالدىدا ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى تېچلىق ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئىككى قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھرىگە ئوت قويۇپ بېرىشنى پىلانلىدى، ئازساندىكى بۇزۇقلار، ئىشپىيونلار

ھەقىقەتكە قـايتقان قوشۇنلار ئىچىدىكى تەرسالار بىلـەن تىل بىرىكتۈرۈپ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇز-ماقچى بولدى. بۇچاغدا ۋەزىيەت قالايمىقان، مۇرەككەپ بولۇپ ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بۇچاغدا تاۋسىيۇ، تاۋجىڭ-چۇ، ليۇمىڭچۇنلەر مېنى چاقىرىپ مۇزاكىرە قىلىپ، گومىنـداڭ-نىڭ بىردىن بـىـر جەڭ قىلالايدىغان ئاتلىق 5 - كـورپۇسىنى مۇشۇ پەيتتە خىزمەت كۆرسىتىشكە، چوڭ ۋەزىيەتنـى تـېـچـلانـ-دۇرۇپ ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. لۇشۇرېننىڭ 179 - بىرىگادىسى گەرچە ئۈرۈمچى شەھەرنى قوغدىغۇچى قىسىم بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنى كونتۈرول قىلالمايـدىغانلىقى ھەم ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. مەن بـۇچـاغـدا خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىمىزنى يۇيۇشنىڭ پۇرسىتى ھەمراست ھەقىقەتكە قايتىش بىلەن يالغان ھەقىقەتكە قايتىشنى ئايرىيدىغان كۈچلۈك دەلىل بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىمەدە بىر ئېغىزدىن قوبۇل قىلدىم. بىرپولك، بىرباتالىيون ئەسكەرنى شۇئانلا ئۈرۈم-چىگە يوتكىدىم، 14 - پولكنى لومەنچىڭغا، ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر باتالىيوننى ئۈرۈمچى شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاش-تۇردۇم. قىسىملارنىڭ بىر قىسمى تـيانشان مېھمانخانىسىدا، يەنە بىر قىسمى نەنگۇەندە تۇردى. كۈندۈزى نەنمىگەدىن سەنشىخاڭزا ئارىلىقىدىكى يولنى ياسىدى. كېچىسى شەھەرنى كۈزەت قىلدى. شۇچاغدا قـاراشـەر، قۇمۇلدا ئوت قويۇپ بانكىنى بۇلاپ كەتـ-كەن خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچى شەھرى تېخىمۇ قالايمىقانـ-لىشىپ، ئىشپىيونلار ئاخشىمى ئوق ئېتىپ خەلقنى تېچ ھايات

كەچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. تاۋجىڭچۇ، ليۇ-
مىڭچۈن مېنى يەنە چاقىرىپ، ئەنسىرىگەن ھالدا ئۈرۈمچىنىڭ
ئامانلىغىنى ساقلاشقا كوزىڭىز يېتەمدۇ؟ دەپ سورىدى. مەن
قەتئى ھالدا: خاتىرجەم بولۇڭ، قاراشەر، قۇمۇل
ۋەقەسىنىڭ ئۈرۈمچىدە يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول
قويمايمىزدىدىم، قايتىپ كېلىپ كۆزەتكۈچىلەرنى كۆچەيتىپ قو-
شۇنغا ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئې-
لىشنى قايتا - قايتا جىكىلىدىم. ئۈرۈمچىنىڭ ئارقا كوچىلىرى-
دا ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپ كېتىشتەك ۋەقەلەر
يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ۋەقەنىڭ كېڭەيىپ كېتىشىنى ناھايىتى چاپ-
سان تىزگىنلىدۇق. مەن يەنە لۇشۇرېن قىسمىنى مۇۋەققەت
باشقۇرۇۋاتقان لورۇجىڭ بىلەن كورۇشتۇم. گەرچە 179 - بىرى-
گادىدا ئەسكەرلەر كوپ بولسىمۇ، ئېكىن كوپساندىكىلىرى ياخ-
شى ئادەملەر ئىدى. بىز كېڭىشىپ ئوزئارا ماسلىشىپ ئېھتىيات-
چانلىقنى كۆچەيتىپ ئاخىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئامانلىغىنى
قوغداش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدۇق.

ئۈزۈن ئوتمەي قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق بىر باتالىيون ئەسكەر
توپىلاڭ كوتەردى، تاۋسىيۇ يەنە مېنى چاقىرىپ ئەسكەر ئە-
ۋەتىپ توپىلاڭنى تىنجىتىشنى ئېيتتى. مەن ئىشتاپقا قايتىپ
كېلىپ دەرھال پولك كوماندىرى ماشجېنى توپىلاڭ كوتەر-
گەنلەرنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتىم. قىسقىغىنە 2 - 3 كۈن ئىچىدە
مىچۈەن رايونىنى قولغا كىرگۈزۈپ توپىلاڭ چىقارغۇچىلارغا
كۈچلۈك زەربە بېرىلدى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە

ئوت قويۇشتەك شېرىن خىياللىرى كوپۇككە ئايلاندى.

جەمىيەت ئامانلىقى قەدەممۇ - قەدەم ياخشىلاندى. ئازاتلىق ئارمىيە ئوكۇشلۇق كېلىپ ئۇرۇمچىگە ئورۇنلىشىپ شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقى ئۇچۇن ياخشى ئاساس يارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇزەل باي شىنجاڭ ئاخىرقى ھېساپتا تىنچ ئامان خەلقنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى.

1980 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۇنى

# شىنجاڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشىدىن ئاۋالقى «شىنجاڭ گېزىتى»

چىڭ چۈەنچۇ

شىنجاڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشىنىڭ ئالدىدا، كونا شىنجاڭ گېزىتى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ تەشەببۇس قىلغان تىنچ سوھبەتلىشىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ "شىنجاڭ تېچلىقىنى قوغداش"نى مەركەز قىلغان تەشۋىقات فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى ھەربى ۋە مەمۇرىلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن، بىر قاتار جامائەت پىكرى تەييارلىدى. مەن 1948 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ "25 - سېنتەبىر" ھەقىقەتكە ئۆتكەنگە قەدەر شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە باش تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئىدىم. مەن بۇ ماقالامدا ئۆزەمنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىم بويىچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئازات بولۇشتىن ئاۋالقى بىر يىلدىن ئارتۇغراق ۋاقىت ئىچىدىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى بايان قىلماقچىمەن.

## 1. گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تەشۋىقات فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن

1944 - يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. 1945 - يىلى گېنېرال جاڭجىجۇڭ گومىنداڭ-

نىڭ غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىگە مەسئۇل بولۇپ كېلىپ، ئۆزى ئىلىغا بېرىپ، 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تېچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى ۋە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىكى، 3 ۋىلايەتنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتىن خېلى بۇرۇنلا، گېنېرال جاڭجىجۇڭ شىنجاڭ گېزىتىگە 3 نۇقتىلىق تەشۋىقات فاكچېنى كۆرسەتكەن ئىكەن. ئۇمۇمى مەزمۇنى: 1. دولەت ئىچىدىكى مەسىلىلەردە تېچلىق سۆھبىتىنى تەشەببۇس قىلىش، گېزىتتە كوممۇنىزىمغا قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزمەسلىك، 2. خارجى مۇناسىۋەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقنى تەشەببۇس قىلىش، گېزىتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزمەسلىك، 3. ئۆلكە مەسىلىسىدە شىنجاڭنىڭ تېچلىقىنى قوغداشتا، شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى باسماسلىق ئىدى.

كېيىن گېنېرال جاڭجىجۇڭ خىزمەت سەۋەبىدىن نەنجىڭگە قايتىپ كەتتى. جاڭ ئەپەندى شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بەختكە قارشى شىنجاڭدا ”تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسى“ پەيدا بولغانلىقتىن شىنجاڭنى تېچ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىيىتى تەسىرگە ئۇچراپ، قۇرۇلغان دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى شۇ

خىل ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭ گېزىتى جاڭ جىجۇڭ بېكىتكەن 3 نۇقتىلىق تەشۋىقات فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشى يېتەرلىك بولمىدى.

1947 - يىلى قىشتا سابىق گومىنداڭ غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش كاتىۋى ليۇ مىڭچۈن ئەپەندى نەنجىڭگە بېرىپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا شىنجاڭدىكى ھەربى، مەمۇرى خىزمەتلەر ئۈستىدىن دوكلات قىلىش ۋە يوليورۇق سوراشقا ماڭغاندا، "شىنجاڭ گېزىتىنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش كېرەك؟" دېگەن مەسىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ھەربى ۋە مەمۇرى مەسىلىلەر، بۇ ماقالىمىزنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شىنجاڭ گېزىتى توغرۇلۇق، شۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭنىڭ ماقۇللۇغى بويىچە، گېزىتنىڭ باشلىغىنى ۋە تەھرىر باشلىقلىرىنى ئالماشتۇرماقچى بولدى. ۋاڭ تېيچىڭنى گېزىتخانا باشلىقلىغىغا، چىڭ چۈەنچۈەننى مۇئاۋىن باشلىق قوشۇمچە باش تەھرىرلىككە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ليۇ مىڭچۈننىڭ بۇ ئىككى كىشىنى تاللاپ گېزىتخانىغا قويۇشى، ئاساسي جەھەتتىن بۇ ئىككىسىنىڭ دولەت ئىچى - تاشقى ۋەزىيەتلىرىدىكى بولغان كوز قارىشى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىردەك بولغانلىغى ئۈچۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىق كورسىتىشى بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ گېزىتىگە كورسىتىپ بەرگەن تەشۋىقات فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللىشىشىنى ئۈمىت قىلدى.

## 2. بىر "شىنجاڭچە" بىرلەشمە تەھرىر كوللېگىيىسى

1948 - يىلى ۋاڭ تېيچىڭ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باشلىغى، چىڭ

چۈەنچۈ مۇئاۋىن باشلىق قوشۇمچە باش تەھرىر بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن تەھرىرلەرنى كەڭ كولەمدە يوتكەپ رەتلىدى.

رەتلەشتىن ئاۋال تەھرىرلەر، مۇخبىرلار دىگەندەكلا سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگىدىن ئىدى. سابىق مۇئاۋىن باشلىق قوشۇمچە باش تەھرىر ليۇباڭيۇەن شىنجاڭغا كېلىشتىن ئاۋال جياڭ جىڭگو تەسىس قىلغان سەنمىنجۇيىلىق كادىر تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ گېزىتىگە كەلگەندە تەھرىرلەر، مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

ليۇباڭيۇەن خىزمەتتىن ئايرىلىش ۋاقتىدا كوپ ساندىكى تەھرىرلەر، مۇخبىرلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولمىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى. چىڭ چۈەنچۈ نەنجىڭدىن يالغۇز ئۆزىلا شىنجاڭغا كەلگەندە ۋاڭ تېيچىڭ تېخى لەنجۇدا ئىدى. كوپ ساندىكى تەھرىرلەر ۋە مۇخبىرلارنى خىزمەتتىن بوشىتىشتەك ئېغىر قىيىنچىلىق ئالدىدا باش كاتىپ ليۇمىڭچۈن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋاقىتلىق مۇۋەققەت گېزىتخانا باشلىقى بولۇپ، بىر نەچچە دوستلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بۇلار مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى پىشقەدەملەردىن شياۋ بىڭخەي، جاڭ زىڭپۇ، لى فەنچۈن قاتارلىقلار، بۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا گېزىتخانا تەھرىر بولۇمىگە كېلىپ ياردەم قىلدى. ۋاڭ تېيچىڭ لەنجۇدا ھەر تەرەپكە خەت - تېلېگراممىلار ئەۋەتىپ ئادەم تەكلىپ قىلدى. بىر ئايدىن كوپرەك تىرىشچانلىق كورسىتىش ئارقىلىق ئىچكىرىد-

دىن تەكلىپ قىلىغان تەھرىر خادىملىرى ئىلگىر - كېيىن بو-
لۇپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، يېڭى تەھرىر كوللېكتىپىنى
تەشكىللىدى. كەلگەن تەھرىرلەر ئىچىدە سابىق لەنجۇ گومىن-
داڭ "تېچلىق" گېزىتىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى
يى شۆجى، سابىق غەربىي شىمال مەدەنىيەت جەمئىيىتىدە ئىشلى-
گەن فۇتۇ سۇرەت مۇخبىرى سۇن زىيىڭ، "دۇنيا بىلىملىرى"
ژورنىلىنىڭ ئاتاقلىق خەلقارا مەسىلىلەر ماقالىچىسى يۈجېڭۋۇ،
ۋۇخەندە چىقىدىغان سەنئەت ژورنىلى "ئىيول"غا ماقالا يازىدى-
غان يازغۇچى ياڭ بودا قاتارلىقلار بار ئىدى.

بۇ تەھرىر كوللېكتىپى ئوخشاش بولمىغان سىياسى خاھىش
ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەردە تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان بىر مە-
سىلە شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە "كۆرەش جەمىيىتى" نامىلىق يەر ئاس-
تى ئىلغار تەشكىلات بولۇپ، مەخپى تۈردە، يەر ئاستى ژورنىلى
«كۆرەش»نى بېسىپ تارقىتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەشكىلاتنىڭ
3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى 3 ۋىلايەت بىلەن مەلۇم ئالاقى-
سى بار ئىدى. كېيىن بىلدۇقكى، 1948 - يىلدىن بۇرۇنلا شىن-
جاڭ گېزىتىنىڭ مۇھىم تەھرىرلىرىدىن تولىسى بۇ كۆرەش جەمى-
يىتىگە ئىشتىراك قىلغان.

بۇ "شىنجاڭچە" بىرلەشمە تەھرىر كوللېكتىپىدا، جاڭ
جىجۇڭنىڭ سىياسى تەشەببۇسلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان گومىنداڭ
ئەزالىرى، 3 ۋىلايەت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆرەش جەمىيىتى-
نىڭ ئەزالىرى، شۇنىڭدەك پارتىيىسىز گۇرۇھتىكىلەر بار ئىدى،

باش تەھرىر چىڭچۈەنچۇ، 1949 - يىلى سوۋېت كونسۇلىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئارقىلىق، شىنجاڭ گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاشكارا سالاھىيەت بىلەن، جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت گەنسىسى، كۈرەش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان لوجژ بىلەن كۆپ ئۇچرىشاتتى (لوجژ 1949- يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 نەپەر يولداش بىلەن بېيجىڭدىكى بىرىنچى نۆۋەتلىك سىياسى كېڭەش يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان سوۋېت چېگرىسى ئىچىدە ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان).

1949 - يىلى فېۋرال، مارت ئايلىرىدا ۋاڭتېيچىڭ شەخسى سەۋەپتىن، شىنجاڭ گېزىتخانىسىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ليۇ مىڭچۈننىڭ يېقىن خىزمەتدىشى تەن ۋېيشى گېزىتخانىغا مۇدىر بولۇپ كەلدى.

بۇ بىرلەشمە تەھرىر كوللېگىيىسى 1948 - يىلدىن كېيىن ئۇڭۇشلۇق ھالدا جاڭ جىژجۇڭ بېكىتىپ بەرگەن 3 نۇقتىلىق تەشۋىقات فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تېچ بولۇشىنى قوغداشتا گېزىتنىڭ ئوتەشكە تېگىشلىك تەشۋىقات رولىنى جارى قىلدى.

## 3. گېزىت سەھىپىسىدىكى "تېچلىق"

تەھرىرلىكتىكى ئەمەلىي خىزمەتلەردە، جاڭ جىژجۇڭنىڭ تەشۋىقات فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بىز يەنە بىر

قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندۇق.

شۇ چاغدا، بولۇپمۇ 1948 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان بۇ گېزىتنى ئىشلەشتە، بىز ئىككى چوڭ چەكلىمىگە ئۇچرايتتۇق. 1 - ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغاچقا، دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى خەۋەرلىرىنى باسقاندا، پەقەت گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنىنىڭ تېلېگراممىسىنى ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. 2 - يىراق چېگرىدا مەدەنىيەتتى قالاق بولغانلىقتىن بۇ گېزىتكە مەخسۇس ماقالا تەشكىللەش ئىمكانىيىتى جەھەتتە چەكلىنەتتى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى مەسىلىلىرىگە ئائىت بولغان مەخسۇس ماقالىلاردا ئىمكان قەدەر بۇ ئىككى چەكلىمىنى يېڭىش ئۈچۈن، مېنىڭ قوللانغان تەدبىرىم: (1) قەتئىي تۈردە جاڭ جىجۇڭ تەستىقلىغان قاتتىق بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش خەۋىرى توغرۇلۇق بىر خەتمۇ باسماسلىق، (2) گومىنداڭ مەركىزىي ئاخباراتى تارقاتقان ئىچكى - تاشقى خەۋەرلەرنى قاتتىق تاسقاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كوممۇنىزىمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولغانلىرىنى تازىلاپ چىقىرىش، (3) شىنجاڭدىكى بىردىن بىر گېزىتنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىگۇنا ئەيىپلەنگەن ئىلغار گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئومۇمىي خەۋەر ۋە مەخسۇس ماقالىلارنى كۆپلەپ ئېلىپ تارقىتىش.

1949 - يىلى سوۋېت كونسۇلىنىڭ ماقالا بىلەن تەمىنلەش مەنبەئى ئېچىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى گېزىت - ژۇرناللارنى تاپشۇرۇۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدا (1949 -

يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلى) بىز ئۈزلۈكسىز تۈردە خەلقارا خەۋەرلەر جەھەتتىن تاس ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگرامما خەۋەرلىرى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن خەلقارا مەسىلىلەرگە ئائىت مەخسۇس ماقالىلارنى كۆپەيتتۇق.

جاڭ جىجۇڭنىڭ تەشۋىقات فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىمىزدىكى مەسىلىلەر جەھەتتە، بىز ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تىركىشىشتەك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن سۈكۈت قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆلكە، شەھەرلەردىكى سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدۇق.

تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىز يەنە زور كۈچ بىلەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق قوشۇمچە ژورنال نەشر قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ھەر خىل ئىلمىي مەخسۇس ژورنال ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت بەتلىرىنى چىقىرىپ، ئىچكى - تاشقى يېڭى خەۋەر كەمبەغەللىكىدىن ئىبارەت ئاجىزلىقىمىزنى توشقۇزدۇق. مەخسۇس قوشۇمچە بەتلەردە بېسىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە، قىسمەن خەلقنى، ئىنقىلاپنى مەدھىيىلەيدىغان، ئىستىبدات ھاكىم مۇتلەقلىقنى قامچىلايدىغان چىرىك، قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىدىغان ماقالىلار ھەقىقەتەنمۇ بار ئىدى. گەرچە شەرت - شارائىتنىڭ قىستىشى تۈپەيلىدىن، ئىپادىلەش ئانچە ئوچۇق بولمىسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن خەلقنى يورۇقلۇققا باشلاپ ماڭدى. بەزەن ئىلمىي - پەنگە ئائىت ماقالىلارنىڭ بېسىلىشىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقى-

شىغا ئېرىشكەن ئىدى.

تەشۋىقات ئۈنۈمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، بىز يەنە شىن-جاڭ بويىچە نەچچە يۈزلىگەن گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىلىرى قۇر-دۇق، بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىلىرىغا ئېتىۋار بېرىپ، گېزىت باھاسىنى چۈشۈ-رۈپ ساتتۇق. گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىلىرى گېزىت ئوقۇش مۇزاكىرە خاتىرىلىرىنى گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرەت-تى. تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتىرىلارنىڭ مۇزاكىرە خاتىرىلىرىدىن تاللاپ گېزىتلەردە ئېلان قىلاتتى. ئەۋەتىلگەن ماقالىغا قەلەم ھەققى بېرىپ، ئېلان قىلىنمىغانلىرىغا بىر بىردىن خەت يازاتتى. مۇ-شۇنداق قىلىپ زور دەرىجىدە گېزىت بىلەن مۇشتىرىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتۇق.

يۇقۇرقى تەدبىرلەر ئارقىلىق، بىز 1948 - يىلى جاڭجى-جۇڭ بېكىتكەن تەشۋىقات فاڭجېنلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاش-تۇردۇق. 1948 - يىلى مەملىكەت مىقياسىدا ئىنقىلاۋىي ۋەزى-يەت زور تەرەققى قىلغان بىر يىل. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئارقىمۇ - ئارقا غەربىي شىمالدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، كەينى - كەينىدىن لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭ-جىن 3 چوڭ ئۇ-رۇشتا غەلىبە قىلدى. ئەمما، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى شىن-جاڭ گېزىتى "سۈكۈت" قىلىپ، ھېچقانداق خەۋەر تارقاتمىدى. لېكىن سىياسى كۈرەش ئىستىراتېگىيىسى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ گېزىت ھەقىقەتەنمۇ «تۈزلەڭلىكتىكى پارتىزانلار» فىلىمىدى-

كى ھىلىقى جىسەكچى بوۋاينىڭ "ئەل ئامان!" دەپ توۋلىغىنىغا ئوخشاش دۈشمەننى بىخوتلاشتۇرۇپ، دۈشمەن ئارمىيىسىدىكى ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنىڭ كۆرەش غەيرىتىنى بوشىتىش رولىنى ئوينايتتى. شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى كونكرېت شەرت - شارائىتى بويىچە قارىغاندا، شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا، تېپچىلىق سوھبىتى ئارقىلىق، تېپچىلىققا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ "تېپچىلىق" پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تېپچىلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماستىن، ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى مىلتىق ئاۋازىنى توختىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قارىتا ئەكسىلئىنقىلاۋى ئۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى توساش رولىنىمۇ ئوينىدى. شۇنىڭدەك دەل مۇشۇ "تېپچىلىق" شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۇتۇشىغا يوشۇرۇن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئەلۋەتتە، مۇبادا گېزىتىمىز شۇ چاغدا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگرامما خەۋەرلىرى بىلەن ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلالىغان بولسا، ئۇنىڭدا باشقىچە بولاتتى، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ گېزىتى بۇنداق قىلالمايتتى، بۇ رېيال ئوبېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئەمما بۇ خىزمەتنى بەزى كىشىلەر ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ئىشلەيتتى. ئۇ بولسىمۇ يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلاتنىڭ كۆرەش جەمئىيىتى ۋە ئۇلار بېسىپ تارقاتقان يەر ئاستى ژورنال — «كۆرەش» ئىدى.

1949 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ گېزىتى مەخسۇس ئادەم

تەيىنلەپ شىنخۇا ئاگېنتلىغىنىڭ يېڭى خەۋەرلەردىنى خاتىرىلەپ رەھبەرلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇناتتى. يەنە بىر نۇسخا كوچۇرۇپ، يەر ئاستى يوللىرى بىلەن كۇرەش جەمىيىتىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ ئىش تېلېگراممىا ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى جاڭ جيەنخاۋ تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، مەخپى تۇردە شۇ چاغدىكى شىنجاڭ گېزىتخانا رەھبەرلىگىگە دوكلات قىلغان.

## 4. شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئوتتۇشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاش

دولەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ گېزىتى باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈننىڭ يوليورۇغى بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇرۇنلا كورسەتكەن 3 نۇقتىلىق فاكچېنىنى بويىلاپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئوتتۇشى ئۈچۈن، جامائەت پىكرى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1949 - يىلى تىنچلىق سوھبىتىنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىپ تاشلاندى. جاڭ جىجۇڭ باشچىلىغىدىكى گومىنداڭ تىنچلىق سوھبەت ۋەكىللەر ئومىگى بېيجىڭغا بېرىپ، بىر نەچچە ئايلىق سوھبەتتىن كېيىن، دولەت ئىچىدىكى تىنچلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. كېيىن نەنجىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ شەرتنامىنى رەت قىلدى. ئەمما شىنجاڭ گېزىتى بۇ تىنچلىق شەرتنامىسىنى پۈتۈن تېزىسى بويىچە ئېلان قىلدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق رايونىدىكى بىر گېزىت بولغانىنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇ-

مەتنىڭ ئورگان گېزىتى بولغاچقا، جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇلغان، گومىنداڭ رەت قىلغان ئىچكى تېچلىق شەرتنامىسىنى پۈتۈن تىزىسى بويىچە ئېلان قىلالىشى بىر چوڭ ئىش ئىدى. بۇ پەقەت، گېزىت ئۆزىنىڭ تالىشىۋالغان مەيدانىنى ئاشكارىلاپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى مۇشتىرىلارغا بىر خەۋەرنى–يەنى "شىنجاڭ چوقۇم سوھبەتلىشىش يولىدا، كېيىن چوقۇم ھەقىقەتكە ئۆتۈش يولىدا ماڭىدۇ" دېگەننى ئۇچۇق ئېيتالىدى.

تېچلىق سوھبىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېزىت سەھىپىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى تونۇشتۇرىدىغان مەخسۇس بەت ئاچتى. بۇ مەخسۇس بەت لېۋمىڭچۈننىڭ كورسەتمىسى بىلەن بولغان. تەن ۋېيشى ۋە چېڭچۆەنچۈلار مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى زىيارەت قىلىپ، سوۋېت كونسۇلىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئارقىلىق گېزىتخانىمىزغا ماقالا يېزىشىنى مۆزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھەركەت، ئەلۋەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقتىن، گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ ئوزىدىن قارىغاندا، "سوۋېت ئىتتىپاقىنى تونۇشتۇرۇش" سەرلەۋھىلىك بۇ مەخسۇس بەت ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاشتەك بۇ بىر مەركىزىي ۋەزىپىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. نەنجىڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان يۈز مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ

شەرقىي چېگرىسىدا تۇرۇۋاتقان بىر جاھىل كۈچنىڭ تۇسقۇنلۇقى ئاستىدا، دەرھاللا بايرىقىنى ئالماشتۇرۇشقا بولماي، يەنە جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭدەك بىز گەرچە شىنجاڭنى ئاگېنتـ لىقىنىڭ يېڭى خەۋەرلىرىنى كوچۇرۇۋالغان بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئارقىلىق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلغان غەلىبە خەۋەرلىرىنى بېسىشقا بولمايتتى. پەقەت يەنىلا 1948 - يىلىدىكى ”تېچلىق“تىن ئىبارەت كونا ئۇسۇلنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا گېزىت يۈزىدە كورۇلگەن يېڭى ئەھـ ۋال، گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان دولەتـ نىڭ ئىچكى سىياسى خەۋەرلىرىنى ئىمكانقەدەر ئازئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك ئىدى. ئىيولدىن باشلاپ ئىچكى يېڭى خەۋەرلەر بېتى ئېلىپ تاشلاندى.

## 5. گېزىتنى مەركەز قىلغان ھەقىقەتكە ئۇتتۇش ۋە قارشى تۇرۇش كۇرىشى

شىنجاڭ گېزىتى ئازاتلىقتىن ئاۋال، شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتـ كە ئۇتتۇشى ئۇچۇن جامائەت پىكرى ھازىرلىغان بولسىمۇ، يەنىلا كەم بولۇپ بايرىقى روشەن ئەمەس، گەپلەردە ئۇزىنى چەتكە ئېلىپ تۇراتتى. ئەمما ھەقىقەتكە ئۇتتۇشكە قارشىلىق قىلغۇچىلار بۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن ئۇچمەنلىك قىلاتتى. بۇ يەردە بىر نەچچە ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئوتسەك زىيىنى بولماس.

بۇنىڭ بىرسى، 1949 - يىلىنىڭ ئاپرېل،

ماي ئايلىرىدا گومىنداڭ ئولكىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى ياڭ تەشۋىقات يىغىنىنى چاقىرىش ئارقىلىق، شىنجاڭ گېزىتىنى قورشاپ يوقىتىشنى قەستلىدى. يىغىندىن ئاۋال تېلېفون بىلەن تەنۋېيشى بىلەن چىڭچۈەنچۇلارنىڭ قاتنىشىشىنى خەۋەر قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قىسىملاردىكى سىياسى خىزمەت مەسئۇللىرى، مائارىپ ساھەسىدىكى رەھبەرلەردىن بولۇپ جەمئىي 30 دەك كىشى قاتناشقان ئىدى. يىغىندا ئولكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئىتى لى فەنچۈن، گومىنداڭنىڭ فېۋرالدا تارقاتقان ("ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش"قا قارشى ئالاھىدە تەشۋىق يوليورۇغى) نى ۋە ئاپرېل ئىچىدە تارقاتقان، ئەڭ ئاخىرىدا سوھبەتنى بۇزۇپ، داۋاملىق جاھىللىقنى تەرغىپ قىلىدىغان "تەشۋىق پىروگراممىسى"نى ئوقۇپ ئوتتى. ئۇلار ئەسلىدە نەنجىڭ رەت قىلىۋەتكەن "ئىچكى تېچلىق شەرتنامىسى"نى ئىشلەتكەن، جاڭ جىجوڭنىڭ بېيجىڭدا قېپقالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىكىدىن ئىبارەت بۇ سېسىق ماركىغا تايىنىپ، كوپچىلىكنى گېزىتنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە پىكىر بېرىشكە ھەركەتلەندۇرۇپ، گېزىتخانىنى خاتالىقنى تونۇشقا ھەمدە بۇندىن كېيىن قورچاق تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ "تەشۋىقات پىروگراممىسى"نى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ياڭ ئالدىنقى بىر كۇنى تەنۋېيشىغا تېلېفون بەرگەن ۋاقتىدا، يەنە: "نۇرغۇن ئاغىنىلارنىڭ گېزىتكە پىكرى بار" دىگەن. لېكىن راستىنلا يىغىندا يۈز كورۇشكەندە ئولكىلىك پىرقىدە داۋراڭ سالغان پىكىر قىلغۇچىلار

كوپ بولمىدى.

بۇنىڭ ئىككىنچىسى: ھەقىقەتكە ئوتۇشنى پىلانلاۋاتقان
پەردە ئارقىسىدىكى ھەرىكەت راسا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان
شۇ كۈنلەردە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھەقىقەتكە ئوتۇشكە قارشى-
لىق قىلغۇچى جاھىللار بەزى كىشىلەرنى جىدەل چىقىرىشقا قۇت-
راتماقچى بولۇپ، مەلۇم قىسىمدىكى بەزى كىشىلەر ”پالانچىنى
ئولتۇرىمىز“ دېگەندەك ئۈزلۈكسىز تەشۋىق قىلدى. (ھەقىقەتكە
ئوتۇشنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان) بەزىلەر ئادەم
توپلاپ ”كېچىسى كېلىپ گېزىتخانىنى چاقىمىز“ دېگەن ئىغۋالار-
نى تارقاتتى، بۇ خىل ئىغۋالارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا شىنجاڭ
گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇتلەق كوپ ساندىكى كەسىپداشلار
ۋە باسما زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار پەقەت تەۋرەنمەي، ئادەتتىكى-
دەك كېچە - كۈندۈز ئۆز ئىسمېنلىرىدا ئىشلەۋەردى. گېزىت
نورمال چىقىپ تۇردى. بۇ پەقەت ئاز ساندىكى ئايرىم كىشىلەر،
سۇبيېكتىپ جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ چوقۇم تېز ئازاتلىنىشقا ئېرىشە-
لىشىگە ئىشەنچى كەم بولغانلىقتىن، بۇ خىل ئىغۋالارنىڭ تەش-
ۋىشىگە ئۇچرىدى. شىنجاڭدا قېپقىلىشنىڭ خەتەر بولۇشىدىن
ئەنسىرەپ، ئازات بولۇشتىن ئاۋال ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەنلەر-
مۇ بولدى. ئىككى نەپەر تەھرىر لەنجۇغا قېچىپ بارغان-
دىن كېيىن، جاھىللار تەرىپىدىن ئولتۇرۇلدى.
بۇنىڭ ئۈچىنچىسى: 27 - سېنتەبىر، گېزىتخانىدىكى بەزى كىشى-
لەر، ئەتىنىڭ گېزىتىدە، شىنجاڭنىڭ تېلېگرامما بىلەن ھەقىقەتكە
ئوتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئۇققان. بەختكە يارىشا، بۇ

كۆنى كەچتە تەھرىر بولۇمى ۋە ھەرپ تىزىش ئۆيى كېچىلىك ئىسمېنىغا چىققاندا تويۇقسىز توك توختاپ قالدى. بۇرۇنمۇ دائىم ۋاقىتلىق توك توختاش ۋەقەلىرى بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا گېزىتخانا، باسمازاۋۇدىنىڭ بىر تۈزۈمىدە گاز لامپىلىرىنى تەييارلاپ ناۋادا كېچىسى توك توختاپ قالسا گاز لامپىلىرىنى ياندۇرۇپ ئىشلەشكە كاپالەتلىك قىلاتتى. ئەپسۇسكى دەل مۇشۇ كېچىسى گاز لامپىلىرىغا ماي قويۇلمايلا قالماستىن، بەلكى زاۋۇت باشلىقى لى شىڭخۇانى ۋە ئامبارچىنىمۇ ئىزلەپ تاپقىلى بولمىدى. 28- چېسلادىكى گېزىتنىڭ بېسىلىپ چىقىش ۋاقتى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقى كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ ئىشچىلار بەكمۇ تاقەتسىزلەندى. تەھرىر بولۇمىدىكى رەھبەرلەرگە ئامبارنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ، كىرسىننى ئېلىپ چىقىپ، گاز لامپىلىرىنى يېقىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. گەرچە بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېچىككەن بولسىمۇ، ئىشچىلارنىڭ جىددىي ئىشلىشى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېلېگرامما بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىك خەۋىرى بىلەن «ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالىمىز!» سەرلەۋھىلىك باشماقالىنى ئېلان قىلىپ، ۋاقتىدا مۇشتىرىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ شىنجاڭنىڭ تېچ ئازات بولۇشىنى كۈتۈۋالدى.

# شىنجاڭ كان ئىشلىرىغا ئائىت ئىككى ئىش توغرىسىدا ئەسلىمە

پەن زوخۇەن

## تومۇركان توغرىسىدا

شۇ يىللاردا دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا شىنجاڭنىڭ تومۇركانلىرى قەشقەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، ئاقسۇ كونىشەر، باي ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپى سانجى، تۇدۇڭخابا، جىمىسارنىڭ شۆيشىگۇ، ئىلى ۋە چۆچەك قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللاردا جىمىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شۆيشىگۇ تومۇركانىنىڭ نامى ئەڭ مەشھۇر ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا چيەنلۇڭ خانى جۇڭغارىيە ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن بۇ جاينىڭ تومۇركانى ئېچىلىشقا باشلىنىپ، تومۇر تاۋلاش ئىشلىرى بىر مەھەل تەرەققىي تاپقان ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كان ئىشچىلىرى نەچچە مىڭغا يەتكەن. 1845 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر چىڭ خاندانلىقىغا قارشى قايتا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھەممىلا يەر تەپرىقىچىلىق بولغاندا ئىشچىلار قېچىپ تارقاپ كەتكەنلىكتىن

تومۇر زاۋۇدى تاقىلىپ قالغان، كېيىن گەرچە بۇ زاۋۇتلار قايتا ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن تومۇر تاۋلاش ئىشلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا بولغاچقا تومۇرنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك چاررۇسىيەنىڭ تۆرلۈك تومۇر بۇيۇملىرى ۋە تومۇر ماتېرىياللىرى كەينى - كەينىدىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن يەرلىك تومۇر ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى بېسىپ كېتىپ شۇيشىگۇ تومۇركانىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم چىقماي قالغان.

1920 - يىلدىن كېيىن رۇسىيىدە ئەكسىلئىنقىلاۋى كۈچلەر مەغلۇپ بولۇپ بەزەن رۇس ئاقسوڭەكلىرى ۋە زىيالىلىرى ئارقىمۇ - ئارقا شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيىدە ئوقۇپ رۇسىيىدە ئورالدىكى پولات زاۋۇدىدا ئىنژېنېر بولغان ۋاسلىيوۋمۇبار ئىدى. ئۇ نېمىسچە، ئېنگلىزچە، فرانسۇزچە تىللارنى ياخشى بىلەتتى. شۇ چاغدىكى جۇڭگو رۇسىيە داۋشىڭ بانكىسىنىڭ مۇدىرى سوۋوروۋ بۇ ئادەمنى شىنجاڭدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىش بۇ رايوننىڭ سانائەت كان ئىشلىرىنى قۇرۇشقا پايدىلىق دەپ ئۇنى سودا - سانائەت نازىرى يەن يۈيشەنگە تونۇشتۇردى. مەن ئۇ چاغدا داۋشىڭ بانكىسىدا ئىشلەيتتىم. ئېنگلىز تىلىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن تەرجىمان بولۇپ سوھبەتكە قاتناشقان ئىدىم. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بىر مەزگىل رۇسىيىدىن كېلىدىغان تومۇر مەنبەئى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا سودا - سانائەت نازارىتى پاي توپلاپ مانجۇرديىلىك گۇي يۇي بىلەن ۋاسلىيوۋنى شۇيشىگۇ تومۇر كانىنى سىناق

开集阿兴买买吐合提阿洪

تەرىقىسىدە ئېچىشنى بەلگىلىدى. گۆي يۆي چىك خاندانلىقى دەۋرىدە بېيجىڭ تەرجىمانلىق مەكتىۋىدە رۇس پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ گۇاڭشۈي يىللىرىدا شىنجاڭ ئالاقە باغلاش ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولغان ۋە ۋاسلىيوۋنىڭ خىزمىتىگە ناھايىتى زور قوللايلىقلارنى كەلتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. ۋاسلىيوۋنىڭ شۈيشىگۇغا بېرىپ سىناق قىلغاندىن كېيىن نازارەتكە دوكلات يېزىپ شۇ جايدىكى ئوتقا چىدامىلىق تۇپراق بىلەن خىش كويدۇرۇپ، كىچىك تىپتىكى رودا كويدۇرۇش ئوچىقى ياساپ چىققاندىن كېيىن سىناق قىلساق يۇقىرى ھارارەتكە چىداشلىق بېرەلەي رودىنىڭ يېرىمى ئېرىگەندە خىش يېرىلىپ كېتىپ رودا ئېرىتمىسى خىش ئارىلىقىغا كىرىپ كەتكەن ۋە داشقالغا ئايلىنىپ زايا بولغان ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. ئەگەر شۇ جايدا تومۇر تاۋلايدىغان بولساق ئالدى بىلەن ئىككى مىڭ گىرادۇسلۇق ھارارەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان توپا بولغاندىلا بۇ خىزمەتنى يۈرگۈزگىلى بولىدۇ، دەپ پىكىر سۇنغاندا نازارەت ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئوتقا چىدامىلىق توپا تېپىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەلۇم بىر ئورۇن(يەر ئىسمىدە يوق) ئوتقا چىدامىلىق توپىنىڭ نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەندە ۋاسلىيوۋنىڭ ھارارەتنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاپلىرى بولمىغاچقا پەقەت ئاددىي ئۇسۇلدا نەيچە بىلەن ئوتنى پۈلەش ئارقىلىق سىناق قىلىپ پەقەت مىڭ گىرادۇسلۇق ھارارەتكە چىدايدىغانلىقىنى مولچەرلىدى ۋە شۇ توپا بىلەنخىش كويدۇرۇپ كىچىك تىپتىكى ئوچاق

ياساپ رۇدا كويدۇردى. بۇ قېتىم گەرچە ئالدىنقى قېتىمقىدىن ياخشىراق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېرىلىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بەرگەنلىكتىن تۆمۈرنىڭ سۈپىتى ساپ بولمىدى. بۇ خىل تۆمۈردە سوققان تاقا ۋە باشقا ئەسۋاپلار چۈرۈك ھەم بوش بولۇپ ئوڭايلا سۇنۇپ كېتەتتى. سۈپەت جەھەتتە روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان تۆمۈرگە يەتمەيتتى. شۇڭا بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى سېتىلماي چىقىمىنى قامدىيالمىغانلىقتىن زاۋۇت تاقىلىپ قالدى.

گۇاڭشۇي يىللىرىدا شىنجاڭغا ئىككى قېتىم ساياھەتكە كەلگەن شىۋېتسارىيىلىك سىۋېن ھېدىن 1928-يىلى جۇڭگو پەن ئالىملىرىدىن تەركىب تاپقان غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىرگە شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش يۈرگۈزدى. بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە ئەسلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن گېئولوگىك پروفېسسور يۈەن شىيۈەن بار ئىدى. ئۇ كۈچۈك، جىمسار ئەتراپىدا تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان تاشقا ئايلانغان كۆكلۈك (دىنوزاۋارى — قەدىمقى دەۋرلەردىكى ئۆملىگۈچى ھايۋان)نى تاپقان. ئۇنىڭ تۆمۈركان توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا رۇدا چىقىدىغان ئورۇن يۇرا دەۋرىدىكى كومۇر قاتلىمى بولۇپ توپا ئارىلاش رۇدا ئىدى. جىمسار ناھىيىسىدىكى مەشھۇر رۇدا چىقىدىغان شۈيشىگۇدا تۆمۈر تاۋلاشقا لايىق كوكس چىقاتتى. كوكسنى فۇكاڭدىن يۆتكەپ كېلىدىغان بولسا خىراجەت بەكمۇ قىممەت چۈشەتتى. يەرلىك ئۇسۇل بىلەن تاۋلانسا رۇدىنىڭ

يېرىمى زايا بولاتتى. ئەگەر ئوتقا چىدام-
لىق ماتېرىيال بىلەن ياسالغان پەننىي ئاساستىكى
پېچ بولمىسا 100 چىڭ رۇدىدىن ئەسلىدە 30 چىڭ تۆمۈر
ئىشلەپچىقارغىلى بولسىمۇ بىزنىڭ تاۋلىشىمىزدا ئارانلا 15 چىڭ
تۆمۈر ئىشلەپچىقارغىلى بولاتتى. قاتناش - ترانسپورت ۋە ئوتقا
چىدامىلىق ماتېرىيال جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن
ۋاسىلىيوۋنىڭ شۈيشىگۇدىكى تۆمۈركان سىنىقى مەغلۇپ بولدى.

## نېفىت كانى توغرىسىدا

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەملىكەت بويىچە مەكتەپلەر ئېچىلىش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئالىي مەكتىۋى قۇرۇلدى. مەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپ، لياڭ چىچاۋنىڭ «يېڭى بىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى» ۋە «شىنمىن گېزىتى» قاتارلىقلارنى ئوقۇپ يۈرۈپ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدىم. 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭ خاندانلىقى ھەربى ۋە خارجى جەھەتلەردە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. كۈچلۈك دولەتلەر بىلەن كوپ قېتىم تەڭسىز شەرتنامىلار تۈزۈپ جايلارنى بۆلۈپ قەرزتولىدى. ئىجارىگە (كانسېسىيە) يەربەردى ھەمدە زېمىن سىرتى ھوقۇقىنىمۇ بەردى. جۇڭگونى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دولەتنى باي ۋە كۈچلۈك قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكىتىمىزنىڭ مول كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇدۇم. شۇچاغدا شىنجاڭدا نېفىت چىقىدىغان ئورۇننىڭ كوپلۈكى مەلۇم

ئىدى. نېفىت شۇ چاغدىكى سانائەتتە ئىنتايىن زور رول ئوينايتتى. ئەگەر پۇرسەت بولۇپ شۇجايىنىڭ نېفىت كانىنى ئاچىدىغان بولسام، دولەتكە پايدىسى بولغاندىن تاشقىرى ئۆزەمگىمۇ پايدا تېگىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىلىشىمچە، شۇچاغدا نېفىت چىقىدىغان ئورۇنلار شىخودىكى مايتاغ، كۇچار، يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ كونىشەر، ئۇرۇمچى، چوچەك، ساۋەن، ئالتاي، ماناس قاتارلىق جايلار ئىدى. 32 بۇلىغى بار مايتاغ ھەممىدىن مەشھۇر ئىدى. شۇچاغلاردا 15 جايدىكى ماي كۆزىدە ماي ئۆزلۈگىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى. مايىنىڭ رەڭگى قېنىق يېشىل ياكى سۈس قىزىل ئىدى.

1906 - يىلى شىنجاڭ ھوكۇمىتى چار رۇسىيە بىلەن دوگوۋور لىشىپ كىچىك تىپتىكى نېفىت ئايرىش قازانلىرىنى سېتىۋالدى ۋە ئىككى نەپەر رۇس تېخنىك خادىمىنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملار مۇتەخەسسىس بولمىغانلىقتىن ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇشنىلا بىلەتتى. مايتاغنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، نېفىت تەركىۋىنى ئايرىش ۋە نېفىت قۇدۇقلىرىنى قانداق بۇرغىلاشنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مايتاغ نېفىتلىكى تولۇق ئېچىلالماي قالدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، رۇسىيە بىلەن شىنجاڭ قىسمەن سودا - ئالاقە شەرتنامىسى ئىمزالىغاندىن كېيىن شىنجاڭغا ئېكىسپورت قىلغان كىرسىننىڭ ئەڭ يۇقۇرى يىللىق مىقدارى بىر مىليون جىڭغا يەتكەن ئىدى. بىرجىڭ كىرسىن ئىككى مىسقال كۆمۈشكە سېتىلاتتى، ھوكۇمەت مايتاغدا نېفىت ئايرىشنى يولغا قويغان بولسىمۇ

مەھسۇلات مىقدارى ئانچە كوپ بولمىدى. ئۇنىڭ تەنەرقىمۇ ناھايىتى يۇقۇرى بولغاچقا رۇسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كىرسىن بىلەن رىقابەتلىشەلمەسلىگى تەبىئى، شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن ھوكۇمەت باشقۇرماقچى بولغان ماشىنا - سايمانلار رەسمى ئىشقا سېلىنماي ئىسكىلاتتا يېتىپ قالغان ئىدى. مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەنشىنىڭ يەنچاڭدا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلادى. سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن رۇسىيىدىن كىرگۈزۈلىدىغان كىرسىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ياڭ زېڭشىن خۇنەنلىك ياڭ پەمىلىلىك بىر كىشىنى شەنشىگە نېفىت ئايرىش تېخنىكىسىنى ئۈگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى بىر يىلدىن كوپرەك ئۈگىنىش قىلىپ قايتىپ كەلدى. مايتاغدىكى قايناپ چىققان ماينى ئېلىپ كېلىپ كونا كىچىك پار قازىنى بىلەن كىرسىن ئىشلەپچىقتى. ئۇ چاغدا كىرسىن بەكمۇ قىس ئىدى، بۇ ئادەم ئايرىغان ماينىڭ مىقدارى بەك ئاز بولغانلىقتىن، ئېھتىياجنى قاندۇرالمايتتى. قەشقەر، ئاقسۇ كونىشەر، ساۋەن قاتارلىق جايلاردىكى نېفىتلىكلەردە نېفىت چىقىرىشنى سىناق قىلغان بولسىمۇ، نېفىت ئايرىش ماشىنىلىرى ۋە مەخسۇس تېخنىك خادىملار بولمىغانلىقتىن ئۈنۈم بەرمىگەچكە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توختىتىپ قويۇلدى، مەكتەپتىكى چېغىمدىلا نېفىتنىڭ دولەت ۋە شەخسىگە چوڭ پايدىسى بارلىغىنى بىلەتتىم، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن رۇسىيىدىن كىرگۈزۈلىدىغان كىرسىن ئۈزۈلۈپ قېلىپ شىنجاڭدا كىرسىن قىس بولۇپ باھاسى ئورلەپ كەتتى. ۋاسىلىيوۋ ئىنژېنېرنىڭ تومۇركان ئېچىش سىنىغى ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقتىن

مەن ئۇنى نېفىتلىك ئېچىشقا تەكلىپ قىلدىم. شۇ چاغدا ئۈرۈم-
چىنىڭ غەربىدە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىدا
بىر بۇلاق بارلىقىنى بىلەتتىم. يەرلىكلەر بۇنى ماي بۇلاق دەپ
ئاتايتتى. بۇلاقتىكى سۇنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت بىغىرەك ماي
دائىم لەيلەپ تۇراتتى. نېفىت پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.
بۇ يەردىن ئۆتكەن ھارۋىكەشلەر بۇ ماي بىلەن ھارۋا چاقىنى
مايلايتتى. شۇڭا مەن بۇ يەردە جەزمەن نېفىت بار دىدىمدە
ئىنژېنېر ۋاسلىيوۋنى تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدىم.
بۇلاقنىڭ ئورنى ئويمان يەردە ئىدى. ۋاسلىيوۋ بۇ يەرنى كۆرۈپ،
بۇرغىلاپ قۇدۇق قېزىپ نېفىت مەنبەئىنى تاپماقچى بولدى.
ئۇ چاغلاردا بۇرغىلاش ماشىنىسى يوق ئىدى. بىز تېلېگىراپ
ئىدارىسىنىڭ تۈۋرۈك تىككەندە ئىشلىتىدىغان بۇرغىسىنى ئۆتنە
ئالدۇق. 1920 - يىلى كۈزدە ئىنژېنېر ۋاسلىيوۋ ئىككى ئادەم
ياللاپ بۇرغا بىلەن قۇدۇق قازدۇردى. ئىككى جاڭ قازغاندىن
كېيىن قۇمساز گىرانىت قاتلىمىغا دۇچكېلىپ قالدى. گىولوگىيە
ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، نېفىت قاتلىمى كۆپىنچە قۇمسازگىرانىت
قاتلىمىدا بولاتتى. دىمەك بۇ ئەتراپتا نېفىت قاتلىمىنىڭ بار-
لىقى ئىسپاتلاندى. لېكىن ئاردىيەت ئالغان بۇرغا بىلەن تاش
قاتلىمىنى تېشىشكە ئامال بولمىدى. قۇدۇقتىن چىققان تۇپراق-
تا نېفىت پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بىر سىقىم تۇپراقنى
ئالقانغا ئېلىپ كۈچەپ سىققاندا بارماق ئارىلىقىدىن ماي سىر-
غىپ چۈشەتتى. تۇپراقتىن پار ئارقىلىق ماي ئايرىشنى ئويلى-
غان بولساقمۇ لېكىن ياڭ زېڭشىن ئىسكىلاتتىكى پار قازاننى

دۆبەن مەھكىمىسى پار بىلەن تەمىنلەش ئىشىغا ئىشلىتىۋالغان ئىدى. ۋاسىلىيوۋ مەسلىھەتلىشىپ، پار ئارقىلىق ماي ئاجرىتىپ 20 جىڭ ئەتراپىدا ماي ئالدۇق. بۇنىڭ 15 جىڭى كىرسىن، قالغىنى ھەر خىل ماي ئىدى. ئېنژېنېر بۇ سىناقتىن مەمنۇن بولدى. مەن ياڭ زېڭشىنغا دوكلات يېزىپ ئىسكىلاتتا تاشلىنىپ ياتقان ئىككى كاتولنى ۋە باشقا كېرەكلىك سايمانلارنى ئىشلىتىشكە ئارىيەت بېرىشنى ۋە ھوكۇمەتتىن مەبلەغ ئاجرىتىپ شىركەتلىشىپ باشقۇرۇشنى مۇراجەت قىلدىم. بىزگە 30 مىڭ سەر قەرز بېرىشنى تەستىقلىدى. مەن ئۆلكە پۇلىدىن 8 مىڭ سەرنى سەرمايە قىلىپ زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلىدىم. 1921 - يىلى ئەتىيازدا ماي بۇلاقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋاڭ جاگۇدا بىر كىچىك ئۇستەڭ بولۇپ مۇزلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى تەكشۈرۈپ بىلدىم. ئېنژېنېر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ھەر ئېيىغا 200 سەر ئۆلكە پۇلى ئىش ھەققى بېرىدىغان بولدۇم. پايدىنى ئۇنىڭغا ئايرىم بېرىدىغان بولدۇم. (ئېنىق سان ئېسىمدە يوق) ئېنژېنېر ۋە ئىشچىلار ئۈچۈن بىر كورپۇس ياتاق سېلىنىپ مۇۋاپىق جايغا زاۋۇت بىناسى قۇرۇپ چىقتىم. ئارىيەتكە ئېلىنغان ئىككى پار قازاننى ئورنىتىپ ماي ئاجرىتىش ئىشىنى يولغا قويدۇم. ئېنژېنېر رۇس تېخنىك ئىشچىدىن بىرنى باللاپ ئالدى. ئۇنىڭ مائاشىغا 100 سەر بەلگىلەندى. بۇندىن باشقا يەنە ئون ئىشچى ياللىۋالدۇق. بۇلارنىڭ مائاشى 15 سەردىن 20 سەر ئەتراپىدا بولدى. ماي بۇلاقتىن چىققان كۆلرەڭ ماي تۇپراقنى يوتكەش ئۈچۈن ھارۋا ئورۇنلاشتۇردۇق.

شۇ يىلى ياز ئايلىرىدىن باشلاپ ماي ئاجرىتىشقا باشلىدۇق. كۈنلۈك ئىشلەپچىقارغان ماي 100 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە قىزغۇچ رەڭلىك كىرسىن 50 جىڭ ئەتراپىدا، قالغان قىسمى تىكىش ماشىنىسىنى ياغلايدىغان ماي، ئوتۇك مېيى قاتار- لىقلار ئىدى. شۇ چاغدا بازاردا كىرسىن قىس بولغانلىقتىن بىزنىڭ ئىشلەپچىقارغان مېيىمىزنىڭ سۈپىتى ناچار بولسىمۇ لېكىن بىر جىڭ ماي 7 مىسقال باھاسىدا سېتىلدى. تەننەرقىنى ھىساپلىغاندا ئانچە كوپ پايدا بەرمىدى. 1923- يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرسىن ئىمپورت قىلىندى. ھەر جىڭ كىرسىن- نىڭ باھاسى ئولكە پۇلىغا 3 مىسقال ئەتراپىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىرسىن ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇدىمىز توختاپ قالدى.

# شىنجاڭدا قۇرۇلغان فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ جەريانى

پەن زوخۇەن

1925 - يىلى (مىنگو 14 - يىل) شىنجاڭ توقۇمىچىلىق شىركىتى قۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى. بۇندىن بۇرۇن شىنجاڭدا توقۇمىچىلىق سانائىتى يوق ئىدى. توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ كوپ قىسمى روسىيەدىن ئىمپورت قىلىناتتى. شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىنىڭ كوپ قىسمى (ھەر يىلى 5300 توننا) روسىيەگە چىقىرىلاتتى. روس سودىگەرلىرى شىنجاڭدا باج تولىمەسلىكتەك ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ ئومۇمەن شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىنى مونوپول قىلغان ئىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن كېيىن، ئىلگىرىكى روس سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا ئىشلىرى زاۋالغا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. شىنجاڭغا ئېھتىياجلىق بولغان رەختلەرنى ئىچكى ئولكىلەردىن يوتكەشكە توغرا كەلدى. ئەمما يول يىراق، قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، شىنجاڭ پاختىسىنى ئىچكىرىگە توشۇشقا ئامال بولماي سېتىلىش يولى ئۈزۈلۈپ قالدى، رەخت قىس، پاختا سېتىلماسلىقتەك ئەھۋال ئاستىدا ياڭ زېڭشىن توقۇمىچىلىق سانائىتى قۇرۇپ دىخانلار ئىشلەپچىقارغان پاختىنى سېتىۋېلىپ

ئاھالىنىڭ كىيىم - كېچەك مەسىلىسىنى ھەل قىلالماقچى بولدى.

شىركەتنىڭ پاي سوممىسى ئولكە پۇلغا بىر مىليون سەر بولىدى (بۇ، پۇل 400 مىڭ سەر كومۇشكە باراۋەر ئىدى). ھوكۇمەت تەرەپ 500 مىڭ سەر پاي قوشتى، قالغان قىسمى شەخسلەردىن توپلاندى. پاي چەكلىرىنى سودا - سانائەت نازارىتى بېسىپ تارقاتتى. ھەربىر پاي 10 سەر ئولكە پۇلى قىلىپ بېكىتىلدى.

ھوكۇمەتنىڭ بېجىرىۋاتقان ئىشلىرىغا ئامما ئىشەنچ قىلالمىغانلىقتىن شەخسلەر ئانچە قىزغىن ئالمىدى، نەتىجىدە ھەرقايسى ناھىيە ھاكىملىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پاي چەكلىرىنى چەت ناھىيىلەردە ساتتى، ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر ھەرقايسى شاڭيۇلارغا بۇيرۇق قىلدى. شاڭيۇلار پاي چەكلىرىنى خەلققە ئالۋاڭ تەرىقىسىدە ساتتى. بىرنەچچە ياكى 20 دەك ئادەم بىر پاي چەك سېتىۋالغان ئىشلارمۇ كورۇلدى. شاڭيۇلار زومۇ - زو خەلققە تېڭىپ قاقتى - سوقتى قىلىش، كوپ يىغىپ ئازمەلۇم قىلىش ئارقىلىق پايدا كوردى. خەلققە كوڭۇلسىزلىك پەيدا قىلغان بۇخىل ئەھۋالنى ياڭزېڭشىن ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغان پاي سوممىلارنى خەلققە قايتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، لېكىن چەك بىر ئادەمنىڭ قولىدا بولغاچقا قايتۇرۇلغان پۇل قولىدا چەكبار ئادەمگە تېگىپ پۇل يىغىش قىلغاندا قوشۇلغان ئادەملەرگە پۇل تەگمەيدىغان ئەھۋاللار يۈزبەردى. شەھەردىن يىراق يېزىلاردىكى خەلق ھوكۇمەت

ئورۇنلىرىغا كېلىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا كەتكەن چىقىم ئەينى ۋاقىتتا چەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن قوشقان پۇلدىن ئېشىپ كېتەتتى. شۇ سەۋەپتىن كۆپ ئادەملەر بۇ پۇلنى ئېلىشتىن ۋازكەچتى. باش - ئايىغى يوق ھېساۋات شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. خەلق "فۇمىن" دىن مەنپەئەت ئالالماقتا يوق، ئەكسىچە جاپاسىنى تارتتى.

زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىق مەزگىلىدە ياڭزېڭشىن شىنجاڭنىڭ گوخۇي ئەزاسى بولۇپ بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان ۋەكىلى جى فۇغا كىچىك تىپتىكى توقۇمىچىلىق ماشىنىسى سېتىۋېلىشنى تاپشۇردى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا ياۋروپا - ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ناھايىتى تەرەققى قىلغان بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئورچۇقلۇق توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت ئىدى، شىنجاڭدا توپلانغان پۇل چوڭ تىپتىكى ماشىنا سېتىۋېلىشقا ئازلىق قىلاتتى. بىر ئىككى مىڭ ئورچۇقلۇق ماشىنىلارنى ئادەتتە توقۇمىچىلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياسالغان بولغاچقا سانى ئاز بولغانلىقتىن، سېتىۋېلىش تەس ئىدى. نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە ياڭزېڭشىنىڭ كۆپ قېتىم تېلېگىرامما يوللىشى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا ۋېردىن زاۋۇدىدا ئىشلەتكەن ئىككى مىڭ ئورچۇقلۇق بىر يۈرۈش رەخت توقۇش ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ باسما زاۋۇدىنىڭ تېخنىك ئىشچىسى چېن شىرۇڭ (فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ تېخنىكى بولغان) نىڭ ئېيتىشىچە ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى

1927 -يىلى قۇراشتۇرۇلغاندا 240 ئورچۇقلۇقتىن 5 دانە يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى توقۇش دەستىھگاسى 30، يىپ يۇيۇش ماشىنىسى 5، پاختا تازىلاش ماشىنىسى 1، پاختا تاراش ماشىنىسى 5، يىرىك پىلتە قىلىش ماشىنىسى 10، ئىنچىكە پىلتە ئىشىش ماشىنىسى 2، يىرىك يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى 3، يىپ يوگەش ماشىنىسى 1، ئىنچىكە يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى 1، يىپ پەتلەش ماشىنىسى 1، 50 ئات كۈچىگە ئىگە چاتما شەكىللىك پار قازىنى 1، تىك شەكىللىك 25 ئات كۈچىگە ئىگە پار قازىنى 1، بۇ ماشىنىلارنىڭ تەننەرقى 200 مىڭ سەر تەڭگە بولۇپ، ئومۇمى پاي سوممىسىنىڭ يېرىمىدىن كوپرەكىنى ئىگەللىگەن، يوتكەش ھەققى 120 مىڭ سەر تەڭگە ئەتراپىدا بولغان. يوقالغان ۋە بۇزۇلغان زاپچاسلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ۋاقىت كەتكەنلىكتىن ئىشباشلاش كېچىكىپ، چىقىم كوپىيىپ ئەسلىدىكى پاي سوممىسى يەتمەي پۇل قوشۇشقا توغرا كەلگەن ئىدى.

ياڭ زېڭشىن بېيجىڭدە تۇرۇۋاتقان گوخۇي ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ماشىنىلارنى شىنجاڭغا يوتكەپ كېلىشنى تاپشۇرغان.

بىرىنچى قېتىمدا ليۇ شاۋلىننىڭ نازارىتى ئاستىدا پار قازانلىرىنى يوتكەپ كەلدى. 1925- يىلى كۈزدە يولغا چىقىپ تىڭشيادىن ئوتكەندە فىڭ يۈيشياڭ قىسىملىرىدىن شيۇسەن لۈيجاڭ توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى پىلىموت ياسايدىغان ماشىنا دەپ تونۇپ زورلۇق بىلەن توساپ ليۇشاۋلىنى نەزەربەنت قىلىپ قويغان. ياڭ

زېڭشىن فىلىڭ يۈيشياڭغا ۋە شۇچاغدىكى نىڭشيا ئەمرى ماخۇڭكۇيگە تېلېگرامما يوللىغاندا شىيۇسەن يەنە ئىشەنمەي ئاخىرى ساندۇقلارنى بۇزۇپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ماشىنىلارنى ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلغان، شۇ سەۋەپتىن بىر يىلدەك يول يۈرۈپ، 1926 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئىككىنچى قېتىمدا يوتكىگەنلىرى يېنىك ماشىنا زاپچاسلىرى بولۇپ، بۇنى پارلامېنت ئەزاسى جاڭرۇي نازارەت قىلىپ توشىغان. ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە قوراشتۇرماقچى بولغان ئېلېكتىر ئۆسكۈنىلىرى ئۈچۈن سېتىۋالغان لامپۇچكىلارنى پارلامېنت ئەزاسى لى ماۋسىڭ نازارەت قىلىپ توشىغان. بۇ نەرسىلەرنى كېيىن تومۇريول ئارقىلىق كوكخوتقا يوتكەپ كېلىپ 90 دانە تۆگىگە ياللاپ 5 ئايدىن كوپرەك يول يۈرۈپ شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى.

ئۈچىنچى قېتىمدا يوتكىگەنلىرى بىر قىسىم ماشىنا زاپچاسلار ئىدى. بۇ نەرسىلەر سىبىرىيە تومۇريولى ئارقىلىق چوچەككە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن هارۋا كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلدى.

تەكلىپ قىلىنغان ئىنژېنېر ياڭ چۈەنجىن، خاۋرۇيچياۋلار خۇنەنلىك بولۇپ توقۇمىچىلىق مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. ئىنژېنېر ياڭنىڭ ئېيتىشىچە توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى رەسمى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن 2000 توپ رەخت ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن. ئۇچاغدىكى رەختنىڭ قىسلىغىدا چوقۇم سېتىلىپ بولاتتى. خام ماتېرىيال ۋە ئىش هەققى قاتارلىق تۈرلۈك چىقىمىنى هىساپقا

ئالمىغاندا كارخانا ئۆزىنى ئۆزى پۈتۈنلەي قامداپ كېتەلەيتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي يېنى ھازىرقى "خەلق باغچىسى" ئەتراپىدا 1926 - يىلى قۇرۇلۇش باشلاپ 1928 - يىلىنىڭ باشلىرىدا پۈتكۈزۈپ چىقتى. زاۋۇتنىڭ تەشكىلىدە بىر نەپەر دىرېكتور ۋە ئورۇنباسار دىرېكتور بار ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون كىشىلىك ئىش بېجىرىش باشقارمىسى خوجىلىق، بوغالتىرلىق ۋە تىجارەت كەسپلىرىنى قىلاتتى. مەمۇرى جەھەتتە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈشەن رەھبەرلىك قىلاتتى. زاۋۇتتا يەنە كىچىك رېمونت بولۇمى قۇرۇلۇپ بۇنىڭدا 8 سۈكلۈق رەندىلەش ئىستانوكىدىن بىر دانە، 6 چىلىق كىچىك ئىستانوكتىن بىر دانە ۋە باشقا چوڭ - كىچىك سايمانلار بولۇپ بىر نەپەر ئىش باشقۇرغۇچى بىلەن ئىككى نەپەر شاگىرت رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. لېكىن ئۇلار چوڭ رېمونت قىلالمايتتى. زاۋۇت قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن شاگىرتلىققا ۋە ياختا يىغىشقا 10 نەچچە ئەر - ئايال ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاقچىلىق بولغاچقا ياختىنى ماشىنىغا سالغاندىن كېيىن ئوڭاي ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. ياختىنى ئەملەشتۈرۈپ ئىشلەش ئۈچۈن سۇ پۈركۈش ئۈسكۈنىسىگە مۇھتاج بولدى. بۇ خىل ئۈسكۈنىلەر بىلەن باشقا نۇرغۇنلىغان زاپچاسلار بىرىنچى قېتىم كەلتۈرۈلگەندەشى يۈسەن قىسمىلىرى ساندۇقىنى ئېچىپ تەكشۈرگەندە بەزەن ئۈسكۈنىلەر يوقىلىپ

كەتكەن ھەمدە ساندۇقنى قاچىلاشتا ياخشى قاچىلانمىغانلىقتىن بەزى سايمانلارنى دات بېسىپ كېرەكتىن چىققان. شۇ سەۋەپتىن كەم زاپچاسلارنى قايتا دوگوۋورلىشىپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكىلى بولدى، 30 دانە رەخت توقۇش ماشىنىسىدىن ھەر كۈنى ئارانلا 20 دانىسى كېرەككە كەلدى. ئىككى ئىسمېنا بولۇپ ئىشلىگەن شارائىتتا 30 توپ ئاق رەخت، 200 جىڭ (كونا جىڭدا) يىپ ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىلغان رەختلەردە ھەربى كىيىم تىكەتتى. ئازقىسمى سودىگەرلەرگە سېتىلاتتى. ئازساندىكى يالاڭ قەۋەت يىپنى شارپا توقۇيدىغان قول ھونەرۋەنلەرگە سېتىپ بېرەتتى، بىر توپ رەختنىڭ باھاسى 30 سەر، بىر جىڭ تولانغان يىپنىڭ باھاسى 15 سەر ئىدى. ئېيىغا ئىشلەپچىقارغان رەخت 1000 توپقا يەتمەيتتى، پاختا ۋە باشقا خىراجەتنى ھىساپقا ئالمىغاندا 200 دەك ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى ئۈچۈنلا 600 سەر تەڭگە كېتەتتى. شۇ چاغلاردا كىرىم ئارانلا ئۆزىنى قامداپ ھىچقانداق پايدا چىقمىدى.

1933 - يىلى ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلغاندا فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بىر قىسىم ماشىنىلارنى ئېلىپ كەتتى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىنژېنېر ياڭ چۇنجىنى تەمىرات نازىرى قىلىپ زاۋۇتتىكى قېپقالغان ماشىنىلارنى شىنىگو ھەربى قورال زاۋۇدىغا يۆتكەپ پايدىلاندى، كۆپ قېتىم ئاپەتكە ئۇچرىغان بۇ زاۋۇت 4 يىللا ئۆمۈر كۆرۈپ ئەنە شۇنداق ۋەيران بولدى.

ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش فاكىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇقۇرقى 3 نۇقتىنى ۋۇجۇڭشىنىڭ «3 ئەنگۈشتەرى» دەپ ئاتىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى بىر خىل سىياسى كۇرەش شەكلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلماقچى بولدى:

بىرىنچى، تۈرمىلارنى ئېچىقلاش. ۋۇجۇڭشىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى «ئەمەلدارنىڭ پۇقرالارنى قارشى چىقىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى» دەپ بولغان، تۈرمىلارنى توشقۇزۇۋەتكەنلىكى، خەلقتە غۇۋال قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى دەپ ئالدى بىلەن تۈرمىلەرنى ئېچىقلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىدىن بۇرھان شەھىدى، مالىياگجۇن ئاخۇن ۋە باشقا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەربابلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇۋەتتى ۋە ئۇلارغا خىزمەت بېرىپ، بۇرھان شەھىدىنى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، مالىياگجۇننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى، خۇيزۇلار ئارقىلىق خۇيزۇلارنى بويسۇندۇرۇش خام خىيالدا بولدى.

ئىككىنچى، جايلارغا تەسەللى بېرىش ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تەسەللى بېرىش ھەيئىتى قۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى يەنى ئالتاينىڭ ئاپال كاتتىۋېشى (؟) خادىۋاڭ، موڭغۇللارنىڭ چاۋچىڭۋاڭ، مەنخەنۋاڭ (مەنخەنۋاڭنىڭ ئورنىدا خوتۇنى ۋۇجىڭبەك ئىشلەيتتى) قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى ھەيئەت ئەزاسى قىلدى. ھەمدە خەلق ئىشلار نازىرى دېڭشاڭخەي ھەيئەت باشلىقى

بولدى. ۋۇجۇگشەن شەخسەن ئۆزى «شىنجاڭ گېزىتى» گە باشماقالا يېزىپ، بۇنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، رۇسچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، تەسەللى بېرىش خىزمىتىنى ئاكتىپ يولغا قويۇشنى تاپشۇردى. بىر تەرەپتىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، سىپتەۋىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئەمەلىيەتتە موڭغۇل، زاڭزۇلار ھەيئىتىدىكى ۋاقتىدا لاما، ۋاڭ، گۇڭ، ئاق سۆڭەكلەرگە ئىشلەتكەن كونا ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئوزىگە جەلپ قىلماقچى بولدى. 7 مېھمانخانا قۇردى. مېھمان قىلىش راسخودى ئۈچۈن شىنجاڭ پۇلىغا 2 مىليون دوللار سەرپ قىلدى. ئۇ چاغلاردا ھېيت - بايراملاردا ئاز - پاز پۇل، بىر ئىككى كورپە، يۇڭ ئەدىيال، قاتارلىق سوغا قىلىش ئىشلىرىمۇ يۇقۇرقى راسخوتنىڭ ئىچىدە بولاتتى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ

ئىنقىلاۋى ئىلغار رايونلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋۇجۇگشىنىڭ تەسەللى بېرىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى ئوبيېكتى ئىدى. ۋۇجۇگشەن شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە غۇلجىدا ئىنقىلاپ بورانلىرى كوتۇرۇلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ دىڭشاڭخەينى ئىلىغا ئېۋەتىپ، ئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇشنى كوزلىگەن بولسىمۇ، نەتىجىدە دىڭشاڭخەي چاپچاندەك قېچىپ كەلدى. ئالتاي ۋالىسى گاۋبويۈي خادىۋاڭنى ئۈرۈمچىگە ئېۋەتىپ بەردى. ۋۇجۇگشەن خادىۋاڭنى تەسەللى بېرىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگراسىدا قالايمىقان ھەركەتلىنىپ يۈرگەن باندىت ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىدىمۇ نەتىجە

قازىنالمىدى .

دېمەك تەسەللىي بېرىش خىزمىتىدىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغان ۋۇجۇگىشىن شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش چارىسىنى ئويلاپ، شىنجاڭنى 4 ئۆلكە قىلىپ، بۆلۈۋېتىش ھەققىدە جىياڭجېيشىگە تەكلىپ بەردى. يەنى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شەنبەي ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ، ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شەننەن ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ، قەشقەرنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئەتراپىدىكى ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كۇئېنلۇن ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ خوتەننى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنى خېشى رايونلىرى بىلەن قوشۇۋېتىپ، ئەنشى ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ قۇمۇلنى ئۆلكە مەركىزى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەكلىپ تەستىقلىنىپ كەلگىچە چىدىماي، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىسى قۇرۇپ، دىڭشاڭخېينى مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ۋۇجۇگىشىن ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى شىنجاڭنى ئۇزۇن مۇددەت تىنچلاندۇرۇشنىڭ چارىسى دەپ مەس بولۇپ يۈردى. ئەمما ۋەزىيەت جىددىيلىشىشكە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئۈچىنچى، خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە تۈرتكە بولۇش. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ «ئىنقىلاپنى ئېكسپورت قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن داۋلىنى چۈشۈنىشكە ئامالى يوق. مەن

شىڭشىسەي بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھاقارەتلەپ، «ئالتايدىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ جىددىي بولۇشى، لاۋماۋزىلەرنىڭ قالايمىقانچىلىق قىلىشىدىن ئايرىلمايدۇ» دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغلاردا ئالتاي تەرەپتە پەقەت ئوسماننىڭلا باندىتلىق ھەركىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىڭشىسەيگە قارشىلىق كۆرسىتىشى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىنى چوڭايتىپ ئېيتقاندىمۇ تار مىللەتچىلىك دېيىشكىلا بولاتتى. خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. (بۇ ئىشنى مەن كېيىن چۈشەندىم) ۋۇجۇڭشىن ئوسماننىڭ ھەركىتىنى خەلق ئىنقىلاۋى ئىشلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى گەرچە بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق 3 ۋىلايەتنىڭ ئوتتەك قايناۋاتقان ۋەزىيىتىنىڭ ئاچقۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا دەپ تونىدى. بۇ ئۇنىڭ «خوشىدارچىلىق دىپلوماتىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى سەۋەبى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلى، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى ئالماشتۇرۇش، مەتبۇئاتنى ئىزگىنلەشتىن ئىبارەت بولدى. دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى يۆتكەش جەھەتتە ۋۇزەيشاڭنىڭ ئورنىغا لىيۇزى رۇڭنى يۆتكەپ كەلدى. جاڭجىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ، 3 ۋىلايەت بىلەن تىنچلىق تەنپەنى ئوتكۈزۈش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن مۇرەسسە قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئادىمى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن باش كون-

سول، مۇئاۋىن كونسۇللار بىلەن ئۇچرىشىش، مۇزاكىرە لىشىش ئىشلىرى كۆپ بولاتتى. بۇ ئۇچرىشىشلاردا چىقىم قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ۋۇجۇگىشىن شىڭشىسەيدىن قېپقالغان ئالى دەرىجىلىك تاماكا، ھاراق، كەمپىت، دىگەن مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يولدا سەرپ قىلدى. دىمەك ئۇنىڭ ئاتالمىش خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش دىگىنى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدى، خالاس.

مەتبۇئات خەۋەرلىرىنى تىزگىنلەش، دىگىنىدە كەلسەك، مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنىنىڭ سوۋېتكە قارشى، كومپارتىيىگە قارشى يېزىلغان تېلېگرام خەۋەرلىرىنى شىنجاڭ گېزىتىدە باس- تۇرماسلىق ئىدى. بۇ كورۇنۇشتىكى بىر ئىش بولۇپ، چىن قەلبىدە ھەممە ئىشتا جياڭجيېشىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولاتتى. ناۋادا ماۋجۇشى بىلەن جياڭجيېشى ئوتتۇرىسىدىكى «10-ئوكتەبىر كېلىشىمى» بۇزۇلمىغان بولسا، تۇرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇپ بەرمەيتتى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەمەلى ئېلىپ تاشلانمىغان بولسا، ئومۇ ئوخ- شاشلا سوۋېتكە قارشى، موڭغۇلىيىگە قارشى بەيتىك ۋەقەسىنى ئويناپ چىققان بولاتتى. چۈنكى توۋەندىكى بابىمىزدا بايان قىلىنغاندەك، بەيتىك ۋەقەسى ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇگىشىنىڭ «بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن قولغا كەلتۈ- رۈش» سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئىدى. ئۇ گېزىتخانىغا ئېۋەتكەن خادىملارمۇ سوۋېتكە قارشى، كومپار-

تېيىگە قارشى پۈرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىۋەتمەيتتى. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى مۇشۇ ماقالىمىنىڭ 4 - قىسمى بولغان «ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ گېزىتى»دا تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## ۋۇجۇڭشىننىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرماقچى بولغانلىقى

ۋۇجۇڭشىن بۇرۇن سۇڭجۇڭسەن ئەپەندى دازۇڭتۇڭ بولۇپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا قەسەميات قىلغاندا، ئۇ جياڭجيېشى بىلەن بىرلىكتە گۇاڭدۇڭ ئارمىيىسى قىسىملىرىدا سىلىڭلۇيجاڭ بولغان. لېكىن جياڭجيېشى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىشىدىن ئىلگىرى ھەربىي ۋەزىپىسىدىن قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن چوڭ بيۇروكىراتلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن، جياڭجيېشى دەۋرىدە يىقىلمايدىغانلاردىن بىرسى ئىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكە رەئىسلىكىنىلا ئوتكۈزىۋالدى، ئامانلىق ساقلاش سىلىڭلىقىنى جۇشياۋلياڭ داۋاملىق ئىشلەۋېرىشكە ئېلىپ قالدى. بۇ ئىش ھەربىي مەسئۇلىيەتتىن قورقىدىغان ۋۇجۇڭشىنگە خوشياقتى. لېكىن ۋۇجۇڭشىن ھەربىي باشقۇرۇشقا بەكمۇ قىزىققاتتى. شۇڭا ئۇ چىڭخەيدىكى ما فامىلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ مەخسىدى چىڭخەينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن قازاقلارغا تاقابىل كې-

لىش ئىدى. ھەمدە خۇيزۇلار بىلەن قازاقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. «بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن تەسەللى بېرىش»كە پايدىلىنىق بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. مانا بۇ ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭ خەلقى ئىنقىلاۋىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىنتايىن زەھەرلىك ئەكسىيەتچى تەدبىرىدۇر.

ۋۇجۇڭشىن بىلەن مابۇفاڭنىڭ بىرىدىن - بىرى پايدىلىنىپ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈشكەن جەريانلىرىنى ماقالىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا بايان قىلغان ئىدىم. چىڭخەيلىك مافامىلىكلەر ماجۇڭيىڭدىن تارتىپ، شىنجاڭنى مارىلاپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولغان ئىدى. ۋۇجۇڭشىننىڭ ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار ئىنتايىن خوشال بولدى شۇنىڭ بىلەن چىڭخەيدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۈن (كورپۇس) كورەڭلەپ شىنجاڭغا كىردى. دەسلەۋىدە بىر قىسمى تۇرپان، توقسۇن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ھەددەپ باج، غەللە، ئوتئۇن - سامان ئېلىشقا باشلىدى. پۇخرالار ئىلگىرى ماجۇڭيىڭنىڭ ئاياق ئاستىدا يانچىلغان بولغاچقا، بۇ قېتىم يەنە ئالاقزادە بولۇپ بىر - بىرىگە: «ماجۇڭيىڭنىڭ دادىسى كەپتۇ» ئۇزۇنغا قالماي شىمالى شىنجاڭدا ماكانلاشقىدەك دىگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشتى. بۇ چاغدا 5 - كورپۇسنىڭ باش شتاۋى لومەنزچىڭدا تۇراتتى. بۇ كورپۇسنىڭ جۈنجاڭى ماچىڭشياڭ مابۇفاڭنىڭ جىيەنى بولۇپ، بۇ ئادەم ھەشەمەتخور ئىدى. ئۇ مىھمانخانىسىغا مابۇفاڭ تەقدىم قىلغان «ئاتلىنىپ ئوتتۇق تيانشان چوققىسىدىن» دىگەن لەۋھەنى ئېسىپ قويغان ئىدى. نىيىتىنىڭ

يامانلىقىغا گەپ سىغمايتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ۋۇ-جۇگشىننى سىناپ: «قاشقەرنى قوتانغا باشلاپ كىرىپ، قاراۋ-چىغا ئىشىك ئېچىپ بېرىش بولۇپ قالارمىكىن؟» دېسەم، ۋۇ-جۇگشىن بۇنىڭغا پەسەن قىلماي: «قورقماڭلار، مەندە چارە بار» دېدى.

ۋۇجۇگشىن تېخى شىنجاڭدىن كەتمىگەن ۋاقىتتىلا ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۇنى «بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن قولغا كەلتۈرۈش» سىياسىتىنى باشلىۋەتتى. ماجىڭ-شىياڭ ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگراسىدا چىقارغان قالايمىقانچىلىقىنى قوللىغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ غەرەزى ۋەقەنى كېڭەيتىپ: گۇنانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۆڭگەپ، خەل-قارادا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، جاھانگىرلارنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماقچى بولدى. (بۇ دەل مارشال ماننىڭ گومىنداڭ بى-لەن گۇڭچەنداڭنى كېلىشتۈرۈۋاتقان ۋاقتى ئىدى). بۇنداق قى-لىش 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئۇچۇقتۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.

ئوسمان شېرىكلىرىنى توپلاپ، موڭغۇلىيە چېگراسىنى پاراكەندە قىلىشمۇ، موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى تەرىپىدىن چې-كىندۈرۈلدى. ئاتلىق 5 - كورپۇس ئەسكەر ئېۋەتىپ، قۇرال-ياراق بىلەن تەمىنلەپ، ئوسماننىڭ قالدۇقلىرىنى توپلاپ، گۆچۈڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئىچىدە مەشىق قىلدۇرۇپ، چېگرانى يەنە قالايمىقان قىلىشقا ئېۋەتتى. ئۇلار بىر قانچە قېتىم بېسىپ كىرسىمۇ يەنىلا چېكىندۈرۈلدى. مۇشۇ جەرياندا

ئازدۇر - كوپتۇر غەنىمەت ئالدى. غەنىمەت ئالغان قۇرال -
ياراقلارنى ئايرۇپلان بىلەن نەنجىڭگە ئېۋەتىپ، ھەدەپ چوقان
كوتەردى. ئۇلار موڭغۇلىيە دولەت مۇداپىئە قوشۇنلىرى ئىشلەت-
كەن قۇراللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن دەپ جار سال-
دى. ئۇلار بەيتىككە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئوزىنىڭ
ئورۇنلاشقانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق
جۇمھۇرىيىتىنى كۇشكۇرتۇپ شىنجاڭغا تەجاۋۇز قىلىشقا قارشىلىق
كورسۇتۇش ئۇچۇن بولدى دەۋالدى. مانا بۇ ئەكسىيەتچىلەر -
نىڭ ئوزلىرى پەيدا قىلغان ئاتالمىش «بەيتىك» ۋەقەسىنىڭ
ھەقىقى كورۇنۇشى. بۇ شۇنداقلا ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىن كەتكەن-
دىن كېيىنكى «بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن قولغا
كەلتۇرۇش» سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققى قىلىشى.

ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، تۇرپان، توخ-
سۇن، پىچان ناھىيىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى قۇ -
راللىق قوزغىلاڭ كوتەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماپېڭشياڭ
ئەسكەر ئېۋەتىپ باستۇردى، خالىغانچە بۇلىدى، قىردى، ھەتتا
«كارىزلارغا يۇشۇرنىۋالغان بۇخرالارمۇ ئەمىن تاپالمىدى. شۇ -
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئالەمدىكى مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە»
دىگەن ئەكسىيەتچىل شۇئارلارنى كوتۇرۇپ چىقىپ، ئالدامچىلىق
بىلەن تەشۋىقات يۇرگوزۇپ سىنىپىي كورەشنى ياپتى. بۇ يەنىلا
«بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن قولغا كەلتۇرۇش» سى-
ياسىتىنىڭ داۋامى. ياپون جاھانگىرلىكى گويجوغا بېسىپ كىر-
مىشئالدىدا، جىياڭجيېشىنىڭ تاشلىۋەتكەن خوتۇنى بىلەن ۋۇ -

جۇڭشىننىڭ چوڭ خوتۇنى پانا تىلەپ لەنجۇغا كەلگەندە ما-
بۇفاڭ كارامەت ئازادە كۈتۈۋالغان ئىدى. غەربىي - شىمال ئا-
زات بولۇشى ئەرپىسىدە، مابۇفاڭ گوجىچاۋنىڭ ئورنىغا غەربىي-
شىمالنىڭ ھەربىي مەمۇرى باشلىقى بولۇشىغا، يۇقۇرقى ئىشلار-
نىڭ شاراپىتى بىلەن ۋۇجۇڭشىن ئارىغا چۈشكەن ئىدى.

## ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئولكىلىك پىرقە

ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى ئولكىلىك پىرقە شىڭشىسەينىڭ
جىياڭجېيشىغا يېقىنلاشقان دەۋرىدىكى پىرقە بىلەن سېلىشتۇر-
غاندا، قۇرۇق ھەم سۇغاق يامۇلغا شۇنداقلا ئىشپىيونلار ئوچۇق-
ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ۋۇجۇڭشىن ئولكىلىك پىرقىنىڭ قوشۇمچە مۇدىر ھەيئەت-
لىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئەلۋەتتە دېتىغا ياقىدىغان شۇجى-
جاڭ (سېكرېتار) قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ قول
ئاستىدا ئۇزۇن ئىشلىگەن بولغۇنۇم ئۈچۈن مېنى قول - چوماق
قىلىشنى ئۈمىت قىلاتتى. ئەمما ئۇزۇن ئوتمەي چېن لىفۇ، چېن شىخاۋنى
شۇجىجاڭ دەپ ئېلان قىلدى. ۋۇجۇڭشىن جوكۇنتيەن، زىڭ-
شاۋلۇ ھەمدە مىللى خادىملاردىن قاسىم ھاجى، مانجۇلاردىن
گۇاڭلۇ قاتارلىقلارنى ئولكىلىك پىرقەنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا
تولۇقلاپ كىرگۈزدى. چېن لىفۇ ئېۋەتكەن شېيۇگسۇن (جوگتوگ-

نىڭ شىنجاڭدىكى كاتىپۋىشى) تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى
سۇڭ فۇشىڭلار شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. چېن شىشاۋ ئەڭ
ئاخىرىدا شىنجاڭغا كەلگەندە مەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارى-
سىغا باشلىق بولدۇم.

سوراق قىلىش ئۇمىگىنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرى جۇڭ-
تۇڭ ئادەملىرى ئىدى. سوراق قىلىش ئۇمىگى ئىشلەتكەن
مەخسۇس دېيەنتەي ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇلار
شېڭ يۇڭسۇنىڭ قوماندانلىقىدا، تۈرمىدىكى ئىلغارلارغا مايىل
كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، پارچىلاش ۋە كوممۇنىستلارنى قا-
نۇنسىز سوراق قىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش ئىشلىرىنى خېلى ئىشلىدى.

1945 - يىلى 5 - 6 - ئايلاردا گومىنداڭ مەركىزىي
كومىتېتى 6 - قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. خۇاڭ رۇجېن، لىن جىيۇڭلار
گەرچە 6 - قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەس-
ئۇت قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يىغىن ئىچى ۋە سىر-
تىدا شېڭ شىسەيگە قارشى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. جياڭ جېيشى
شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىپ: «شېڭ شىسەي شۇنچىۋالا خاتا-
لىقلارنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پۈتۈن شىن-
جاڭنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى» دېدى.
شېڭ شىسەينىڭ تەختتىن ئاغدۇرۇلغانلىقى ئاساسەن 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن بولغان ئىدى. بۇ توھپىنى
باشقا ھېچقانداق كىشى ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدۇ. شىنجاڭ جياڭ-
جېيشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلمىدى. ئەكسىنچە بىر نەچچە يىل ئۆت-
كەندىن كېيىن خەلققە - ئەسلى ئىگىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

«چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن» شىڭ شىسەينىڭ تارىخىنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىنىپ، خەلق تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلاندى.

تەشۋىقات جەھەتتە، ھەپتىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتىنى كېڭەيتىپ ئوتكۈزۈش ئارقىلىق سەنمىنجۇيىنى تەشۋىق قىلىش - يەنىلا بىر مۇھىم شەكىل ئىدى. لېكىن ۋۇجۇڭشىن پەقەت سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ۋە جياڭجيېشىنىڭ تەشەببۇس قىلغان يېڭى ھايات ھەركىتى، خەلقنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغۇتۇش ھەركىتى قاتارلىق خاتىرە يىغىنلىرىنىلا ئۆزى قاتنىشىپ رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەدەنىيەت، سەنئەت سېپىدە ھەر مىللەت خەلقىنى زەھەرلەش ۋە قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1945 - يىلى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسى شىنجاڭ مىللىي ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. قەمبەرخان قاتارلىق مەشھۇر ناخشا - ئۇسۇلچىلارنى ئوز ئىچىگە ئالدى.

بۇ ئۆمەكنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئاساسەن جياڭجيېشىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان ئەكسىيەتچى فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى كوز - كوز قىلىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۆلكىلىك پىرقە بىلەن مائارىپ نازارىتى رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى زەھەرلەش ۋە تالىشىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئاتالمىش ئاق ئورۇسلار، ئوكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسىيىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن رۇسلار بولۇپ، جىن شۇرېن ئۇلارنى «ئاق ئورۇس ئارمىيىسى» قىلىپ قۇراشتۇردى. قوماندانى باپىنگوت ئىدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى

تارتىپ ئالغاندا ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ھەل قىلغۇچ رول
ئوينىدى. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ «سىياسىي قوغداش» ئورگان-
لىرى ياپونگۇتىنىڭ گېرمانىيىلىك بولۇپ، گېرمانىيە جاھانگىرلىگ-
نىڭ خەلقارا جاسۇسلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان (ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا بۇ ئەنزە ئۇنىڭغا ئىۋال قىلىنمىغان) لىگىنى
سېزىپ، قولغا ئېلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. قېپقالغان ئاق
ئورۇسلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پورولېتارىيات ئىنقىلابىغا ۋە
چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرغۇچىلار دېگەن نام بىلەن - جۇڭ-
گو تەۋەلىكىدىكى ئوتكەن مىللەت دەپ قارىلىپ شىنجاڭدىكى
13 مىللەتنىڭ بىرى ھىساپلانغان. ئۇ چاغدىكى خەنزۇ ھۆكۈم-
رانلار گورۇھى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتكەن رۇس مىللىتىگە بەك
ئەھمىيەت بېرەتتى. مەن ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى
بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر رۇس قىزنى (ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىس-
مى يۈيىچې ئىدى) ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، بىز ئەر-
خوتۇن ئىككىمىز رۇسچە تىل ۋە تانسا ئۆگەندۇق. ۋۇ جۇڭشۇن-
نىڭ قەيىنى ئىنىسى، شىن ياۋلىنمۇ بىر نەپەر ئاق ئورۇس قىزى
-روبا دېگەننى رۇسچە تىل ئوگۇتۇشكە تەكلىپ قىلدى. كېيىن
بىر - بىرسىنى ياقتۇرۇپ توي قىلدى. 1946 - يىلى 6 - 7 -
ئايلاردا. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، مۇشۇ ئاق ئورۇسلارنىڭ
دولەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ئوزىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ھەل
قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ نوپۇس تەۋەلىكى خىزمىتىنى
ئولكىلىك ساقچى ئىدارىسى ئىشلىگەن ئىدى. ئاڭلىشىمچە ساق-
چى ئىدارىسى بىلەن ئاق ئورۇسلار ئوتتۇرا مەكتىۋى ئايرىم

هالدا تىگى-تەكتىنى ئىگەللەپ كورۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ ۋە ئاق ئورۇسلار سوۋېت تەۋەلىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىمايدىكەن دەپ يەكۈن چىقاردى. قارىغاندا تەكتىنى ئىگەللەش نامى بىلەن ئۇلارنى پاسسىپ قارشىلىق كورسۇتۇشكە قوزغاتقان.

## ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشياۋلياڭنىڭ زىدىيىتى

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭجېيشى بىلەن يېقىنلاشقاندىن بۇيان، 8-جەڭ رايونىنىڭ قوماندانى جۇشياۋلياڭ جياڭجېيشىگە ۋاكالىتەن شىڭ شىسەي بىلەن ئالاقە قىلدى. بولۇپمۇ ئاۋغۇست ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇشياۋلياڭ ئوتتۇرىدا كولدۇرلۇتۇپ يۈرۈپ ئاخىرى شىڭ شىسەينى چۇڭچىڭغا يولغا سالدى. 1944-8-ئاينىڭ ئاخىرىدا چۇڭچىڭ هوكۇمىتى ۋۇجۇڭشىننى شىنجاڭنىڭ رەئىسى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە يۈرەك توختىتالماي، جۇشياۋلياڭنى ۋاكالىتەن شىڭ شىسەيدىن ئۆلكىلىك هوكۇمەت بىلەن ئامانلىقنى قوغداش سىلىكىبۇسىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنى هاۋالە قىلدى. شۇڭا جۇشياۋلياڭ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە خىزمەت كورسەتتىم دەپ ئوزىگە تەمەننا قويۇپ، «تيانشاندىن 9 قېتىم ئوتتۇم» دىگەن مەزمۇندا شېئىر يېزىپ ماختانغان. ۋۇجۇڭشىن جۇشياۋلياڭغا نىسبەتەن باشتىن-ئاخىرغىچە

پايدىلىنىش، ھورمەت قىلغان بولۇپ، ئۆزىنى قاچۇرۇش پوزىت-
سىيىسىنى قوللاندى. ئۇ شىنجاڭغا كىلىپلا يېڭى زالىنىڭ خوجا-
يىنى سۈپىتى بىلەن يېڭى زالغا (شىندالۇ) ئورۇنلاشتى. جۇ-
شياۋلياڭ ئۇزۇن مۇددەت دۇڭخۇايۈەن (شەرقى باغچا)دا
قانائەت قىلىپ ئولتۇردى. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا
خوجايىن بىلەن مېھمان دىگەن پەرق چىقىپلا تۇراتتى. يۇقۇر-
دىكىلەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركۈلۈش- زىددىيەتلەرنىڭ
مۇقەددىمىسى ئىدى.

ئەمەلى كۈچ جەھەتتە: جۇشياۋلياڭ گەرچە سىلىڭگۇەن
(قوماندان) بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قوماندانلىق قىلىدىغىنى خۇ-
زۇڭنەن قىسىملىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە
ئۇ قۇرۇق جازا ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋۇجۇڭشىنىڭ چىڭخەي-
دىن كەلگەن ئاتلىق 5 - كورپۇستىن ئىبارەت ئارقا تىرەكى بار
ئىدى. ئادەملەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە، جۇشياۋلياڭ گەرچە جياڭ
جيېشىنىڭ جاھىل مۇرىدى بولسىمۇ، جياڭجيېشىنىڭ قول ئاس-
تىدا ئىشلىگۈچى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋۇجۇڭشىن بىلەن جياڭ
جيېشى بىر- بىرى بىلەن ئېغىز- بۇرۇن يالىشىدىغان، ئاكا -
ئۇكا بولىشالىغان. بىر- بىرىگە، خوتۇن - بالىلىرىنى ھاۋالە قى-
لىشىدىغان، خۇددى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك ئىدى. شۇڭا
ۋۇجۇڭشىن ھېچنەرسىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. بولۇپمۇ جۇشياۋ-
لياڭنىڭ لەنجۇدا ئابرويى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئىدى. خوتۇنى
قىزى، ئەيشى- ئىشرەت، كەيپى - ساپاغا بېرىلىپ، باشقىلارنى
ئالداپ يانچۇق تولدۇرۇش يولىدا قىلغان ئەسكىلىكى ئالەمگە

يۈز كەتكەنلىكتىن جىياڭجيېشى بۇنىڭدىن بەك نارازى ئىدى. ۋۇجۇگشىن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلمىدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، جۇشياۋلياڭدىن قىلچىمۇ تەپ تارتمايتتى.

ۋۇجۇگشىن بىلەن جۇشياۋلياڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى، زاڭ ماللىرىنى تالىشىشتىن باشلانغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ۋۇجۇگشىن دەسلەپتە ھەربىي مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ شىنجاڭدىكى باۋئەن سىلىڭبۇ (ئامانلىقنى ساقلاش شتاۋى) خىزمىتىنى جۇشياۋلياڭنىڭ ۋاكالىتەن ئۆتەپ مېڭىشىغا ھاۋالە قىلغان ئىدى. كېيىن ئۆلكە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇق جازا ئىكەنلىكىنى، باۋئەن سىلىڭبۇنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى دۇبەن مەھكىمىسىدە نۇرغۇن سوغا - سالام بۇيۇملىرى بارلىقىنى (مەسىلەن يۇڭ ئەدىيال، كۆچار كورپىسى. دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، كەمپۈت - شوكولات ۋە ھاراقلار بار ئىدى) بىلىپ، باۋئەن سىلىڭلىق ۋەزىپىنى جۇشياۋلياڭدىن ئېلىۋالدى. شىڭشىسەينىڭ 10 نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭ خەلقىنى تالان - تاراج قىلىپ توپلىغان دۇبەن مەھكىمىسىدىكى بۇيۇملارنى ۋۇجۇگشىن ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، قىسقىسى جۇشياۋلياڭدىن مەزكۇر زاڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا كەڭتاشا ئىشلەتتى. دېمەك بۇ زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپى بولاتتى.

شۇنىڭدەك ۋۇجۇگشىن بىلەن جۇشياۋلياڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كادىرلار جەھەتتىمۇ بار ئىدى. 8 - جەڭ رايونى باش نازارەتچىسى بەنيۇ، ئەسلىدە جۇشياۋلياڭنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ «مال - مۈلۈكلىرىگە قارىغۇچى بالا» ئىدى. شۇن-

داقالا جۇشياۋلياڭنىڭ تىپىك مالىيى ئىدى. جۇشياۋلياڭ بىنيۇيى شىنجاڭ مالىيە نازىرى قىلماقچى بولدى. ۋۇجۇڭشىن بۇنىڭغا ئېتىراز قىلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جۇشياۋلياڭنىڭ 1 - نومۇرلۇق ياخشى كورۇدىغان ئادىمى جاڭشۇەنزىنى ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىگە تەييارلىق كورۇشى ھەيئىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ئۈزۈنغىچە ئارقىغا سۈرۈپ شەھەر تەسىس قىلمىدى. ۋۇجۇڭشىن ئوز ئادەملىرىنى باشلاپ داغ - دۇغا بىلەن جۇڭچىڭدا ئېچىلغان 6 - قۇرۇلتايغا ماڭغاندا، ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ رەئىسلىكىگە بىلەن ئولكىلىك پىرقىنىڭ مەسئۇل ۋەزىپىسىنى زىڭشياۋلۇ بىلەن جىنشياۋشەنلەرنىڭ مۇۋەققەت باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، «شىنجاڭ گېزىتى» قىسقا ئوبزور شەكلى بىلەن «مۇشتىرىلاردىن كەلگەن خەت» نامىدا بەنيۇ بىلەن جاڭشۇەنزى قاتارلىقلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى؛ ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدە شەھەر تەسىس قىلىندى. جاڭشۇەنزىنى شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلىمىدى. دېمەك بۇ ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشياۋلياڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يەنىمۇ تەرەققى قىلىشى ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا جياڭجيېشى ۋۇجۇڭشىن بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بار گوجىچياۋنى 8 - جەڭ رايونىنىڭ مۇئاۋىن قۇماندانلىقىغا يوتكەپ، جۇشياۋلياڭنىڭ ئورنىغا قويدى. جۇشياۋلياڭ شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىن كەتتى.

# 4 - ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ گېزىتى

ئۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىردىن - بىر چوڭ گېزىت ئىدى. ئۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، رۇس تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلاتتى. قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا شۆبىسى بار ئىدى. ئەسلەپ كۆرسەم مەن مەسئۇل بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 3 - 4 يۈزگە يېتەتتى. دىمەك ئىشچىلار سىنىپى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئورۇن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيەسى شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل خىزمەت ئىشلىگەن، شىڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا بولغان رەھبەرلىك رولىنىڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بار - يوقلىقىنى بىر نىمە دېيىش ناھايىتى قىيىن، مەن ئۇ چاغدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. ئاز بولمىغان ئەكسىيەتچىل سوز - ماقالىلىرىم ۋە ھەرىكەتلىرىم بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئارىلىقتىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەسلەپ كۆرگەن بولسامۇ، ئىسىمگە كەلگەنلىرى چەكلىك

بولدى. پەقەتلا شۇ چاغدىكى ئۇزەمچە خوشاللىنىپ يۈرگەن ياكى ماجرا بولغان ۋەقەلەر بىلەن سوزلەرنىلا ئەسلىيالىدىم. بۇ ئىشلارنىڭ كوپۈنچىسى گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ئىدى. قولۇمدىكى چەكلىك بولغان ماتىرىياللار بويىچە يېزىپ، ئازدراق بولسىمۇ يىپ - ئۇچى بىلەن تەمىنلەشنى مەخسەت قىلدىم. شىنجاڭلىق يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈپ تولۇقلىشىنى ۋە تۈزۈتۈپ قويۇشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

## «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەشكىلى ۋە كادىرلىرى

ۋۇجۇڭشىن 1944 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭغا كەلدى. ئۇچاغدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىغى سۇڭ نىيەنسى بىلەن مۇئاۋىن باشلىغى لىشياگيۇلەر تۈرمىدە ئىدى. ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ھەيئەتى قوشۇمچە رەئىس ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جۇكۇنتيەن گېزىتخانىغا قوشۇمچە باشلىق بولدى. ئۆلكىلىك پەقىنىڭ شۇجىجاڭى، ھەيئەت ئەزالىرى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بىرتەرەپتىن مىنى داۋاملىق مۇۋەققەت شۇجىجاڭ بولسەن دىدى. چىنلىغۇ يېڭىدىن تەيىنلىگەن شۇجىجاڭ چىنشىخاۋ شىنجاڭغا يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندا، ئاندىن مىنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىغى قىلىپ يوتكىدى.

« شىنجاڭ گېزىتى » ئىدارە باشلىغى، مۇئاۋىن باشلىغىنىڭ قول ئاستىدا تەھرىر بولۇمى ۋە جىڭلىبۇ تەسىس قىلىنغان ئىدى. تەھرىر بولۇمىدە باش تەھرىر بولۇپ بۇنىڭغا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، مۇڭغۇل، رۇسچە تەھرىر ئىشخانىلىرى قارايتتى. جىڭلىبۇ قارمىغىدا باش جىڭلى بار ئىدى. ئۇنىڭغا خوجىلىق، بۇغالتىرلىق، تارقىتىش، ئېلان بولۇملىرى قارايتتى. ھەمدە باسما ۋە قەغەز زاۋۇتلىرى قارايتتى گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى قوشۇمچە باش تەھرىر لاگداۋخىنىڭ، باش جىڭلى تيەنشىڭجۇ ئىدى.

لاگداۋخىنىڭ بولسا، ۋۇجۇگشىنىڭ كەييۇدىنلىك يۇرتتەشى بولۇپ، شىڭشىسەي بىلەن بىللە ياپونىيىدە ئوقۇغان ھەمدە «ماركسىزىم - لېنىنىزىمنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» دېگەنگە ئوخشاش پائالىيەتلەرگە بىرلا ۋاقىتتا قاتناشقان، كېيىن شىڭشىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. 10 يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆزىنىڭ 3 تىن 2 قىسىم ۋاقتىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەم ھەم سەمىمى ھەم يۇۋاش ئىدى، ھەمدە سىياسى قارا نىيىتى يوق ئادەم ئىدى. باش جىڭلىنى ئەسلىدە جۇكۇنتيەن تاللاپ ئورۇنلاشتۇرغان، يۇمۇلاق تاۋۇز ئادەم بولغۇنى ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمىز راسا كېلىشىپ كېتەلمەتتۇق. ئۇچاغلاردا قەغەز ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. ھەرقايسى ئىدارە باشلىقلىرىغا «مەركەز» دېكى ئورگانلارغا ئىچكى ئولكىلەردىكى مۇشتەرىلارغىلا ئاق قەغەزگە بېسىپ تارقىلاتتى جەمىيەتكە تارقىتىلىدىغىنى ئۆز يېزىدە ئىش-

لەنگەن سامان قەغەزگە بېسىلاتتى «شىنجاڭ گېزىتى» باسماخانىسى-ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى بىردىن-بىر كۆلەمى چوڭراق باسما زاۋۇتى بولۇپ گېزىت باسقاندىن تاشقىرى، ئىجتىمائىي نەشرىياتچىلىق كەسپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، سىرتقا قارىتا ئاشكارا تىجارەت قىلاتتى.

## «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش بولمىغان ذاڭجېنى

ۋۇجۇڭشىن، جۇشياۋلىياڭلار ئەككى يۈزلىمىلىك «خوشنە-دارچىلىق» سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى» نى قاتتىق كونترول قىلاتتى. گېزىتخانا جۇڭگىياڭشې (مەركىزى ئاگېنتلىق) نىڭ ھەر خىل قىسقا خەۋەر تېلېگرام-لىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، كۈن ئارىلاپ ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشياۋلىياڭنىڭ كۆرۈشىگە ئاپىرىپ بېرەتتۇق، ئۇ چاغلاردا جىياڭجېشى يابون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا پاسسىپلىق قىلىپ، گوڭچەنداڭغا ئاكتىپ قارشى تۇراتتى، شۇڭا جۇڭگو گوڭچەنداڭىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ماقالىلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار بۇ خىل ماقالىلارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلمايتتى.

گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرمىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن ئۇلار «ئۆي ئىچىدىكى سەتچىلىكنى سىرتقا يايماسلىق» دېگەن كۆز قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاكا-ئۇكا يول تالاشقاندەك گومىنداڭ

بىلەن گۇگچەنداگىنىڭ تالىشىشىنى « ئويدىكى سەتچىلىك » دەپ تونۇيتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى « يات ئادەملەر » دەپ قارايتتى. ئۆز ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرانى تېچ يول بىلەن ھەل قىلالمىساق « يات مىللەت » لەرگە قانداق قىلالايمىز دەپ قارايتتى. مەن شىنجاڭ گېزىتىگە مەسئۇل بولغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ بۇ سىياسىتىنى ئەس-تايىدىل ئىزچىللاشتۇردۇم. ۋۇجۇگشىن گومىنداگىنىڭ 6 - قۇرۇل-تىيىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ باش كاتىۋى جاشىجى « مۇشتىرىلاردىن خەت » شەكلى بىلەن « شىنجاڭ گېزىتى » دە جۇشياۋلياگىنىڭ سەنمۇجاگى شاڭ چاۋجۇگىنىڭ كىچىك ماشىنا بىلەن بېشى قايغان يەرگە قاتىراپ پاھىشە ئويناپ يۈرگەنلىكىنى، بەن جېن بىلەن جاڭ شۈەنزىلەرنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي بازىنىڭ جەڭلىسى مايەنجاڭ بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ ھەربى ئايرۇپىلان ۋە ئاپتوموبىللاردىن پايدىلىنىپ قوشۇمچە سودىگەرچىلىك قىلىپ، ئالتۇن ئېلىپ ساتقانلىقى، بازارلارنى تىزگىنلىۋالغانلىق پاكىت-لىرىنى پاش قىلدى. مەنمۇ بۇنى قىسقا ئوبزور شەكلى بىلەن قوللىدىم. مەن بۇ ماقالام بىلەن جۇشياۋلياگىنىڭ چىشىغا راسا تەگدىم. ئۇ بىر قېتىملىق پىرقە، ھوكۇمەت، ئارمىيە بىرلەشمە يىغىنىدا گېزىتچىلىك ئۈستىدە توختۇلۇپ « ئۆي ئىچىدىكى سەتچىلىكنى سىرتقا يايماسلىق » نى سەۋەپ قىلىپ بۇ قىسقا ئوبزور ۋەقەسىنى سۈرۈشتە قىلدى. ھەم ئەيىپلىدى. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى غەربىي زالدا ئوتكۈزۈلگەن چوڭ زىياپەتتە

جۇشياۋلياڭنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى تاڭ ۋىدۇڭ مېنى سەھنە ئارقىسىغا چاقىردى. قولىدا تاپانچا، ئاغزىنى بۇزۇپ ماڭا قاتتىق تەھدىت سالدى. بىر كۈنى بىر ئايال مۇخبىر (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم) بىر پارچە ماقالە يازدى. ماقالىسىدا جۇنتۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى كاتتىۋىشى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خوگۇجىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلاردىن 4، 5 قىزنىڭ نومۇسىغا تەككەنلىكىنى پاش قىلغان ئىكەن. بۇ ماقالە توغرىسىدا مەن ۋۇجۇڭشىندىن «يولىۋۇرۇق» سورىغانىدا ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىقىنى، گېزىتكە بېرىش كېرەكمۇ — يوق، تاشلاپ قويسا قانداق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە گەپ قىلدى. مەنىسى «بۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ» دېگەندەك ئىدى. خوجايىنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەن مەندەك سىياسەتۋاز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ماقالىنى باستۇرۇپ قويۇشۇم تەبىئىي ئىدى. شۇ چاغنىڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ھەربىي ئەمەلدار جۇشياۋلياڭنىڭ ئالدىدا ئەيىپكار بولۇشتىن قورقمايتتۇق، ئەكسىنچە جۇنتۇڭ خوگۇجىنىدىن قورقاتتۇق.

## شىنجاڭ گېزىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ «بەيتىك ۋەقەسى» نى پەيدا قىلغان ۋە پىلانلىغانلىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى

توغرىسىدا، ماقالەمنىڭ 3 - قىسمىدا بايان قىلغان ئىدىم. 1946 - يىلى باھار تۈگەپ ياز كېلىۋاتقان ۋاقتى، دەل ئوسمانىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، نەچچە قېتىم بېسىپ كىرىپ، نەچچە قېتىم چېكىنىپ چىققان ۋاقتى ئىدى. شۇ چاغدا، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى ۋە ۋۇجۇڭشىنىڭ سەركاتىۋى جاڭ جىنپېيلەر ئاتلىق 5 - كورپۇس ئوچۇن گۇبياڭچىلىق قىلاتتى، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ پۈتۈن بېتىگە 5 - كورپۇس جۇنجاڭى ماچىڭشاڭنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش توغرىسىدىكى ئېلانىنى باستى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى ئىچىدە پەقەت جياڭجىيېشى بىلەن سوڭمېلىن توي قىلغاندا ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئېلان شەكلىنى قوللانغان ئىكەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەكسىيەتچىلەر ھەدەپ شەرقىي - شىمال مەسىلىسىنى داۋراڭ قىلىشقا باشلىغانلىقتىن، بولۇپمۇ يالتا كېلىشىمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى زىيالىلار سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت 3 دۆلەت ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالىدى. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ماقۇل بولدى ۋە شەرقىي شىمالدىكى ئىككى يول (ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي مانجۇرىيە) ئىككى پورت لۈيشۈن (پورتئارتور) دالىيەن (دايرەن) نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىۋەتتى دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، گۇڭچەندانغا قارشى تەتۈر قۇيۇن چىقاردى. «شىنجاڭ گېزىتى»مۇ ئەلۋەتتە ئارقىدا قېلىشنى خالىمايتتى. لېكىن ئۇلار ئىچكى

ئۆلكىلەرنىڭ گېزىتلىرىدىكىگە ئوخشاش يۈرەكلىك ئىش قىلال-
مايتتى. پەقەتلا ئەسىرگە چۈشكەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيە-
تىنىڭ خادىملىرى بىلەن قوراللىرىدىن ئىبارەت پاكىتىنىلا تۇتۇ-
ۋېلىپ، «كىم - كىملەر ئۈچۈن كەتمەن چېپىۋاتىدۇ - بۇ ئوچۇق
گەپ ئەمەسمۇ» دېگەن تېمىدا بۇرمىلانغان خەۋەرلەرنى مەتبۇ-
ئاتتا ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قورال بىلەن تەمىنلەپ
تەجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە قۇتراتقان دەپ - ھاقارەت قىلدى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى
ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكتىن، جاڭ جىجۇڭ، جاڭ جىنپېينى ۋەزى-
پىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇردى.
(بۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ رەئىس بولغان ئىدى)

## 5 - ئۈرۈمچىدە شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە شەھەرلىك مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى سايلىمىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى

مېنىڭ بىلىشىمچە شەھەرلىك سەن يىخۇي «سايلام» ئار-
قىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۆلكىلىك سەنيىخۇي بولسا ئۆلكە
رەئىسى ۋە خەلق ئىشلىرى نازىرىنىڭ ئادەم كورسۇتۇپ بەل-
گىلەپ بېرىشى بويىچە سايلانغان. مەن ئۆلكىلىك سەن يىخۇينىڭ
ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان بولساممۇ، لېكىن ئۇ چاغدا شە-
ھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىمدىن

بۇ ئىشلار بىلەن كارىم بولمىغان ئىدى. بۇ يەردە مەن پەقەت شەھەرلىك سەنيىخۇيىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىلا توختۇلۇمەن. شەھەرلىك مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى سۆزلەيدىغان بولساق گەپنى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇشتىن باشلاشقا توغرى كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدە شىڭشىسەي دەۋرىدە شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش ھەيئىتى بار ئىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، جۇشياۋلياڭنىڭ كىيوغلى جاڭشىۋەنزى شەھەرلىك ھوكۇمەتكە تەييارلىق كورۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولدى.

1945 - يىلىنىڭ 7 - 8 - ئايلىرىدا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قۇراللىق كۈچلىرى ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كەلگەندە ئولكە مەركىزي تەۋرىنىپ، خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ھەدەپ ئىچكى ئولكىلەرگە قاچقىلى باشلىدى. 9 - 10 - ئايلاردا، چۇڭچىڭ ھوكۇمىتى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قاراتا تېچلىق سوھبىتى ئوتكۇزۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ھەققى بىلىپ تۇرغان بولساقمۇ، جاڭجىژجۇڭنىڭ تېچلىق تەنپەزى ئېلىپ بارىدىغان ۋەكىللەر ئومىگى تېخى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. لېكىن جىددى ۋەزىيەت پەسەيمىگەن كىشىلەرنىڭ يۈرىگى تېخى جايىغا چۇشمىگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئولكىلىك ھوكۇمەت ئۇشتۇمتۇتلا ئۈرۈمچىدە شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

1945 - يىلى 5 - 6 ئايلاردا گومىنداڭ 6 - قۇرۇلتاي

ئېچىۋاتقان مەزگىلدە جياڭجيېشى ئامېرىكا جاھانگىرلىرىگە
تايىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى
كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا جۇڭگو گومىنداڭ تەرەپ،
سىياسىي دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي
سايلامنى يولغا قويۇش، ھاكىمىيەتنى ئوچۇق يولغا قويۇشنى
تەكىتلەۋاتاتتى. ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى خاۋلېيس
يىراق يوللارنى بېسىپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى زى-
يارەت قىلدى. خېرلى قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ بىلەن
گۇڭچەنداڭ مۇناسىۋىتىنى كېلىشتۈرگىسى كېلىپ ئايلىنىپ يۈرە-
تتى. شۇنداقلا جياڭجيېشى ساختا دېموكراتىيە ئويۇنلىرىنى
ئويناپ، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇش، گۇڭچەنداڭنى ئالداشنى
ئاپشۇراتتى. 1944 - يىلىدىكى ئاۋغۇست ئوزگۇرۇش مەزگىلىدە،
خاۋلېيس موسكۋادىن چۇڭچىڭغا بېرىش سەپىرىدە ئۇرۇمچىدە
ئىككى كۈن تۇردى. شىڭشىسەي داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى.
خاۋلېيس بۇ چاغدا بىر زىيابەت سۆزىدە بىر نەچچە جۈملە
سوز قىلىپ، شىڭشىسەينىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىغا
نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خاۋلېيس جياڭجيېشىغا
شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رايون ئىكەنلىكىنى، دېموكراتىيەنى
يولغا قويۇپ ھەر مىللەت خەلقىنى يېنىغا تارتىشنى تەكىتلىگەن،
ۋۇجوگشىنغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە
قىلغاندىن كېيىن، چۇڭچىڭ ھوكۇمىتى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەر-
كىزىدە شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇش، سايلام ئۆتكۈزۈش، يەل

ئاخىرىسىدىن بۇرۇن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك مەسلىھەت كېڭەشمىنى قۇرۇپ بولۇش كېرەك دەپ قاتتىق بۇيرۇق قىلدى. مېنى شەھەر باشلىقىغا كورسەتتى. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ پەقەت خەۋىرىم يوق ئىدى. بۇيرۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يۇقۇرىدىكى جەريانلاردىن خەۋەر تاپتىم. مەن ئەسلىدە «يېڭى مەستانىسى» ئىدىم. بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختا «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» دېگەنلىرىدە چىڭ تۇراتتىم. دەل مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزەمنى بىر كورسۇتۇپ قويماقچى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە ئىجرا قىلىشقا كىرىشتىم.

گومىنداڭنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، شەھەرلىك مەسلىھەت كېڭەشنى «سايلام» ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىشى لازىم ئىدى. ئومۇمى سايلامنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رايونلۇق ھوكۇمەت قۇرۇپ، سايلىنىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىشكە توغرى كەلدى. سايلامغا نازارەت قىلغۇچى دېگەن شاگىدەي بىلەن ئىككىمىز ھەر قانداق كىشىنى سايلاشقا بولىدۇ، دەپ گەپ سېتىپ يۈرگەن بولساقمۇ، شۇنىڭدەك ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئېتىۋار بېرىمىز دېگەننى نىقاپ قىلغان بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە كورسۇتۇلگەن نامزاتلار ئىچىدىن، شەخسەن ئۆزىمىز ياخشى كورىدىغان ئادەملەردىن خوخەنچى بىلەن ۋاكالۇشەنلەرگە بېرىلگەن ئاۋاز كوپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بوش قالغان كاتەكچىلەرگە تولدۇرۇپ قويۇش چارىسى

ئارقىلىق سايلاشقا ئىگە قىلدۇق. بۇ بىر چوڭ ئالدامچىلىق بو-
لۇپ، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسىنىڭ قارا كورۇنۇشلىرى ئىدى.

مەن شەھەرلىك سەنيەخۇيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ
قارارىدىن پايدىلىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنى تالاشتىم. ھەمدە
شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ 3 يىللىق پىلانى، ئارقىلىق،
ئوزەمنىڭ ھوقۇقۇمنى تىرىشىپ كۈچەپ كېڭەيتىشكە ئۇرۇندۇم.
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇخەندۇڭ جۇنتۇڭنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق كاتتىۋىشى بولۇپ، ساقچى باشقارمى-
سىنىڭ باشلىقى خوگۇجىننىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. خوگوجىن
بولسا خورىكى ئۇستۇن، ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان، ئائىلىسىدە
داڭلىق ئاشپىزى بار، مېھماندارچىلىقى جىق، ھالى رەئىستىنمۇ
چوڭ ئادەم ئىدى. مەن شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئەڭ
ئالدى بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە تەگىش
قىلدىم. ۋۇجۇڭشىن ماڭا: «ھازىر ۋەيرانلىق ھالەتنى ساقلاپ
قېلىش مەسىلىسى، سىېنى شەھەرگە باشلىق قىلىشتىن مەقسەت
مۇھىمى سىېنىڭ سالاھىيىتىڭنى يېتىشتۇرۇش، ئىچكىرىگە قايتىپ
بارغاندىن كېيىن ياخشىراق چىقىش يولى تېپىۋېلىشقا ياردەم
بېرىش، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئوزگەرتىش، ھازىر
پەيتى ئەمەس» دېدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ چاغدا مېنىڭ يې-
شىم كىچىك تارىخىم قىسقا بولغاچقا، ليۇخەندۇڭ ماڭا تېز پۈ-
كۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم، شۇڭا ساقچى ئىدا-
رىسىنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدۇم.

شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ 3 يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى، گەر-
چە شەھەر قۇرۇلۇشى پىلان ھەيئىتى سەنيەخۇيىدا ئوتتۇرىغا قوي-

غان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنى ئۆزەم تۈزەپ چىققان نەرسەم ئىدى. ئەسلى پىلاندا پۈتۈن شەھەرنى سىياسى، مەدەنىيەت، سودا، سانائەت، ئولتۇراق جاي، مەنزىرىلىك جاي دەپ بىر قانچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش رايونى قىلىپ قۇرماقچى ئىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىدى. يوللارنى كېڭەيتىپ ياساش، ئۈرۈمچى دەرياسىنى رېمونت قىلىش، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش شىركىتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكچى بولغان ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بۇ ئويلىغىنىمىز بىرخىل ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خام خىيال بولۇپ، ئاساسەن خەلقنى ئالداش ئىدى.

تۇرسۇننىياز تۇردىيوۋ تەرجىمىسى

统一书号：M11098·93
定　　价：　　0.54元